# كيف عاملهم

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلە ئەخلاقى

## 2- توم

مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئىلھام

ھەسسان غازى

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

# كيف عاملهم

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلە ئەخلاقى

## 2- توم

مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئىلھام　　ھەسسان غازى

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە

**3- بۆلۈم** پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................................ 2

1- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېيىپلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى .......... 3

2- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بالا-مۇسىبەتكە يولۇققانلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................................ 36

3- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەمبەغەللەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ...... 82

4- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بايلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........... 174

5- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................................ 222

6- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تالانتلىق كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى 298

7- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋاگەرلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق ھۆكۈم قىلغانلىقى ........................ 356

# 3ـ بۆلۈم

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

## 1 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېيىپلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

الله تائالا ئىنسانلارنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ چىراي ۋە شەكىللىرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق قىلغاندەك، بەدەن، رەڭ ۋە قابىلىيەتلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلمىغان.

الله تائالا بىر قىسىم كىشىلەرنى بەزى ئەزالىرىدىن ئايرىش بىلەن ئىمتىھان قىلغان بولۇپ، كۆز ياكى قۇلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان، بىر ياكى بىرقانچە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقاتقان كىشىلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

نورمال ئىنسانلاردەك تەپەككۇر قىلالمايدىغانلارمۇ ھەم شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەلۋەتتە، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مېيىپ كىشىلەر بولىدۇ. ئۇ كىشىلەر بۇ سىناقتا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقتۇر. مەسىلەن: كۆزى ئالغاي كىشى كۆزى پەقەت كۆرمەيدىغان كىشىگە قارىغاندا سىناق جەھەتتە يەڭگىل بولىدۇ؛ پۇتى توكۇر كىشى پۇت ـ قولى ئۇزۇلۇپ كەتكەنلەرگە قارىغاندا سىناقتا يەڭگىل بولىدۇ. بۇلاردىن يەڭگىل سىنالغىنى ئېغىر سىنالغىنىدىن، پۈتۈنلەي ساغلام كىشى بولسا يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن ئىبرەت ئالىدۇ.

الله تائالا ھەرقانداق بىر ئىنسانغا سانسىزلىغان نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن الله قا ھەردائىم چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتىشىمىز لازىم. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَتَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ «سىلەر الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) كۇفرىلىق

قىلغۇچىدۇر»[1].

ئەمما، الله تائالا بۇ مېيىپ كىشىلەرگە (مېيىپ ئەزاسىنىڭ ئورنىغا) باشقا بىر نېئمەتنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن. مەسىلەن، قارىغۇ كىشىنىڭ كۆپىنچە ئىنتايىن زېرەك ۋە ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز، ئۇلار سەزگۈر ئاڭلاش ئىقتىدارى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلالايدۇ.

بەزى ئەقىلسىزلەر «مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئۇلارنى داۋالاش ۋە ئۇلارغا ئىقتىساد سەرپ قىلىشتىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟» دېيىشىدۇ. شەكسىزكى، بۇ خىل قاراش الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، الله نىڭ ھۆزۈرىدىكى ئەجىر-ساۋابنى ئۈمىد قىلمايدىغان، ئىنسانىي ئەخلاقتىن ئىنتايىن يىراق كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدۇر.

ئەمما، الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر «ئارىمىزدا مېيىپ ۋە ئىمتىھان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ بولۇشىدا نۇرغۇنلىغان ھېكمەت ۋە پايدىلار بار، ساغلام كىشىلەر بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم» دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېيىپ ۋە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بىلەن كۆپلىگەن مۇئامىلىلىرى بولۇپ ئۆتكەن.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەپ، جەننەت بىلەن خۇش-بېشارەت بەرگەن**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إن اللَّه قال: إذا ابتليت عبدي بحبيبتيه فصبر عوضته منهما الجنة» «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىپ كەتسەم ئۇ سەۋر قىلسا، ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن»[2].

[1] سۈرە ئىبراھىم 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى توپلىغان.

«بحبيبتيه» ـــ ئىككى كۆزى دېگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى ئىككى كۆز ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسىدۇر. ئىنسان ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغاندا كۆرۈشنى خالىغان ياخشىلىقنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولالمىغانلىقىغا ياكى يامانلىقتىن ساقلىنالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدۇ.

يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «من أذهبت حبيبتيه فصبر واحتسب لم أرض له ثوابا دون الجنة» : «مەن قايسىبىر بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىپ كەتسەم، ئۇ سەۋر قىلسا ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتتىن باشقا مۇكاپات بېرىشكە رازى بولمايمەن». ① بۇ يەردىكى سەۋر ـــ الله نىڭ سەۋر قىلغۇچىلارغا ۋەدە قىلغان ساۋابىنىلا ئويلاپ تۇرۇپ سەۋر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق.

الله تائالانىڭ بىرەر بەندىنى دۇنيادا ئىمتىھان قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنى يامان كۆرگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بىرەر يامانلىقنى قايتۇرۇش ياكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىش ۋە ياكى جەننەتتىكى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئەگەر بەندە مۇسىبەتكە رازى بولۇپ سەۋر قىلالىسا ئارزۇسىغا يېتىدۇ. ئەگەر رازى بولمىسا، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە بايان قىلىنغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ: «إن مرض المؤمن يجعله الله له كفارة، وإن مرض الفاجر كالبعير عقله أهله ثم أرسلوه، فلا يدري لم عقل ولم أرسل» «الله تائالا مۇئمىننىڭ كېسىلىنى ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھلىرىغا كەففارەت قىلىپ بېرىدۇ. گۇناھكار كىشىنىڭ كېسىلى ئىگىسى باشتا باغلاپ قويۇپ، كېيىن قويۇپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن باغلاپ يەنە نېمە ئۈچۈن قويۇۋەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغان تۆگىگە ئوخشاپ قالىدۇ». ②

---

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا مەۋقۇف ھالەتتە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«عوضته منهما الجنة» «ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن». مانا بۇ ئەڭ ياخشىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كۆرۈپ لەززەتلىنىش دۇنيانىڭ يوقىلىشى بىلەن تۈگەيدۇ، ئەمما جەننەتتە لەززەتلىنىش جەننەتتە ئەبەدىي قېلىش بىلەن مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. الله تائالانىڭ بەندىنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا ئاخىرەتتە جەننەتنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە چۈشىدىغان ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان ھەرقانداق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[1]

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىس بالا ـ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشنىڭ جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. كۆرۈش نېئمىتى بەندىگە نىسبەتەن الله نىڭ ئەڭ بۈيۈك نېئمەتلىرى قاتارىدىن بولسىمۇ، الله تائالانىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا جەننەتنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشى دۇنيادىكى كۆرۈش نېئمىتىدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، دۇنيادا كۆرۈش بىلەن لەززەتلىنىشنىڭ مۇددىتى ئاخىرلىشىدۇ، جەننەتتە بولسا مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.[2]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «يود أهل العافية يوم القيامة حين يعطى أهل البلاء الثواب لو أن جلودهم كانت قرضت في الدنيا بالمقاريض» «قىيامەت كۈنى، دۇنيادا مۇسىبەت يەتكەن كىشىلەرگە ساۋاب بېرىلگەندە، مۇسىبەت يەتمەي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر: <دۇنيادىكى چېغىمىزدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن بولسىمۇ كېسىلگەن بولسىچۇ!> دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدۇ».[3]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ كېسەل كىشىلەرنىڭ ساقىيىشىغا دۇئا قىلاتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر

---

[1] «فتح الباري» 10 ـ توم 116 ـ بەت.

[2] «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 9 ـ توم 377 ـ بەت.

[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كېسەل كىشىنىڭ قېشىغا كەلسە ياكى كېسەل كىشى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىنسە: «أذهب الباس رب الناس اشف وأنت الشافي لا شفاء إلا شفاؤك شفاء لا يغادر سقما» «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى الله! ئاغرىقنى كەتكۈزگىن، شىپا بەرگىن. سەنلا شىپالىق بەرگۈچىسەن، سەن بەرگەن شىپادىن باشقا شىپالىق يوق. بىزگە ھېچبىر كېسەلنى قالدۇرمايدىغان شىپالىق ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى.[①]

**مۇھىم پايدا:**

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر — كېسەللىكنىڭ گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى ھەمدە كېسەل كىشىگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن تۇرسا، ساقىيىپ كېتىش ئۈچۈن دۇئا قىلىش بۇ ھەدىسلەرگە زىت ئەمەسمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، دۇئا ئىبادەتتۇر. كېسەل كىشى كېسەل بولغان تۇنجى ۋاقىتتىلا، سەۋرى قىلىش ئارقىلىق ساۋابقا ۋە گۇناھىنىڭ كەففارەت بولۇشىغا ئېرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، دۇئا قىلىش ساۋاب ۋە گۇناھىنىڭ كەففارەت بولۇشىغا زىت كەلمەيدۇ. دۇئا قىلغان كىشى ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىدۇ. دېمەك كېسەل كىشى (قىلغان دۇئاسى ئارقىلىق) كېسەلدىن ساقىيىپ كېتىدۇ ياكى ئۇ كېسەلدىن ساقىيىشنىڭ ئورنىغا پايدىلىق بىر ئىشقا ئېرىشىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن زىيانلىق بىر ئىش چېكىنىدۇرۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ پەزل ـ ئېھسانىدۇر.[②]

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: «ساڭا جەننەت ئەھلىدىن بولغان ئايالنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. مەن: «ھە، شۇنداق قىلغىنە!» دېدىم. ئىبنى ئاببىاس

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] «فتح الباري» 10 ـ توم 132 ـ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئاۋۇ قارا تەنلىك ئايال شۇ. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹مېنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىم بار، بەزىدە يىقىلىپ چۈشىمەن، ئاندىن ئۇستى ـ بېشىم ئېچىلىپ قالىدۇ. مەن ئۈچۈن اللە تائالاغا دۇئا قىلساڭ› دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹إن شئت صبرت ولك الجنة، وإن شئت دعوت اللّٰه تعالى أن يعافيك› ‹ئەگەر خالىسىڭىز سەۋر قىلىڭ، سىزگە جەننەت بار. ئەگەر خالىسىڭىز اللە تائالاغا دۇئا قىلىمەن، ساقىيىپ قالىسىز› دېدى. ئۇ ئايال: ‹ئۇنداق بولسا، سەۋر قىلاي. ئەمما، ئۇستى ـ بېشىمنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن اللە تائالاغا دۇئا قىلساڭ› دېدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ دۇئا قىلدى». [1]

**هوشدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدۇ:**

1. مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىسىنى بىلگىلى بولسىمۇ يەنە بەزىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

2. جىن چاپلىشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جىن ئىنساننى بەزىدە يىقىتىدۇ، بەزىدە تۇرغۇزىدۇ؛ بەزىدە ئولتۇرغۇزىدۇ، بەزىدە يەرگە تاشلايدۇ؛ بەزىدە ئاتىدۇ، بەزىدە ئېگىزدىن تاشلايدۇ؛ يەنە بەزىدە ئويلىمىغان ئىشلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئېغىر ئىمتىھان ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا سەۋر قىلغان كىشى اللە نىڭ ھوزۇرىدا كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

مۇسلىمە ئايالنىڭ يات ئەرلەر ئالدىدا بەدىنىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى، مۇسلىمە ئايالغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتتۇر. بۇنداق كېسىلى بار ئايال

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بەزىدە يول، بەزىدە بازار، بەزىدە ئاممىۋي سورۇنلاردا كېسىلى تۇتۇپ يىقىلىپ قالىدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى كېسىلىنىڭ قايسى ۋاقىت، قايسى ئورۇندا تۇتىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ.

دېمەك، ئۇ ئايال بۇ كېسەلنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلالىغان، ئەمما كېسىلى ئۆزرە ھېسابلىنىدىغان تۇرۇپ ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىنى خالىمىغان. چۈنكى، ئۇ تۇتقاقلىق كېسىلىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئۇ نېمىدېگەن پەزىلەتلىك ئايال ـ ھە!

ئۇ ئايالنىڭ بۇنداق ۋاقىتتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل تاللاش يولى بار ئىدى: بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىگە دۇئا قىلىشى؛ ئىككىنچى، سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىلىگە جەننەتكە كىرىش. شۇڭلاشقا ئۇ ئايال بۇ ۋاقىتلىق دۇنيادىن مەڭگۈلۈك جەننەتنى ئەلا بىلدى، ھېچبىر ئويلانماستىن ۋە ئىككىلەنمەي ئولتۇرماستىن تېزلا جەننەتنى تاللىدى. مانا بۇ ـــ ئۇ ئايالنىڭ مۇستەھكەم ئىمانىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ۋە الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇكاپاتقا قىزىقىدىغانلىقىغا روشەن دەلىل بولىدۇ.

مانا بۇ جەننەت نېئمەتلىرى سۆزلەپ بېرىلسە، خۇددى جەننەت نېئمەتلىرىگە ئېرىشىشنى خالىمايدىغاندەك ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقتەك كەيپىياتتا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ پەزىلىتى ۋە دۇنيا مۇسىبەتلىرىگە سەۋر قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە كىرگىلى بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئەۋزەل ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇنى قىلىشنىڭ رۇخسەتكە ئەمەل قىلغاندىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇنىڭدىن، بارلىق كېسەللەرنى دۇئا قىلىش ۋە الله قا ئىلتىجا قىلىش ئارقىلىق داۋالاشنىڭ دورا ئارقىلىق داۋالاشقا قارىغاندا بەكرەك ئۈنۈملۈك ۋە

مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بەدەنگە كۆرسەتكەن تەسىرى دورىدىنمۇ كۈچلۈكتۇر. ئەمما، دۇئا قىلىش ۋە الله قا ئىلتىجا قىلىش بىلەن كېسەل داۋالاش تۆۋەندىكى ئىككى شەرت ئاساسىدا ئاندىن ئۈنۈم بېرىدۇ: بىرىنچىسى، كېسەل بولغۇچىنىڭ نىيەتنى توغرىلىشى؛ ئىككىنچىسى، دەۋالىغۇچىنىڭ پۈتۈنلەي الله قا تەۋەككۇل قىلغان بولۇشى، قەلبىنىڭ الله قا باغلانغان ۋە تەقۋالىق بىلەن بېزەلگەن بولۇشىدۇر. الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».[1]

ئوسمان ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئەما كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «الله قا دۇئا قىلغىن! ماڭا شىپالىق بەرسۇن» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «إن شئت دعوت وإن شئت صبرت فهو خير لك» «خالىساڭ دۇئا قىلاي، خالىساڭ سەۋر قىلغىن. سەۋر قىلىش سەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى» دېدى. ئۇ ئادەم: «دۇئا قىلىپ قويغىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرۇدى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ، وَأَتَوَجَّه إِلَيْكَ بِنَبِيِّكَ مُحَمَّدٍ نَبِيِّ الرَّحْمَةِ، يَا مُحَمَّدُ، إِنِّي تَوَجَّهْتُ بِكَ إِلَى رَبِّي فِي حَاجَتِي هَذِهِ، لِتَقْضِي لِي، اللَّهمَّ شَفِّعْه فِيَّ» «ئى الله ! رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ﷺ بىلەن بىرگە ساڭا يۈزلىنىپ تۇرۇپ سەندىن شىپالىق سورايمەن. ئى مۇھەممەد! مەن ھاجىتىمنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن سەن بىلەن بىرگە رەببىمگە مۇناجات قىلىۋاتىمەن. ئى الله ! پەيغەمبىرىڭنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى شاپائىتىنى قوبۇل قىلغىن».[2]

**مۇھىم ئەسكەرتىش:**

بۇ پەيغەمبەر ﷺ نى ۋەسىلە قىلىش (الله قا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ۋاستە

---

[1] «فتح الباري» 10- توم 115- بەت.
[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلىش) بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ اللە قا ھاجەت ئىزھار قىلىشتۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ دىن يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغاندەك، ئۇ ئەما كىشىمۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ كىشىنىڭ «وَأَتَوَجَّهُ إِلَيْكَ بِنَبِيِّكَ مُحَمَّدٍ نَبِيِّ الرَّحْمَةِ» «ئى اللە! رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ﷺ بىلەن بىرگە ساڭا يۈزلىنىۋاتىمەن» دېگەن سۆزى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسى ۋە ماڭا شاپائەت قىلىشى بىلەن ساڭا يۈزلىنىۋاتىمەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا «اللَّهُمَّ شَفِّعْهُ فِيَّ» «ئى اللە! پەيغەمبىرىڭنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى شاپائىتىنى قوبۇل قىلغىن» دەپ كەلگەن.①

❖ **پەيغەمبەر ﷺ كېسەل كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى لايىق سۆزلەر بىلەن ئاتايتتى**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «انطلقوا بنا إلى البصير الذي في بني واقف نعوده. وكان رجلا أعمى» «يۈرۈڭلار بىز بەنى ۋاقىف مەھەللىسىگە بېرىپ ئۇ يەردىكى كۆزى ئۆتكۈر كىشىنى يوقلاپ كېلەيلى».② ئەمەلىيەتتە ئۇ يوقلاپ كەلمەكچى بولغان كىشى ئەما ئىدى.

سۇفيان مۇنداق دېگەن: بەنى ۋاقىف ئەنسارىلارنىڭ بىر مەھەللىسى ئىدى.③

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن يېقىملىق سۆزنى ئىشلەتكەن.

---

① «قاعدة جليلة في التوسل والوسيلة» 2- توم 300- بەت.

② بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ «شعب الإيمان» 9194- نومۇرلۇق ھەدىس.

ئەما كىشىنى «كۆزى ئۆتكۈر» دەپ ئاتىشىغا كەلسەك، ئىمام تەھاۋى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنى ياخشى تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەما كىشىنى <كۆزى ئۆتكۈر كىشى> دەپ ئاتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. الله ئەززە ۋە جەللە قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىشىلەرنى ئەما دەپ ئاتىغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ عَلَى الْأَعْمَى حَرَجٌ﴾ «(جىھادقا چىقالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر»[1]، ﴿عَبَسَ وَتَوَلَّى ۞ أَنْ جَاءَهُ الْأَعْمَى ۞﴾ «يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى [1 ـ 2]»[2].

ئاندىن الله تائالانىڭ ھەقىقىي ئەما كىشىنى باشقا بىر سۈپەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾ «ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)»[3].

[بۇ ئايەتتە، گەرچە كۆزى كۆرمەيدىغان بولسىمۇ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى قەلبى بىلەن ھېس قىلالايدىغان ئەما كىشىنى «كۆزى كۆرىدىغان كىشى» دەپ ئاتاشنىڭ بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دېمەك، بۇ ئايەت ـــ كۆزىلا كۆرىدىغان، قەلب كۆرۈشى بولمىغان كىشىنى ئەما؛ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى قەلبىدە ھېس قىلىپ كۆرەلەيدىغان ئەما كىشىنى بولسا «كۆرىدىغان كىشى» دەپ سۈپەتلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇ كىشىنى ئەما دەپ ئاتىيالايدىغان تۇرۇپ ئۇنى ئەڭ ياخشى ئىسىم بىلەن ئاتىغان].[4]

---

[1] سۈرە نۇر 61 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەبەسە 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھەج 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] «شرح مشكل الآثار» 10 ـ توم 219 ـ بەت.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ساھابىلەرمۇ چايان چېقىۋالغان كىشىنىڭ ساق ـ سالامەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنى «سليم» «سالامەت بولغۇچى» دەپ ئاتىغان.①

يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش، ۋەيران بولۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان شەھەر خەلقىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇ زېمىننى «مفازة» «نىجاتلىق» دەپ ئاتىغان.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ دائىم كېسەل كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە جىسمانىي ئاجىزلىقىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى كەمتۈكلۈك ئۆلچىمى ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشاتتى**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أنه كان يجتني سواكا من الأراك، وكان دقيق الساقين، فجعلت الريح تكفؤه، فضحك القوم منه، فقال رسول اللّه صلى اللّه عليه وسلم: مم تضحكون؟ قالوا: يا نبي اللّه، من دقة ساقيه، فقال: والذي نفسي بيده، لهما أثقل في الميزان من أحد» «مەن ئىراك دەرىخىدىن مىسۋاك يىغاتتىم، ئىككى پاچىقىم بەك ئىنچىكە بولغاچقا شامال پاچىقىمنى ئېچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ماڭا قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن: ‹نېمىگە كۈلۈۋاتىسىلەر؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: ‹ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ ئىنچىكىلىكىگە قاراپ كۈلدۇق› دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: ‹جېنىم قولىدا بولغان زات اللہ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى پاچىقى تارازىدا ئۇھۇد تېغىدىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ› دېدى».③

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىسمىنىڭ ئورۇق ۋە ئاجىزلىقىنىڭ ھېچقانداق زىيىنى بولمىغان. ئۇنىڭ اللہ نىڭ نەزىرىدە ياخشى

① «الإشتقاق لإبن دريد» 1 ـ توم 36 ـ بەت.
② «الزاهر في معاني كلمات الناس لابن الأنباري» 1 ـ توم 331 ـ بەت.
③ ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كۆرۈلىدىغان نۇرغۇن ئىسىل پەزىلەتلىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا گۈزەل ئەخلاق بىلەن پاك قەلبنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشى ئىدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىد مۇنداق دېگەن: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «تەقى - تۇرق ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەڭ ئوخشايدىغان بىرىنى كۆرسىتىپ قويساڭ، (ئىلىمنى) ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن بولساق» دېگەنىدىم، ئۇ: «تەقى - تۇرق ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇممۇ ئەبدىنىڭ ئوغلىدىنمۇ (ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد)تىنمۇ بەكرەك ئوخشايدىغان يەنە بىرىنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

يەنە بىر نەقىلدە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئىچىدە يۈرۈش - تۇرۇش، تەق - تۇرق ۋە مىجەز- خۇلق تەرەپلەردە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەڭ ئوخشايدىغىنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئىدى، ھەتتا ئۇ بىزلەردىن ئايرىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىدە تۇراتتى».

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇپ يەتكۈزىدىغان ساھابىلەرمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى الله قا ئەڭ يېقىن كىشى دەپ سۈپەتلىگەن.[2]

الله نىڭ نەزىرىدىكى ئۆلچەم — شەكىل ۋە تاشقى كۆرۈنۈش بولماستىن، بەلكى گۈزەل پەزىلەت ۋە ياخشى ئەمەلدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورۇق ۋە پاكار ئىدى.

زەيد ئىبنى ۋەھب مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئولتۇراتتىم، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇشتۇمتۇت بىزنىڭ يېنىمىزدا پەيدا بولدى، ئۇ بەك پاكار بولغاچقا سورۇندىكىلەر ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆلدۈرۈپ سۆز قىلىشقا

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆرە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزى نۇرلىنىپ كەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىغا قايتىپ ماڭغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قارىسى يوقىغىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى ۋە: <ئۇ ئىلىمگە لىق توشۇپ كەتكەن كۈپ> دېدى». [1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كېسەل كىشىلەرنى يوقلاپ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇندايتتى**

عن محمود بن الربيع الأنصاري: أن عتبان بن مالك، وهو من أصحاب النبي ﷺ ممن شهد بدرا من الأنصار أتى رسول اللّٰه ﷺ فقال: يا رسول اللّٰه أنا رجل ضرير البصر، وأنا أصلي لقومي، فإذا كانت الأمطار سال الوادي الذي بيني وبينهم لم أستطع أن آتي مسجدهم فأصلي بهم، وددت يا رسول اللّٰه أنك تأتيني فتصلي في بيتي فأتخذه مصلى، فقال له رسول اللّٰه ﷺ «سأفعل إن شاء اللّٰه». قال عتبان: فغدا رسول اللّٰه ﷺ وأبو بكر [زاد مسلم في رواية «ومن شاء اللّٰه من أصحابه»] حين ارتفع النهار فاستأذن رسول اللّٰه ﷺ فأذنت له فلم يجلس حتى دخل البيت، ثم قال: «أين تحب أن أصلي من بيتك؟» قال: فأشرت له إلى ناحية من البيت، فقام رسول اللّٰه ﷺ، فكبر فقمنا فصففنا فصلى ركعتين، ثم سلم، قال: وحبسناه على خزيرة صنعناه له. قال: فثاب في البيت رجال في الدار ذوو عدد فاجتمعوا فقال قائل منهم: أين مالك بن الدخيشن-أو ابن الدخشن-فقال بعضهم: ذلك منافق لا يحب اللّٰه ورسوله، فقال رسول اللّٰه ﷺ: لا تقل ذلك ألا تراه قال: لا إله إلا اللّٰه يريد بذلك وجه اللّٰه؟ قال: اللّٰه ورسوله أعلم، قالوا: فإنا نرى وجهه ونصيحته إلى المنافقين، فقال رسول اللّٰه ﷺ: فإن اللّٰه قد حرم على النار من قال: لا إله إلا اللّٰه يبتغي بذلك وجه اللّٰه

مەھمۇد ئىبنى رەبىئتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۇتبان ئىبنى مالىك ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابە ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قەۋمىمگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرەتتىم،

[1] «سير أعلام النبلاء» 1 ـ توم 436 ـ بەت.

مېنىڭ كۆزۈم ئاجىزلىشىپ قالدى. ناۋادا يامغۇر يېغىپ قالسا، قەۋمىم بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى جىلغىدا سەل ئاقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ مەسجىدىگە بېرىپ ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بېرەلمەيمەن، شۇڭا سەن كېلىپ مېنىڭ ئۆيۈمدىن بىر جايدا ناماز ئوقۇپ بەرگەن بولساڭ، مەن شۇ جاينى نامازگاھ قىلىۋالغان بولسام، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

ــ الله خالىسا شۇنداق قىلاي، ــ دېدى.

ئۇتبان مۇنداق دەيدۇ: ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ خېلى يورۇغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ («سەھىھ مۇسلىم»دا «ساھابىلىرىدىن الله خالىغان كىشىلەر بىلەن» دېگەن سۆزى قوشۇپ نەقىل قىلىنغان) يېتىپ كېلىپ ئىجازەت سورىغانىدى، مەن ئۇلارغا ئىجازەت بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۆيگە كىرىپلا ئولتۇرماستىن:

ــ قايسى جايدا ناماز ئوقۇپ بېرەي؟ ــ دېدى، مەن ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر جاينى كۆرسەتتىم. پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ «الله ئەكبەر!» دەپ نامازغا تۇردى. بىز ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ ئىقتىدا قىلدۇق. ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بەردى، بىزمۇ سالام بەردۇق. نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺنى <خەزىرە> دېگەن تاماق پىشقىچە ساقلاپ تۇرۇشقا تۇتۇۋالدىم. مەھەللىلىك بىرمۇنچە كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ يوگۈرۈپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە لىققىدە ئادەم توشۇپ كەتتى، ئاردىن بىرى:

ــ مالىك ئىبنى دۇخەيشىن كۆرۈنمەيدىغۇ، ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ــ دېگەنىدى، يەنە بىرەيلەن:

ــ ئۇ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇناپىق، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇنداق دېمە! ئۇنىڭ الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ «لا إله إلا اللّه» («الله تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر») دېگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ــ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ ئۇنىڭ الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەنلىكىنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى پەقەت مۇناپىقلارغىلا بېغىشلايدىغانلىقىنى ۋە پەقەت مۇناپىقلار بىلەنلا سۆزلىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ «لا إله إلا اللّه» («الله تىن باشقا ھېچ بىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر») دېگەن كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلدى، ــ دېدى.[1]

«خزيرة» بىر خىل تاماقنىڭ ئىسمىدۇر. ئىبنى قۇتەيبە: «ئۇ تاماق كۆپ سۇغا گۆشنى ئۇششاق توغراپ سېلىپ، گۆش پىشقاندا ئۇستىگە ئۇن سېلىپ ئېتىلىدۇ، ناۋادا گۆش سېلىنمىسا ‹عصيدة› دېيىلىدۇ» دېگەن.[2]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئەما كىشىنىڭ ئىمام بولۇشىنىڭ دۇرۇسلۇقى.

بىر كىشىنىڭ ئۆز كېسىلىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ زارلىنىش ھېسابلانمايدىغانلىقى.

مەدىنە ئىچىدە جامائەت نامىزى ئۇچۇن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىدىدىن باشقا مەسجىدنىڭمۇ بار ئىكەنلىكى.

يامغۇر ياغقاندا، قاراڭغۇ كېچىلەردە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدە ئەھۋاللاردا جامائەت نامىزىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 1 ـ توم 521 ـ بەت.

پەرزلەرتە ئۆزرىسىز تۆۋەن كىشى چاقىرسىمۇ بېرىش لازىملىقى.

ۋەدە قىلغاندا «إِنْ شَاءَ الله » «الله خالىسا» دېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش لازىملىقى.

ئۆيدە ناماز ئوقۇيدىغان مۇئەييەن بىر ئورۇننى بەلگىلىۋېلىپ، ئۇ ئورۇننى «مەسجىد» دەپ ئاتىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ۋەخپە قىلىش كېرەك ئەمەسلىكى.

بەزىدە نەپلە نامازلارنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقى.

مېھمان چاقىرغان كىشىنىڭ يامان كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلسە، بەزى ھەمراھلىرىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنىڭ بولىدىغانلىقى.

ئۆي ئىگىسىگە ئىمام بولۇشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي بولۇپ، ئەمىر بولغان كىشى مېھمان بولۇپ كەلگەن بولسا ياكى ئۆي ئىگىسى ئىجازەت بەرگەن بولسا مېھماننىڭ ئىمام بولۇشىنىڭ چەكلەنمەيدىغانلىقى.

ئىمام ياكى ئالىم مەھەللىدىكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، مەھەللىدىكى باشقىلارنىڭ ئىلىم ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

ئۆزرىسىز جامائەتكە كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش لازىملىقى.

ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى تىلىدىلا سۆزلەپ قويۇشىنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقى.

شاھادەت ئېيتىپ ۋاپات بولغان كىشىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقى.

الله تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەپ قىلىنغان ئەمەلنى الله تائالا قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇ ئەمەلنىڭ ئۆز ئىگىسىنى قۇتقۇزالايدىغانلىقى.

بىر كىشى ئۆزى بىلىدىغان پاكىتقا ئاساسەن يەنە بىر كىشىنى مۇناپىق

ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىم بىلەن ئاتىغان بولسا، ئۇ ئاتىغۇچى كاپىر ۋە پاسىق دېيىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى تەئۋىلگە (ئۆز كۆزقارىشىنى قوللاش ئېھتىمالىغا) تايانغان.[①]

**مۇھىم پايدا**

ئۆيدىكى مەلۇم بىر ئورۇننى مەخسۇس ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىۋېلىش ئابدۇراھمان ئىبنى شىبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە خىلاپ دەپ قارىلامدۇ؟

ئابدۇراھمان ئىبنى شىبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «نهى رسول اللَّه صلى اللَّه عليه وسلم عن ثلاث: عن نقرة الغراب، وعن فرشة السبع، وأن يوطن الرجل المكان الذي يصلي فيه كما يوطن البعير» «پەيغەمبەر ﷺ تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن توسقانىدى: ① نامازنى قاغا دان چوقۇغاندەك ئالدىراپ ئوقۇش؛ ② سەجدە قىلغاندا خۇددى يىرتقۇچ ھايۋان بىلەكلىرىنى يەرگە قويغاندەك بىلەكنى چاپلاپ قويۇۋېلىش؛ ③ تۆگىنىڭ بىر ئورۇننى ئۆزىگە خاس قىلىۋېلىشىغا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان جاينى ئۆزىگە مۇقىم قىلىۋېلىشى».[②]

جاۋاب شۇكى، بۇ ئىككى ھەدىس بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، ئۆيدە مۇئەييەن بىر ئورۇننى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مۇقىم قىلىۋېلىش چەكلەنمەيدۇ، ئەمما مەسجىدتە ئۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى مەسجىد پەقەت الله نىڭلا مۈلكىدۇر. مەسجىدتە ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئورۇننى ئىگىلىۋېلىش نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى مەسجىدتە بىر ئورۇننى خاس قىلىۋالغان كىشى ئۇ ئورۇندىن باشقا ئورۇندا ناماز ئوقۇمايدۇ. ئەگەر باشقا بىر كىشى بۇ ئورۇنغا ئۇنىڭدىن ئاۋۋال كېلىپ ئولتۇرسا ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ، بەزىدە ئاۋۋال كېلىپ ئولتۇرغان كىشى بىلەن جېدەللىشىپ مەسجىدتە ئۆزئارا

① «فتح الباري» 1- توم 523- بەت.

② ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ۋارقىرىشىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇرۇشۇپمۇ قالىدۇ.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ كېسەل كىشىلەرنى مەنپەئەتلىك ئىشلارغا باشلاپ قوياتتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أتى النبي-ﷺ- رجل أعمى [هو عبد اللّٰه ابن أم مكتوم]، فقال: <يا رسول اللّٰه، إنه ليس لي قائد يقودني إلى المسجد، فسأل رسول اللّٰه-ﷺ-أن يرخص له فيصلي في بيته>، فرخص له، فلما ولى دعاه، فقال له: <هل تسمع النداء بالصلاة؟> قال: نعم. قال: <فأجب>» «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ (ئۇ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىدى): <ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا نامازنى ئۆيدە ئوقۇسام بولامدۇ؟> دەپ رۇخسەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ قايتىپ مېڭىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى چاقىرىپ: <نامازغا چىققان ئەزاننى ئاڭلامسەن؟> دەپ سورىدى، ئۇ: <ھەئە> دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداقتا، ئەزانغا ئاۋاز قوشقىن (نامازغا كەلگىن)!> دېدى».[1]

بۇنىڭدىن جامائەت نامىزىغا بېرىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر جامائەت نامىزىغا بېرىش مۇستەھەب بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزرىلىك ۋە ئاجىز بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا ئوخشايدىغان كىشىلەرنىڭ جامائەت نامىزىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا رۇخسەت بېرىلگەن بولاتتى.[2]

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىس بىلەن ئىتبان ئىبنى مالىكنىڭ ھەدىسىنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش قىيىن، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئىتبانغا نامازنى ئۆيىدە ئوقۇشقا رۇخسەت بەرگەن، ئەمما

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «عون المعبود» 2ـ توم 257ـ بەت.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا رۇخسەت بەرمىگەن.

بۇنىڭغا بىر بۆلۈك ئالىملار مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئۆيى مەسجىدكە يېقىن، ئىتباننىڭ ئۆيى يىراق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە نەقىل قىلىنغان بەزى ھەدىستە «ئۇ نامازغا ئېيتىلغان تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلايتتى» دەپ كەلگەن.

ئىتبان پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇپ بەرگەن ئورۇننى مەسجىدنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىپ ئۆيىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا ئۇ مەسجىدتە ياكى كىشىلەر توپلىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيدە ناماز ئوقۇغان بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا كەلسەك، ئۇ ئۆيىدە يالغۇز ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت سورىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمىگەن. مانا بۇ — بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشنىڭ يولىدۇر، الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».[1]

شۇنىڭدەك، ئىتباننىڭ كۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بولغاچقا سەل ئېقىپ تۇرغان جىلغىدىن كېزىپ ئۆتۈش ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ قانداقلا قىلسۇن بۇ خىل ئەھۋالدا سەل ئېقىپ تۇرغان جىلغىدىن ئۆتەلمەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئەھۋالى ئىتباننىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم مەسجىدكە كېلەلەيدۇ.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ كېسەل كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئورۇنداپ بېرەتتى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن امرأة كان في عقلها شيء فقالت يَا رَسُولَ اللَّه إن لي إليك حاجة قال: يا أم فلان انظري أي السكك

[1] «فتح الباري لابن الباري» 2- توم 392- بەت.

شئت حتى أقضي لك حاجتك فخلا مَعَهَا فِي بَعْضِ الطرق حَتى فرغت من حاجتها» «ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولمىغان بىر ئايال كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا بىر ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى> دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئۇممۇ پالانچى! ئۆزەڭ خالىغان بىر كوچىنى تاللىغىن، مەن شۇ يەردە سېنىڭ ھاجىتىڭنى ئادا قىلاي> دېدى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلغۇچە (ئۇ ئايال بىلەن) بىر كوچىدا ئايرىم كۆرۈشتى».[1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «خلا معها في بعض الطرق» دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنىڭ ھاجىتىنى ئورۇنداش ۋە ئۇنىڭغا ئايرىم پەتىۋا بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن يولدا ئايرىم كۆرۈشكەن، بۇ يات ئاياللار بىلەن يالغۇز قالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئورۇندىن كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇ ئايال ئىككىسى ھەممە ئادەم ئوچۇق كۆرەلەيدىغان جايدا تۇرغان. ئەمما، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ. بەلكىم ئۇ ئايالنىڭ مەسىلىسىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان بولۇشى مۇمكىن. الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.[2]

مانا بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىنتايىن مۇلايىم، كەمتەر، بولۇپمۇ ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىشتا بەكمۇ سەۋرچان ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

**❖ الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەما كىشىدىن يۈزىنى بۇرىۋالغانلىقى ھەققىدە كايىغاندى**

كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان:

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15 ـ توم 83 ـ بەت.

«پەيغەمبەر ﷺ بىر كۈنى بەزى قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ دىن بىر مەسىلە ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نى جاۋاب بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالغان ئىدى (ئۇ بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى). پەيغەمبەر ﷺ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە قىزىقىپ ئالدى بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ توختاپ تۇرۇشىنى توغرا كۆردى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ ھېلىقى قۇرەيشلىكلەرگە ئالدىنى قىلدى.

ئارقىدىن الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿عَبَسَ وَتَوَلَّى۞ أَنْ جَاءَهُ الْأَعْمَى۞ وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّهُ يَزَّكَّى۞ أَوْ يَذَّكَّرُ فَتَنْفَعَهُ الذِّكْرَى۞ أَمَّا مَنِ اسْتَغْنَى۞ فَأَنْتَ لَهُ تَصَدَّى۞ وَمَا عَلَيْكَ أَلَّا يَزَّكَّى۞ وَأَمَّا مَنْ جَاءَكَ يَسْعَى۞ وَهُوَ يَخْشَى۞ فَأَنْتَ عَنْهُ تَلَهَّى۞﴾ «يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى [1-2]. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن [3]. ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن [4]. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن) [5-6]. ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنىدى [7]. سەندىن مەرىپەت تىلەپ، الله تىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك [8-9]، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن»①. يەنى، سەن ئۇنى قويۇپ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىسەن.

الله تائالا بۇ ئورۇندا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ نى (كىشىلەرگە) نەسىھەت

---

① سۈرە ئەبەسە 1 ـ ئايەتتىن 10 ـ ئايەتكىچە.

قىلىشتا مۇئەييەن بىر كىشىنىلا تالللىۋالماستىن، بەلكى مەرتىۋىسى يۇقىرى بىلەن ئاجىز، كەمبەغەل بىلەن باي، خوجايىن بىلەن قۇل، ئەرلەر بىلەن ئاياللار، كىچىكلەر بىلەن چوڭلارنى ئوخشاش كۆرۈشكە بۇيرۇدى.

ﷲ تائالا ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ. بۇنىڭدا ﷲ نىڭ كاتتا ھېكمىتى ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى نامايان بولغان».[1]

شۇنىڭدىن تارتىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشقان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى»[2] دېگەن ئايەت ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە نازىل بولغان، ئۇ ئەما ئىدى. ئۇ بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا يول كۆرسەتكىن!» دېگىلى تۇردى، ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بار بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن (ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمدىن) يۈزىنى ئۆرۈپ مۇشرىككا قاراپ: «مېنىڭ سۆزلىرىمدىن بىرەر نۇقسان تاپتىڭمۇ؟» دېسە، ئۇ مۇشرىك: «ياق» دەيتتى. ئاندىن ﷲ تائالا مۇشۇ ۋەقە ھەققىدە مۇشۇ ئايەتنى نازىل قىلغان.[3]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ كېسەل كىشىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرەتتى

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ «مۇئمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار ــ ﷲ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ»[4] دېگەن ئايەتنى يازدۇرۇۋاتقان

---

[1] «تفسير ابن كثير» 4- توم 568- بەت.
[2] سۈرە ئەبەسە 1- ۋە 2- ئايەت.
[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] سۈرە نىسا 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن جىھاد قىلالىغان بولسام، ئەلۋەتتە جىھادقا چىققان بولاتتىم» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەما كىشى ئىدى. (زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:) شۇ چاغدا الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە ۋەھيي نازىل قىلدى. ئۇنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ يوتىسى شۇنداق ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، مېنىڭ يوتامنى ئېزىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ قالغان ئىدىم. بىرئازدىن كېيىن ۋەھيىمۇ توختىدى. شۇ جەرياندا الله تائالا مەزكۇر ئايەتنىڭ: ﴿غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ﴾ «ئۆزرە ئىگىلىرىدىن باشقا» دېگەن قىسمىنى نازىل قىلدى.①

الله تائالا جىسمانيي جەھەتتە ئالاھىدە ئۆزرىلىك كىشىلەردىن جىھادنىڭ ھۆكمىنى يەڭگىللىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿لَيْسَ عَلَى الْأَعْمَى حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَنْ يَتَوَلَّ يُعَذِّبْهُ عَذَابًا أَلِيمًا﴾** «(جىھادقا چىقمىسا) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، الله ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز جىھادتىن) باش تارتىدىكەن، الله ئۇنى (دۇنيادا خورلۇق بىلەن، ئاخىرەتتە ئوت بىلەن) قاتتىق ئازابلايدۇ»②.

الله تائالا جىھاد قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلەردىن جىھادنىڭ پەرزلىكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇلاردىن قورال كۆتۈرۈش ياكى الله يولىدا ئومۇمىيۈزلۈك جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلمىدى.

ئەمما ئۆزى خالاپ جىھاد قىلماقچى بولغان ۋە قىزىققان ھەرقانداق

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② سۈرە فەتىھ 17 ـ ئايەت.

ئۆزرىلىك كىشىنى پەيغەمبەر ﷺ جىھادتىن توسمايتتى.

بەنى سەلەمە جەمەتىنىڭ چوڭلىرىدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن عمرو بن الجموح - رضي اللَّه عنه - رجلا أعرج شديد العرج, وكان له بنون أربعة مثل الأسد. يشهدون مع رسول اللَّه - ﷺ - المشاهد ، فلما كان يوم أحد, أرادوا حبسه, وقالوا له: إن اللَّه قد عذرك، فأتى رسول اللَّه - ﷺ - فقال: يا رسول اللَّه، إن بني يريدون أن يحبسوني عن هذا الوجه , والخروج معك فيه، واللَّه إني لأرجو أن أطأ بعرجتي هذه في الجنة، فقال رسول اللَّه - ﷺ -: أما أنت فقد عذرك اللَّه، فلا جهاد عليك, وقال لبنيه: لا عليكم أن لا تمنعوه، لعل اللَّه أن يرزقه الشهادة "، فخرج معه, فقتل يوم أحد» «ئەمرى ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توكۇر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ يولۋاستەك كۈچتۈڭگۈر تۆت ئوغلى بار ئىدى، ئوغۇللىرى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان. ئۇھۇد غازىتى كۈنى باللىرى ئۇنى ئۇھۇد غازىتىغا چىقىشتىن توسماقچى بولۇپ: <الله تائالا سېنىڭ چىقماسلىقىڭغا رۇخسەت قىلغان> دېيىشتى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <باللىرىم مېنى بۇ قېتىم سەن بىلەن بىرگە جىھادقا چىقىشتىن توسماقچى بولۇۋاتىدۇ، الله بىلەن قەسەمكى، مەن جەننەتكە مۇشۇ توكۇر پۇتۇم بىلەن مېڭىپ كىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <الله تائالا سېنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىڭغا رۇخسەت قىلغان، شۇڭا سەن چىقمىساڭمۇ بولىدۇ> دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ باللىرىغا قاراپ تۇرۇپ: <سىلەر داداڭلارنى جىھادتىن توسماڭلار، بەلكىم الله ئاتاڭلارغا شەھىدلىكنى رىزىق قىلىپ بېرىشى مۇمكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇھۇد غازىتىغا چىقىپ شەھىد قىلىندى».①

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «أتى عمرو بن الجموح إلى رسول اللَّه ﷺ فقال : يا رسول اللَّه ، أرأيت إن قاتلت في سبيل اللَّه حتى أقتل أمشي برجلي هذه صحيحة في

① ئىبنى ئىسھاق «السير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، ئەلبانى «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

الجنة؟ وكانت رجله عرجاء، قال رسول الله ﷺ : نعم . فقتلوا يوم أحد هو وابن أخيه ومولى لهم ، فمر عليه رسول الله ﷺ فقال : كأني أنظر إليك تمشي برجلك هذه صحيحة في الجنة» «ئەمرى ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، ئەگەر مەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەم مۇشۇ پۇتۇم بىلەن بىجىرىم ھالەتتە جەننەتتە ماڭالامدىم؟> دەپ سورىدى. ئۇنىڭ پۇتى توكۇر ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەئە> دەپ جاۋاب بەردى. ئۇھۇد جېڭى كۈنى ئۆزى، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ۋە بىر ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى شەھىد قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: <مەن سېنىڭ جەننەتتە بىجىرىم ھالەتتە مېڭىۋاتقانلىقىڭنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن> دېدى».[1]

الله تائالا كېسەللەرنىڭ قەلبلىرىگە خۇشاللىق بېغىشلاش ئۈچۈن ساغلام كىشىلەرنى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە قىزىقتۇرغان.

ئەگەر كىشىلەر كېسەللەر بىلەن بىرگە يەپ-ئىچىش ۋە ئارىلىشىپ ئۆتۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، بۇ ئۇلارغا ئېغىر روھىي ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. الله تائالا كىشىلەرنى ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشكە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿لَيْسَ عَلَى الْأَعْمَى حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى أَنْفُسِكُمْ أَنْ تَأْكُلُوا مِنْ بُيُوتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ آبَائِكُمْ...﴾** «جىھادقا چىقالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە...(ئىجازەتسىز) بىرەر نەرسە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر»[2].

ئىبنى جەرىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: تەپسىرشۇناس ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ھەرخىل قاراشتا بولغان بولۇپ، بىر

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] سۈرە نۇر 61- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىسىم ئالىملار: «بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ قارىغۇ، توكۇر، ئادەتتىكى كېسەل ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل بولغانلار بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكە رۇخسەت بېرىش ھەققىدە نازىل بولغان، چۈنكى بەزى مۇسۇلمانلار الله تائالانىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ﴾ <ئى مۇئمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا>[1] دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر بىلەن بىرگە تاماق يەپ سېلىپ الله چەكلىگەن بىرەر ئىشنى قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يېيىشتىن ئۆزلىرىنى تارتقان ئىدى» دېگەن.[2]

زەھھاك مۇنداق دېگەن: «مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ﷺ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن تاماق سورۇنلىرىغا كېسەل كىشىلەرنى كىرگۈزمەيتتى، بەزىلىرى <كېسەل كىشىلەر دېگەن مەينەت ۋە چىرايى قورقۇنچلۇق بولىدۇ> دەپ قارايتتى.

يەنە بىر قىسىملىرى <كېسەل كىشى قاچىسىدىكى تاماقنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالمايدۇ، توكۇر داستىخانغا يېقىن ئولتۇرالمايدۇ، ئەما تاماقنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ يېيەلمەيدۇ> دەيتتى. شۇڭا، الله تائالا ﴿لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَأْكُلُوا جَمِيعًا أَوْ أَشْتَاتًا﴾ «سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر»[3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى: كېسەل، ئەما ۋە توكۇرلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق».[4]

[1] سۈرە نۇر 61- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «تفسير ابن جرير» 19- توم 219- بەت.
[3] سۈرە نۇر 61- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] «تفسير ابن جرير» 19- توم 219- بەت.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بەزى كېسەل كىشىلەرگە مۇئەييەن خىزمەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىگەن ئىدى**

ئۇھۇد جېڭىدە يۈز بەرگەن ئىشلار بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەرگە مۇشرىكلار بىلەن مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ياكى مەدىنىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سالدى، ئاخىرىدا پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى مەدىنىدىكى كىشىلەرگە ئىمام قىلىپ بەلگىلەپ قويۇپ، ساھابىلەردىن 1000 كىشىنى ئېلىپ ئۇھۇدقا چىقىپ كەتتى.[1]

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا بىرقانچە قېتىم تاپشۇرغان. يەنە شۇنىڭدەك، ئۇنى مەدىنىدە كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەيىنلىگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى (گەرچە ئۇ ئەما بولسىمۇ) ئىككى قېتىم كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مەدىنىدە قالدۇرۇپ قويغان».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ رامىزاندا ئىككىنچى قېتىملىق ئەزان ئېيتىشنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان ئىدى.**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «إن بلالا يؤذن بليل، فكلوا واشربوا حَتى ينادِي ابن أم مكتوم» «بىلال تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئەزان ئېيتىدۇ، شۇڭا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئېيتقۇچە يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئىبنى ھىشامنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 2- توم 63- بەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەما بولغاچقا ئۇنىڭغا <تاڭ يورىدى، تاڭ يورىدى> دېيىلمىگۈچە ئەزان ئېيتمايتتى». ①

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەما تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ گە ئەزان توۋلاپ بېرەتتى». ②

يەنە بىر نەقىلدە: «ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەما تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇئەززىنى بولغان» دەپ كەلگەن. ③

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېسەل كىشىلەرنىڭ قابىلىيەتلىرىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ! ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بىر ئەما كىشى تۇرۇپ مۇئەززىن بولغان، كىشىلەرگە ئىمام بولغان ۋە مەسئۇللۇقتا تەيىنلەنگەن.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كېسەللەرگە ئەزىيەت بېرىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ملعون من سب أباه، ملعون من سب أمه، ملعون من ذبح لغير اللّٰه عز وجل، ملعون من غير تخوم الأرض، ملعون من كمه أعمى عن طريق، ملعون من وقع على بهيمة، ملعون من عمل بعمل قوم لوط» «ئۆزىنىڭ دادىسى ۋە ئانىسىنى تىللىغان كىشى لەنەتكەردىدۇر. الله تىن باشقىسىغا مال بوغۇزلىغان كىشى لەنەتكەردىدۇر. زېمىنىنىڭ چېگرالىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن كىشى لەنەتكەردىدۇر. ئەمانى يولدىن ئازدۇرۇۋەتكەن كىشى لەنەتكەردىدۇر. ھايۋان بىلەن جىما قىلغان كىشى لەنەتكەردىدۇر. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلىقىنى قىلغانلار لەنەتكەردىدۇر» دېگەن. ④

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئۇممەتنىڭ ئاجىزلار سەۋەبلىك غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن**

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
④ ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى باشقا ساھابىلەردىن پەزىلەتلىك دەپ قارىغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «هل تنصرون وترزقون إلا بضعفائكم» «سىلەرگە پەقەت شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبىدىنلا نۇسرەت ئاتا قىلىنىدۇ ۋە رىزىق بېرىلىدۇ» دېگەن.①

وفي رواية: «إنما ينصر الله هذه الأمة بضعيفها، بدعوتهم وصلاتهم وإخلاصهم». يەنە بىر نەقىلدە: «الله بۇ ئۈممەتكە پەقەت ئۇنىڭ ئاجىزلىرىنىڭ دۇئاسى، نامىزى ۋە ئىخلاسى يۈزىسىدىنلا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ» دەپ كەلگەن.②

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ابغوني ضعفاءكم، فإنما ترزقون وتنصرون بضعفائكم» «مېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن رىزىقلىنىسىلەر ۋە نۇسرەت قازىنىسىلەر».③

ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئاجىز، نامرات ۋە جىسمانى جەھەتتە ئاجىز كىشىلەرنىڭ بولۇشى شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن كاتتا رەھمەتتۇر. بۇلار كىشىلەرنىڭ خەير-ئېھسان ۋە ياردەم بېرىشتە ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىشى ۋە بۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا رەھمەت، نۇسرەت ۋە ئىززەت ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن الله تائالا بەندىلىرىگە ئېچىپ بەرگەن ياخشىلىق ئىشىكلىرىدىندۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەقىلسىزلەرنى ئەپۇ قىلغۇچى ئىدى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاجىزلارغا كۆرسەتكەن كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىقى ئۇ قوشۇننى ئۇھۇدقا ئېلىپ مېڭىپ مەربە ئىبنى قەيز ئىسىملىك بىر ئەما مۇناپىقنىڭ بېغىدىن ئۆتكەندە ئەمەلىي ئىپادىسىنى تاپقان.

① بۇخارى توپلىغان.
② نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بېغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى مۇھەممەد! ناۋادا سەن پەيغەمبەر بولىدىغان بولساڭ، سېنىڭ بېغىمدىن كېزىپ ئۆتۈشۈڭگە يول قويمايمەن» دېدى ۋە قولىغا بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ: «الله بىلەن قەسەمكى، بۇ توپىنىڭ باشقىلارغا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام بۇنى سېنىڭ يۈزۈڭگىلا ئاتقان بولاتتىم» دېدى. كىشىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى، ئەمما پەيغەمبەر ﷺ: «دعوه فهذا الأعمى أعمى القلب أعمى البصر» «بولدى قىلىڭلار! بۇ ئەمانىڭ كۆزىمۇ ۋە قەلبىمۇ كوركەن» دېدى.[1]

ئىسلام قوشۇنى كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن مېڭىۋاتقان، ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن ۋە كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى شۇنداق جىددىي ھالەتتە تۇرسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۇنىڭغا ئازار بېرىشكە رۇخسەت قىلمىدى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مېيىپ ياكى ئاجىزلارغا ھەددىدىن ئېشىش ۋە ئۇلارغا تىل ئۇزارتىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ئەمەستۇر.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۈممىتىنى مۇسىبەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىبرەت ئېلىش ۋە الله تائالادىن ئۇلارغا يەتكەن بالا ـ مۇسىبەتلەردىن سالامەت قىلىشنى سوراشقا قىزىقتۇرغان.**

شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۈممىتىگە مېيىپ ۋە ئاجىز كىشىلەرنى كۆرگەندە، ئۆزىنى شۇ بالا ـ مۇسىبەتلەردىن سالامەت قىلغان الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىشنى ئۆگەتكەن ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «من رأى صاحب بلاء فقال: ‹الحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي مِمَّا ابْتَلَاكَ بِهِ، وَفَضَّلَنِي عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِيلًا› عوفي من ذلك البلاء» «كىمكى بالاغا يولۇققان كىشىنى كۆرگەندە: ‹سەن يولۇققان بۇ بالادىن مېنى سالامەت قىلغان ۋە كۆپلىگەن مەخلۇقاتلىرىدىن مېنى ئۈستۈن قىلغان الله قا ھەمدۇ ـ سانا بولسۇن!› دېسە، شۇ بالادىن ساقلىنىپ

[1] «السيرة النبوية لابن كثير» 2 ـ توم 244 ـ بەت. «السيرة النبوية لابن هشام» 3 ـ توم 57 ـ بەت.

قالىدۇ». ①

«الحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي مِمَّا ابْتَلَاكَ بِهِ» «كۆپلىگەن مەخلۇقاتلىرىدىن مېنى ئۈستۈن قىلغان الله قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، خاتىرجەملىك بالا-مۇسىبەتتىن كۆپ بولىدۇ. بالا-مۇسىبەتتە بىئارام بولۇش ۋە پىتنىگە ئۇچراش بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشەققەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىنگە قارىغاندا الله تائالاغا بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر.

«وَفَضَّلَنِي عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِيلاً» «مېنى (خاتىرجەملىكتە) بىرمۇنچە مەخلۇقلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان». بۇنىڭ مەنىسى — دىن ۋە دۇنيالىقتا ھەمدە ئىچكى-تاشقى ئەھۋاللىرىمىزدا باشقىلاردىن ئارتۇق قىلدى دېگەنلىكتۇر. ②

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بۇ دۇئانى مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىغا ئاڭلىتىپ قويماستىن مەخپىي ئېيتىش كېرەك». ③

ئەمما، دىنغا سۇس قارايدىغان پاسىق كىشىنىڭ گۇناھ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، بۇ دۇئانى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇسا بولىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ھەقكە قارشى چىققانلار الله قا كاپىر بولغان بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالا قۇلاق، كۆز ۋە قەلبنى ئىنساننىڭ ئىمان ئېيتىشى، ئىبادەت قىلىشى ۋە توغرا يول ئۈستىدە بولۇشى ئۈچۈن ئاتا قىلغان. ئەمما، بەزى كىشىلەر بۇ ئەزالارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماي، ئۆزىنى مۇكەممەل ئىنسان قىلىپ يارىتىپ قۇلاق، كۆز، قەلب ئەزالىرىنى ئاتا قىلغان الله قا كاپىر بولدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِنَ الْجِنِّ وَالْإِنْسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لَا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لَا يَسْمَعُونَ بِهَا أُولَئِكَ كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ**﴾ «شەك-شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② «تحفة الأحوذي» 9- توم 275- بەت.

③ «فيض القدير للمناوي» 6- توم 130- بەت.

ئۇچۇن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر»[1].

دېمەك، كاپىر قۇلاق، كۆز ۋە قەلب قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلماستىن خۇددى ھايۋاناتلار سەزگۈ ئەزالىرىدىن پايدىلانغىنىدەك يېمەك-ئىچمەك ۋە شەھۋەتتى ئۇچۇنلا پايدىلىنىدۇ.

ئەمما، مۇئمىن كىشى ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ۋە سەزگۈ ئەزالىرىنى پايدىلىق ئورۇنلارغا ئىشلىتىپ ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدۇ.

توغرىسىنى ئېيتساق، ھەقىقىي كورلۇق كۆزدىن ئايرىلىپ قېلىش بولماستىن، بەلكى قەلبنىڭ كورلۇقى ۋە ئىماندىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾ «ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)»[2].

يەنى، دىن ئىشلىرىدا زىيانلىق بولغان كورلۇق قەلبنىڭ كورلۇقىدۇر. چۈنكى قەلبى كور ئادەم خۇددى ئەما كىشى كۆزگە كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرنى كۆرەلمىگىنىگە ئوخشاش ھەقنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما، كۆزنىڭ كورلۇقى چەكلىك بولۇپ، پەقەت دۇنيالىق مەنپەئەتتىنلا چەكلىنىدۇ.[3]

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

---

[1] سۈرە ئەئراف 179-ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «تفسير السعدي» 1-توم 540-بەت.

قەلب ئادەمگەرچىلىك ۋە تەقۋالىق بىلەن بېزەلسە،
كۆزنىڭ كورلۇقى ئىنسانغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

شۇڭلاشقا، توكۇر ياكى پالەچ كىشىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاقىۋىتى پۇت-قوللىرى سالامەت بولغان، ئەمما ئۇنى اللە قا ئاسىي بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى ۋە گۈزەل بولىدۇ.

مەلۇم بىر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قالغان سەۋەبلىك گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلىنىپ قالغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھۋالى، شۇ ئەزالىرى سالامەت بولۇپ ئۇنى شەيتاننىڭ يولىغا خىزمەت قىلدۇرغان كىشىدىن ياخشىدۇر.

مەسىلەن، كۆزى ياكى پۇت-قوللىرىغا ئوخشاش مۇھىم ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشى بىلەن ئىبىسىل ئەخلاقتىن ۋە ساپ ئىماندىن ئايرىلىپ قالغان كىشىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى غايەت زور پەرقنى ھېس قىلالايمىز.

يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرۇش — جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما روھىيىتى (قەلبى) سالامەت بولغان كىشىلەرنىڭ اللە قا ھەمدە ئىبىتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

## 2 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بالا ـ مۇسىبەتكە يولۇققانلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

ئىنساننىڭ كۆڭۈلسىزلىك ۋە غەم ـ ئەندىشىگە ئۇچراپ تۇرۇشى الله تائالانىڭ ئىلاھىي قانۇنىيىتىدۇر. نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن؟!

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

قىيىنچىلىق ياقمىسىمۇ ئىنسان نەپسىگە،

ئەمما ھايات خالى ئەمەس تۇرلۇك سىناقتىن.

ھەرۋاقىت تىنچ ـ ئامانلىقتا ئېرىشىشنى ۋە پەقەتلا مۇسىبەتكە ئۇچرىماسلىقنى ئويلايدىغان كىشى ئىمتىھان قىلىنىشنى بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشنى چۈشەنمىگەن كىشىدۇر.

دېمەك، ئىنسان ھاياتلىقتا مېلى، بەدىنى ۋە ياكى ئائىلىسى تەرەپلەردە ئىمتىھان قىلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇسىبەتلەنگەن كىشى ئۆزىدىن باشقا مۇسىبەتلەنگەنلەرنى كۆرۈپ تەسەللى تېپىشى ۋە ھەرقانداق بىر ئائىلىدە مۇسىبەتلەنگەنلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن پايدىلىق ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. مۇسىبەتلەنگەن كىشى ناۋادا كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ باقىدىغان بولسا كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ياكى يۈز بېرىپ قېلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارغا دۇچار بولۇش بىلەن مۇسىبەتلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ھايات ئۆتمەس ھەمىشە سەن ئويلىغاندەك،

خۇشال كۈلۈپ مۆكۈشمەكلەر ئوينىغاندەك.

خۇشاللىقتىن مەستخۇش بولۇپ يايرىساڭ گاھى،

يەنە بەزى قايغۇلىرىڭ باسار تاغ كەبى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بالا ـ مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى بىلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ الله تائالانىڭ ياخشىلىق ئىرادە قىلغان بەندىسىنى ھەرخىل سىناقلار بىلەن ئىمتىھان قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من يرد الله به خيرا يصب منه» «الله تائالا قانداق بىر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنى مۇسىبەتكە ئۇچرىتىدۇ».[1]

ئەبۇ ۋەلىدىلباجى (رەھىمەھۇللاھ) ھەدىستىكى الله تائالا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «(الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) الله تائالا بىر كىشىنى كېسەللىك، موھتاجلىق، غەم ـ قايغۇ، ئوڭۇشسىزلىق قاتارلىقلار بىلەن ئىمتىھان قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى سەۋر قىلسا ۋە ئەجىر ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ بۇ سەۋرى الله ئۇنىڭغا ئاتا قىلماقچى بولغان ياخشىلىققا سەۋەب بولىدۇ».[2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أعظم الجزاء مع عظم البلاء، وإن الله عز وجل إذا أحب قوما ابتلاهم، فمن رضي فله الرضى، ومن سخط فله السخط» «بۈيۈك ئىنئام ئېغىر مۇسىبەت بىلەن بىللە كېلىدۇ. الله بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارنى ئىمتىھان قىلىدۇ؛ كىمكى بۇنىڭغا رازى بولسا، الله مۇ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ؛ كىمكى بۇنىڭدىن

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «المنتقى شرح الموطأ» 4 ـ توم 357 ـ بەت.

زارلانسا، الله ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدۇ». [1]

«يەنى، كىمكى الله تائالا تەرىپىدىن ئۇچرىغان بالا ـ مۇسىبەتكە رازى بولسا، الله ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ـ ساۋابلارنى بېرىدۇ؛ كىمكى الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن مۇسىبەتتىن زارلانسا، الله تائالا ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئەلەملىك ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. دېمەك، يامانلىق قىلغۇچى يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغىنى مۇسىبەت يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشقا قىزىقتۇرۇشتۇر». [2]

ھەرەۋى مۇنداق دېگەن: «بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى باشقىلارغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاندۇرماسلىق ياخشىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر». [3]

بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېگەن: «نادان كىشى مۇسىبەت يېتىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن سەۋر قىلسا، ئەقىللىق كىشى مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سەۋر قىلىدۇ. كىمكى مۇسىبەت يەتكەندە ئالىيجاناب كىشىلەردەك سەۋر قىلمىسا، ھايۋانلار كەبى تەسەللىگە ئېرىشىدۇ». [4]

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

مۇسىبەت كەلگەندە قات قات بېشىڭغا،

سەۋردىن ئۆزۈڭگە ئەجىر تاپامسەن.

ۋە ياكى ھاياتتىن قاقشاپ ھەمىشە،

ئەجىرسىز قۇرۇقلا غەمگە پاتامسەن.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارنى سەۋرگە، ساۋاب ئۈمىد قىلىشقا ئۈندەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا شېرىك بولاتتى، بەزى ۋاقىتتا**

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] «تحفة الأحوذي» 7 ـ توم 66 ـ بەت.

[3] «تسلية أهل المصائب» 17 ـ بەت.

[4] «تسلية أهل المصائب» 29 ـ بەت.

يىغلايتتى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أرسلت ابنة النبي ﷺ إليه إن ابنا لي قبض فأتنا فأرسل يقرئ السلام ويقول إن للّه ما أخذ وله ما أعطى وكل عنده بأجل مسمى فلتصبر ولتحتسب فأرسلت إليه تقسم عليه ليأتينها فقام ومعه سعد بن عبادة ومعاذ بن جبل وأبي بن كعب وزيد بن ثابت ورجال فرفع إلى رسول اللّه ﷺ الصبي ونفسه تتقعقع قال حسبته أنه قال كأنها شن ففاضت عيناه فقال سعد يا رسول اللّه ما هذا فقال هذه رحمة جعلها اللّه في قلوب عباده وإنما يرحم اللّه من عباده الرحماء» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەلچى ئەۋەتىپ مېنىڭ ئوغلۇم سەكراتتا، ئاتام بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ كەتسىكەن دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ بارمايلا سالام يوللاش بىلەن بىرگە: ‹ئالغىنىمۇ اللہ نىڭدۇر، بەرگىنىمۇ اللہ نىڭدۇر. ھەرقانداق ئىش اللہ نىڭ بەلگىلىگەن مۇددىتى بىلەن بولىدۇ، شۇڭا قىزىم سەۋر قىلسۇن ۋە اللہ تىن ئەجىر ئۈمىد قىلسۇن› دەپ ئادەم ئەۋەتتى. قىزى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چوقۇم كېلىشىگە يەنە ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن تۇردى ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ساھابىلەر بىلەن بىللە قىزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. پەيغەمبەر ﷺ قىزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بالىنى قولىغا ئالدى، بالىنىڭ نەپەس ئېلىشى خۇددى سۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئىگىز-پەس بولۇۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى! نېمىشقا يىغلايسەن؟› دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بۇ بولسا اللہ ئۆز بەندىلىرىنىڭ دىللىرىغا ئورناتقان رەھمەتتۇر، اللہ ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن رەھىمدىل كىشىلەرگىلا رەھىم قىلىدۇ› دېدى».[1]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[«إِنَّ لِلَّهِ مَا أَخَذَ» ــــ «ئالغىنىمۇ الله نىڭدۇر». بۇ الله نىڭ ھۆكمى ۋە تەقدىرىگە رازى بولۇش ۋە تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشتۇر. الله تائالا سىلەردىن ئالغان نەرسە، سىلەرنىڭ بولماستىن، بەلكى الله تائالانىڭدۇر. الله تائالا پەقەت ئۆزىگە تەۋە نەرسىلەرنىلا ئالىدۇ، شۇڭلاشقا باشقىلاردىن ئامانەت ئالغان ياكى بىرنەرسە ئارىيەت سورىغان كىشى قايتۇرغاندا نارازى بولماستىن قايتۇرغاندەك، سىلەرمۇ الله نىڭ ھۆكمى ۋە تەقدىرىگە نارازى بولماسلىقىڭلار كېرەك.

«وَلَهُ مَا أَعْطَى» ــــ «بەرگىنىمۇ الله نىڭدۇر». الله تائالا سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەر الله نىڭ مۈلكىدۇر، شۇڭلاشقا الله خالىغىنىنى قىلىدۇ.

«وَكُلٌّ عِنْدَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى» ــــ «ھەرقانداق ئىش الله نىڭ بەلگىلىگەن مۇددىتى بويىچە بولىدۇ». سەۋر قىلىڭلار، نارازى بولماڭلار، ئەجىلى بەلگىلەنگەن كىشىنىڭ ئەجىلىنى ئىلگىرى ياكى كېيىن قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بۇنى بىلگەن ئىكەنسىلەر، سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەتكە سەۋر قىلىڭلار ۋە الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىڭلار].[①]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەكراتتىكى كىشىنىڭ قېشىغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ سەكراتتىكى كىشىنىڭ قېشىغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ قەسەم قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا تەسەللى بېرىش ۋە ئۇلارنى يوقلاش ئۈچۈن، توي زىياپىتىگە بېرىشنىڭ ئەكسىچە رۇخسەت سورىمايلا بېرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

قەسەمنى ئورۇنلاشقا ياردەم بېرىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى.

① «شرح النووي على مسلم» 6ـ توم 226ـ بەت.

بالىسى ۋاپات بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان كىشىنى قەدەرگە رازى بولۇش ئارقىلىق غەم ـ قايغۇلاردىن غالىب كېلىشى ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش.

چاقىرىلغان كىشىگە چاقىرىش سەۋەبىنى بايان قىلىش لازىملىقى.

سۆز قىلىشتىن ئاۋۋال سالام قىلىشنىڭ لازىملىقى.

كېسەل كىشى ئادەتتىكى شەخس ياكى كىچىك بالا بولسىمۇ ئۇنى يوقلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆرۈنۈشتە زىتتەك كۆرۈنگەن مەسىلىلەرنى[①] ئىمامدىن چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

سوئال سورىغاندا ئەدەپلىك بولۇش لازىملىقى. بۇنىڭغا سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سوئال سوراشتىن ئاۋۋال «ئى الله نىڭ ئەلچىسى!» دېگەنلىكى دەلىل بولىدۇ.

الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشقا قىزىقتۇرۇشنىڭ لازىملىقى.

قەلبنىڭ قېتىپ كېتىپ كۆزدىن ياش چىقماس بولۇپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش لازىملىقى.

ئاۋاز چىقارماستىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماستىن يىغلاشنىڭ دۇرۇسلۇقى.[②]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا قانداق سەۋر قىلىشنى ئۆگەتكەن**

عن أنس بن مالك رضي اللّه عنه: «مر النبي-ﷺ-بامرأة تبكي عند قبر على صبي لها، فقال:

---

[①] سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاشنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ھارام دەپ ئويلاپ قالغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ نى ئۇنتۇپ قالدى دەپ ئەسلەتكەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا كۆز يېشى قىلىشنىڭ ھارام ئەمەس بەلكى رەھمەت ئىكەنلىكىنى، ھارام قىلىنغان يىغلاش بولسا مېيىت ئۈچۈن ئۈنلۈك ئاۋازدا بىئارام بولۇپ نالە پەرياد قىلىپ يىغلاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغان.

[②] «فتح الباري» 3 ـ توم 158 ـ بەت.

«اتقي اللّٰه واصبري» قالت: إليك عني؛ فإنك لم تصب بمصيبتي ولم تعرفه، فقيل لها: إنه النبي-ﷺ- فأتت باب النبي-ﷺ-فلم تجد عنده بوابين، فقالت: لم أعرفك، فقال: «إنما الصبر عند الصدمة الأولى»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا يىغلاپ تۇرغان بىر ئايالنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ: <الله تىن قورققىن ۋە سەۋر قىلغىن!> دېدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ گە: <مەندىن يىراق تۇرغىن! چۈنكى ماڭا كەلگەن مۇسىبەت ساڭا كەلمىدى> دېدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ نى تونىمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئايالغا: <ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ئىدى> دېيىلگەندى، بۇنى ئاڭلىغان ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى، ئۇ يەردە ئىشىككە قارايدىغان ھېچبىر كىشىنى ئۇچراتمىدى. ئۇ ئايال: <ئى الله نىڭ رەسۇلى! بايام سىنى تونۇماپتىمەن> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <سەۋر قىلىش مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ> دېدى».①

خەتتابى مۇنداق دېگەن: «ھەدىسنىڭ مەنىسى ــ ماختىلىدىغان سەۋر مۇسىبەت تۇيۇقسىز كەلگەندە قىلىنغان سەۋردۇر. مۇسىبەت كېلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن سەۋر قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە ئۇشتۇمتۇت مۇسىبەت كەلگەندە سەۋر قىلغان كىشى مەدھىيىلىنىدۇ. چۈنكى مۇسىبەتلەنگەن كىشى كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەسەللى تېپىپ قالىدۇ.②

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر: «ھەرقانداق ئىش كىچىك ھالەتتىن باشلىنىپ بارا-بارا چوڭىيىپ بارىدۇ، ئەمما مۇسىبەت ئېغىر ھالەتتە باشلىنىپ بارا-بارا يېنىكلەيدۇ» دېگەن.

زەين ئىبنى مۇنىر مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇ ئايالغا بۇنداق

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «فتح الباري» 3- توم 150- بەت.

جاۋاب بېرىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ سەۋر ۋە تەقۋالىقتا بۇيرۇغاندا قاتتىق قايغۇرۇش سەۋەبلىك دەپ سالغان سۆزىدىن خىجىل بولۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش مەقسىتىدە ئۆزلۈكىدىن ئىتائەت قىلىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە سەۋر قىلىشىنىڭ ئەجىر-ساۋاب بېرىلىدىغان سەۋر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن». [1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىلىمسىز كىشىلەرگە كەمتەر ۋە مۇلايىم بولغانلىقى.

مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارنى كەچۈرۈۋېتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكى.

ھەربىر كىشىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ۋە يامانلىقتىن توسۇش كېرەكلىكى.

پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئەدەپسىزلىك قىلىپ سالغان كىشىنىڭ ئۇلارغا خاتالىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەكلىكى.

قازى بولغان كىشىنىڭ، باشقىلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان كىشىلەرنى دەرۋازىۋەن قىلىشىنىڭ لايىق ئەمەسلىكى.

ياخشىلىققا بۇيرۇلغۇچى بۇيرۇغۇچىنى تونۇمىغان تەقدىردىمۇ، بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىش كېرەكلىكى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى سەۋر بىلەن بىرگە تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇنىڭدىن مۇسىبەتكە نارازى بولۇشىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدىغانلىقى.

ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە قىزىقتۇرۇلغانلىقى. [2]

---

[1] «فتح الباري» 3-توم 150- بەت.

[2] «فتح الباري» 3-توم 150- بەت.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا مۇسىبەتكە سەۋر قىلىشنىڭ ئەجرى ۋە ئۇنىڭغا ساۋاب ئۇمىد قىلىشنىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلىپ بەرگەن.**

عن قرة بن إياس رضي اللّه عنه قال: «كان نبي اللّه-ﷺ-إذا جلس يجلس إليه نفرٌ من أصحابه، وفيهم رجُلُ له ابن صغير يأتيه من خلف ظهرِه فيقعدهُ بين يديه، فقال له النبي-ﷺ- أتحِبُهُ؟ فقال يا رسول اللّه أحَبَّكَ اللّه كما أحِبُهُ، فمات [ أي: الولد] فامتنع الرجل أن يحضرُ الحلقة، لذكر ابنه، فحزن عليه، ففقده النبي-ﷺ -، فقال:«مالي لا أرى فلاناً» فقالوا يا رسول اللّه بُنيّهُ الذي رأيتهُ هلك، فلقيه النبي-ﷺ-فسأله عن بُنيهِ، فأخبره بأنه هلك، فعزاهُ عليه، ثم قال«يا فُلان، أيما كان أحبَّ إليك أن تُمتع به عُمُرك، أو لاتأتي غداً إلى باب من أبواب الجنة إلا وجدتهُ قد سبقك إليه يفتحُهُ لك؟) قال: يا نبي اللّه ﷺ بل يسبقني إلى باب الجنةِ فيفتحها لي لهو أحبُّ إليّ قال: (فذاك لك) فقال رجل يا رسول اللّه أله خاصة أم لكُلّنا؟ قال: «بل لكُلكُم».

قۇررە ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بىرەر يەردە ئولتۇرسا ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر بۆلۈك كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىك بالىسى بار بىر كىشى بولۇپ، بالىسى ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالسا ئۇ كىشى بالىسىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىدىن: «بالاڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: «ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بالامنى ياخشى كۆرگىنىمدەك الله سىلىنى ياخشى كۆرسۇن» دېدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ بالا ۋاپات بولۇپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بالىسى تىلغا ئېلىنسىلا ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىش سورۇنلىرىغا بارماس بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ: «پالانى كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىشىنىڭ ھېلىقى بالىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ بالىسى توغرۇلۇق سورىغاندى، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ

گە بالىسىنىڭ ۋاپات تاپقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە تەسەللى بېرىپ: «سەن ئۆمرۈڭدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭدىن دۇنيادىلا مەنپەئەتلىنىشنى ياخشى كۆرەمسەن ياكى جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىرىدە ئۇنىڭ ساڭا جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىشىنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دېدى، ئۇ كىشى: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بەلكى بالامنىڭ جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىشى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «دېگىنىڭدەك بولسۇن!» دېدى.

بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىش ئۇ كىشىگىلا خاسمۇ ياكى ھەممىمىزگە شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «بەلكى ھەممىڭلارغا شۇنداق بولىدۇ» دېدى.[①]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يقول اللّٰه تعالى: ما لعبدي المؤمن عندي جزاء إذا قبضت صفيه من أهل الدنيا ثم احتسبه إلا الجنة» «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مۇئمىن بەندەمنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ مەندىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلسا، مەندىكى مۇكاپات پەقەتلا جەننەتتۇر>».[②]

«صَفِيَّه» ــ ئىنساننىڭ پەرزەنت، قېرىنداش ۋە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىگە ئوخشاش ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىنى كۆرسىتىدۇ.

«ثمَّ احْتَسَبَه» ــ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا اللە تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلسا دېگەن بولىدۇ.[③]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّٰه لا يرضى لعبده المؤمن إذا ذهب

[①] نەسائى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[②] بۇخارى توپلىغان.
[③] «فتح الباري» 11 ـ توم 242 ـ بەت.

بصفيه من أهل الأرض فصبر واحتسب وَقَالَ مَا أُمِرَ بِهِ بثواب دون الجنة» «الله تائالا مۇئمىن بەندىسىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئېلىپ كەتسە، ئۇ كىشى سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا ۋە ئىستىرجا ئېيتسا، الله تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا مۇكاپاتقا رازى بولمايدۇ».[1]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «والذي نفسي بيده إن السقط، ليجر أمه بسرره إلى الجنة إذا احتسبته» «جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن بالىسى چۈشۈپ كەتكەن ئايال الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلسىلا ئۇ بالا ئانىسىنى كېسىۋېتىلگەن كىندىكى بىلەن سۆرەپ جەننەتكە ئەكىرىدۇ».[2]

«سرر» ــ بالىنىڭ كېسىۋېتىلگەن كىندىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، «سرة» ــ بالىنىڭ كىندىكىنى كەسكەندىن كېيىنكى قالغان قىسمىغا قارىتىلىدۇ.[3]

شۇرەيىھ مۇنداق دېگەن: مەن بىر مۇسىبەتكە يولۇقسام ئۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالاغا تۆۋەندىكىدەك تۆت قېتىم ھەمدە ئېيتىمەن:

1. مۇسىبەتنىڭ بۇنىڭدىن ئېغىر بولمىغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىمەن؛

2. الله تائالانىڭ بۇ مۇسىبەتتە ماڭا سەۋر ئاتا قىلغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىمەن؛

3. الله تائالانىڭ مېنىڭ ساۋابنى ئۈمىد قىلىپ ئىستىرجا ئېيتىشىمغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىمەن؛

4. الله تائالانىڭ ئۇ مۇسىبەتنى دىنىمدا قىلمىغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىمەن.[4]

---

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] «حاشية السندي على سنن ابن ماجة» 1ـ توم 489ـ بەت.

[4] بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە يولۇققان كىشىلەرگە مۇسىبەتنىڭ خاتالىقلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من مصيبة تصيب المسلم إلا كفر اللّٰه بها عنه حتى الشوكة يشاكها» «مۇسۇلمانغا تىكەن سانجىلغانچىلىك بىرەر مۇسىبەت يەتسە، الله شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ».①

ئۇممۇ ئەلا رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن ئاغرىپ قالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ مېنى يوقلاپ كېلىپ: «أبشري يا أم العلاء فإن مرض المسلم يذهب اللّٰه به خطاياه كما تذهب النار خبث الذهب والفضة» «ئى ئۇممۇ ئەلا! بېشارەت ئېلىڭ، الله تائالا مۇسۇلماننىڭ كېسىلى سەۋەبلىك ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى ئوت ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ داتلىرىنى تازىلىغاندەك ئۆچۈرىۋېتىدۇ» دېگەن.②

مۇنزىرى مۇنداق دېگەن: «ئۇممۇ ئەلا ھەكىم ئىبنى ھىزامنىڭ دادا تەرەپ ھاممىسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە بەيئەت قىلغان ئاياللار قاتارىدىن ئىدى».③

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانغا يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت گەرچە ئۇ كىچىك، يەڭگىل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.**

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما يصيب المسلم من نصب، ولا وصب، ولا هم، ولا حزن، ولا أذى، ولا غم، حتى الشوكة يشاكها إلا كفر اللّٰه بها من خطاياه» «قايسى بىر مۇسۇلمانغا ئېغىرچىلىق، كېسەل، غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت ھەتتا تىكەن سانجىلغانچىلىك ئەزىيەت يېتىپلا

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ «الترغيب والترهيب» 4 ـ توم 148 ـ بەت.

قالسا، الله ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ». [1]

وعن عبداللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه: دخلت على النبي-ﷺ-وهو يوعك، فمسسته بيدي، فقلت: «يا رسول اللَّه، إنك لتوعك وعكا شديدا، قال: أجل، إني أوعك كما يوعك رجلان منكم» قلت: ذلك أن لك أجرين؟ قال: «أجل، ذلك كذلك، ما من مسلم يصيبه أذى، شوكة فما فوقها إلا كفر اللَّه بها سيئاته، كما تحط الشجرة ورقها».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپتۇ. قولۇمنى بەدىنىگە تەگكۈزۈپ بېقىپ:

ـــ ئى الله نىڭ رەسۇلى! بەدىنىڭ بەك قىزىپ كېتىپتۇ، ـــ دېسەم. ئۇ:

ـــ شۇنداق، مەن سىلەردىن ئىككى ئادەم ئاغرىغاندەك قىزىپ كەتتىم، ـــ دېدى.

ـــ ئۇنداق بولسا، ساڭا ئىككى ھەسسە ئەجىر بولىدىكەن، ـــ دېسەم، ئۇ:

ـــ شۇنداق. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا تىكەنچىلىك، ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بىرەر ئەزىيەت يەتسە، الله ئۇ مۇسۇلماننىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى دەرەخ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندەك ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ـــ دېدى. [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە يولۇققانلارنى سەۋرگە ئۈندىگەن ۋە ئۇلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلغان**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئازابلىنىۋاتقان ئەممار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «أبشروا آل عمار و آل ياسر وفي رواية: صبراً آل ياسر فإن موعدكم الجنة» «ئى ئەممار ئائىلىسى ۋە ئى ياسىر ئائىلىسى!

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بېشارەت ئېلىڭلار (يەنە بىر نەقىلدە: ئى ياسىرنىڭ ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار) بارار جايىڭلار جەننەتتۇر» دېگەن.①

وعن عطاء بن أبي رباح قال: «قال لي ابن عباس رضي اللّه عنهما: ألا أريك امرأة من أهل الجنة؟ فقلت: بلى، قال: هذه المرأة أتت النبي-ﷺ-فقالت: إني أصرع، وإني أتكشف، فادع اللّه تعالى لي. فقال النبي: «إن شئت صبرت ولك الجنة، وإن شئت دعوت اللّه تعالى أن يعافيك» فقالت: أصبر، فقالت: إني أتكشف فادع اللّه أن لا أتكشف، فدعا لها».

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

— ساڭا ئەھلى جەننەتتىن بولغان بىر ئايالنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ — دېدى. مەن:

— ھە، شۇنداق قىلغىنە، — دېدىم. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

— ئاۋۇ ئايال شۇ. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مېنىڭ (تۇتقاقلىق) كېسىلىم بار، بەزىدە يىقىلىپ چۈشىمەن ۋە ئۇستى-بېشىم ئېچىلىپ قالىدۇ. مەن ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلساڭ، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەگەر خالىسىڭىز سەۋر قىلىڭ، سىزگە جەننەت بار. ئەگەر خالىسىڭىز، الله تائالاغا دۇئا قىلىمەن، ساقىيىپ قالىسىز، — دېدى. ئۇ ئايال:

— ئۇنداق بولسا، سەۋر قىلاي. ئۇستى-بېشىمنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلساڭ، — دېدى، پەيغەمبەر ﷺ دۇئا قىلدى.②

بۇ ھەدىستىن، دۇنيا مۇسىبەتلىرىگە سەۋر قىلىش بىلەن جەننەتكە

① ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.[1]

بەزى كىشىلەر نېئمەتلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىنسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئېغىر مۇسىبەتلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىنىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرگە جەننەت ۋە كاتتا ئەجىر بىلەن خۇش بېشارەت بېرىش ئارقىلىق تەسەللى بېرەتتى**

عن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه قال: جاءت امرأة إلى رسول اللَّه ﷺ فقالت يا رسول اللَّه ذهب الرجال بحديثك فاجعل لنا من نفسك يوما نأتيك فيه تعلمنا مما علمك اللَّه. قال اجتمعن يوم كذا وكذا» فاجتمعن فأتاهن رسول اللَّه ﷺ فعلمهن مما علمه اللَّه ثم قال «ما منكن من امرأة تقدم بين يديها من ولدها ثلاثة إلا كانوا لها حجابا من النار» فقالت امرأة واثنين واثنين واثنين؟ فقال رسول اللَّه ﷺ «واثنين واثنين واثنين».

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەرلەر سەن بىلەن پاراڭلىشىپ، سەندىن ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ تۇرىدىكەن. بىزگىمۇ بىر كۈننى بەلگىلەپ، الله ساڭا بىلدۈرگەن ئىلىملەردىن ئۆگەتكەن بولساڭ، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— سىلەر ئۇنداقتا پالانى، پالانى كۈنى يىغىلىڭلار، — دېدى، ئۇلار يىغىلغاندا پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ الله بىلدۈرگەن دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارغا:

— قايسى بىرىڭلارنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلار ئانىلىرى ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ، — دېگەنىدى، بىر ئايال:

— ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

[1] «فتح الباري» 10- توم 115- بەت.

— ئىككى بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.[1]

ئەبۇ ھەسسان مۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم ۋاپات بولۇپ كەتكەن، شۇڭلاشقا بىزگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەرزەنتلىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەر ھەققىدە ئېيتقان، بىزنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرمەمسەن؟» دېگەن ئىدىم. ئۇ «بولىدۇ» دەپ گەپ باشلاپ: «صغارهم دعاميص الجنة يتلقى أحدهم أباه-أو قال أبويه-فيأخذ بثوبه -أو قال بيده-كما آخذ أنا بصنفة ثوبك هذا فلا يتناهى-أو قال فلا ينتهي-حتى يدخله اللّٰه وأباه الجنة» «ۋاپات بولغان كىچىك بالىلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ كىچىكلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى دادىسىغا ياكى ئاتا-ئانىسىغا ئۇچرىشىپ، خۇددى مەن سېنىڭ كىيىمىڭنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتقاندەك ئۇلارنىڭ كىيىمىدىن تۇتۇۋېلىپ، اللّٰه ئۇنى ۋە دادىسىنى جەننەتكە كىرگۈزمىگۈچە قولىنى قويۇپ بەرمەيدۇ» دېدى.[2]

وعن أَبِي موسى الأشعري رضي اللّٰه عنه: أنَّ رسول ﷺ قَالَ: «إذا مات ولد العبد، قال اللّٰه تعالى لملائكته: قبضتم ولد عبدي؟ فيقولون: نعم. فيقول: قبضتم ثمرة فؤاده؟ فيقولون: نعم. فيقول: ماذا قال عبدي؟ فيقولون: حمدك واسترجع. فيقول اللّٰه تعالى: ابنوا لعبدي بيتا في الجنة، وسموه بيت الحمد».

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: بىر بەندىنىڭ بالىسى ۋاپات بولۇپ كەتسە، اللّٰه پەرىشتىلەرگە:

— مېنىڭ بەندەمنىڭ بالىسىنى قەبزى روھ قىلدىڭلارمۇ؟ — دەيدۇ، پەرىشتىلەر:

— شۇنداق، دېيىشىدۇ. اللّٰه يەنە:

— مېنىڭ بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنى قەبزى روھ قىلدىڭلارمۇ؟ — دەيدۇ، پەرىشتىلەر:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ـــ شۇنداق، دېيىشىدۇ. الله :

ـــ بەندەم نېمە دېدى؟ ـــ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر:

ـــ ساڭا ھەمدە ئېيتتى ۋە: «شۈبھىسىزكى، بىز الله نىڭ ئىلىكىدىمىز، يەنە الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەپ ئىستىرجا ئېيتتى، ـــ دەيدۇ. الله :

ـــ ئۇنداق بولسا، ئۇ بەندەمگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىڭلار ۋە ئۇ ئۆينى ھەمدە ئۆيى دەپ ئاتاڭلار، ـــ دەيدۇ.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بىرەر مۇسىبەتكە يولۇققان كىشىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر مۇسىبەتنى ئەسلىتىش ئارقىلىق تەسەللى بېرەتتى. ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت بولسا پەيغەمبەر ﷺ دىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر.**

عن عاشة رضي اللّه عنها قالت: «فتح رسول اللّه ﷺ بابا بينه وبين الناس، أو كشف سترا، فإذا الناس يصلون وراء أبي بكر، فحمد اللّه على ما رأى من حسن حالهم رجاء أن يخلفه اللّه فيهم بالذي رآهم، فقال:يا أيها الناس أيما أحد من الناس، أو من المؤمنين أصيب بمصيبة، فليتعز بمصيبته بي عن المصيبة التي تصيبه بغيري، فإن أحدا من أمتي لن يصاب بمصيبة بعدي أشد عليه من مصيبتي».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر ئىشىكنى ياكى پەردىنى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە الله تائالانىڭ شۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئورۇنباسار قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەل ھالىتىگە قاراپ الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. ئاندىن:

ـــ ئى خالايىق! بىرەر كىشى ياكى بىرەر مۇئمىن بىرەر مۇسىبەتكە يولۇقسا، ئۇ كىشى باشقىلاردىن ئايرىلىپ قېلىش سەۋەبلىك يەتكەن شۇ مۇسىبەتتىگە مەندىن ئايرىلىپ قېلىش مۇسىبىتىنى ئويلاپ تەسەللى تاپسۇن، چۈنكى

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھېچقانداق بىر كىشى مەندىن كېيىن مەندىن (ئايرىلىپ قېلىش مۇسىبىتىگە) ئۇچرىغاندەك چوڭ مۇسىبەتكە ھەرگىز ئۇچرىمايدۇ، — دېدى. ①

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ھەر قانداق مۇسىبەتكە سەۋر قىل ۋە چىدامىلىق بول،

بىلىپ قويغىنكى ئىنسان ئەبەدى ياشىغان ئەمەس.

سەن تەسەللى تاپىدىغان بىرەر مۇسىبەت ئەسلىسەڭ،

پەيغەمبەر ﷺ دىن ئايرىلىپ قالغان مۇسىبىتىڭنى ئەسلە.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا، مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا نېمە دېيىشنى ئۆگىتىپ قويغان**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِنَ الْأَمْوَالِ وَالْأَنْفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ۞ الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ۞ أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ۞**﴾ «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن [155]. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: ‹بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز› دەيدۇ [156]. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر [157]»②.

① ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② سۈرە بەقەرە 155 ـ ئايەتتىن 157 ـ ئايەتكىچە.

أم سلمة رضي اللَّه عنها قالت: سمعت رسول ﷺ يقول: «ما من مسلمٍ تُصيبهُ مصيبةٌ فيقول: ما أمره اللَّه إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ اللَّهم أجرني في مصيبتي واخلف لي خيرًا منها، إلا أخلف اللَّه عليه خيرًا منها»

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا الله نىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە: <بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز>[1] دېگەن ئايەتنى ۋە: <ئى الله ! ماڭا يەتكەن مۇسىبەتتە ماڭا ئەجىر بەرگىن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگىن!> دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، الله ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ». ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئېرىم ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، مەن: «قايسى مۇسۇلمان ئەبۇ سەلەمەدىن ياخشى؟ ئۇ الله نىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىپ ھىجرەت قىلغان تۇنجى ئائىلىلىك تۇرسا؟!» دېدىم، ئاندىن يۇقىرىقى دۇئانى قىلدىم. الله ماڭا (ئەبۇ سەلەمەنىڭ ئورنىغا) پەيغەمبەر ﷺ نى بەردى.[2]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەرنى مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا ئۆز ـ ئۆزىگە بەددۇئا قىلىشتىن توسقان

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە بەددۇئا قىلىش ئىسلامدا چەكلەنگەن. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تدعوا على أنفسكم ولا تدعوا على أولادكم ولا تدعوا على خدمكم ولا تدعوا على أموالكم لا توافقوا من اللَّه تبارك وتعالى ساعة نيل فيها عطاء فيستجيب لكم» «ئۆزۈڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، خىزمەتكارىڭلارغا، مال ـ

---

[1] سۈرە بەقەرە 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

دۇنيالىرىڭلارغا بەددۇئا قىلماڭلار. چۈنكى بۇ بەددۇئا الله تەرىپىدىن دۇئا قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسا، ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ» دېگەن.①

خۇسۇسەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆزىگە بەددۇئا قىلىشى چەكلەنگەن. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «دخل رسول اللّه ﷺ على أبي سلمة وقد شق بصره [أي: شخس] فأغمضه ثم قال إن الروح إذا قبض تبعه البصر فضج ناس من أهله فقال لاتدعوا على أنفسكم إلا بخير فإن الملائكة يؤمنون على ماتقولون ثم قال اللّهم اغفر لأبي سلمة وارفع درجته في المهديين واخلفه في عقبه في الغابرين واغفر لنا وله يا رب العالمين وافسح له في قبره ونور له فيه» «پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ئاندىن كېيىن: ‹روھ قەبزى قىلىنغاندا كۆز ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ› دېدى، ئەبۇ سەلەمەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۆزەڭلارغا ياخشى دۇئا قىلىڭلار، چۈنكى پەرىشتىلەر نېمە دېسەڭلار ئامىن دەيدۇ› دېدى. ئاندىن كېيىن: ‹ئى الله ! ئەبۇ سەلەمەنى مەغپىرەت قىل، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ھىدايەت تاپقانلار قاتارىدا يۇقىرى قىلغىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن قېلىپ قالغانلارغا كېپىل بولغىن. بىز ۋە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭرى ۋە نۇرلۇق قىلغىن!› دەپ دۇئا قىلدى».②

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇشنىڭ مۇستەھەبلىكى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەنلىكى. ئۇلار مۇنداق دېگەن: بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ناۋادا مېيىتنىڭ كۆزى يۇمدۇرۇپ قويۇلمىسا، ئۇنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدۇ.

① مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.

ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشىگە ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە ئەۋلادلىرىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سوراپ دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىنى نارازى بولۇش ۋە ئۈن سېلىپ يىغلاشتىن توسقان**

عن جابر بن عتيك رضي اللَّه عنه: «أن رسول اللَّه ﷺ جاء يعود عبد اللَّه بن ثابت فوجده قد غلب عليه فصاح به فلم يجبه فأسترجع رسول اللَّه ﷺ وقال غلبنا عليك يا أبا الربيع» فصاح النسوة وبكين. فجعل جابر يسكتهن فقال رسول اللَّه ﷺ «دعهن فإذا وجب فلا تبكين باكية» قالوا يا رسول اللَّه وما الوجوب؟ قال إذا مات فقالت ابنته واللَّه إن كنت لأرجو أن تكون شهيدا فإنك كنت قد قضيت جهازك، فقال رسول اللَّه ﷺ «إن اللَّه قد أوقع أجره علي قدر نيته وما تعدون الشهادة» قالوا القتل في سبيل اللَّه فقال رسول اللَّه ﷺ «الشهداء سبعة سوى القتل في سبيل اللَّه: المطعون شهيد والغرق شهيد وصاحب ذات الجنب شهيد والمبطون شهيد والحرق شهيد والذي يموت تحت الهدم شهيد والمرأة تموت بجمع شهيد» جابىر ئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇنى چاقىردى، ئۇ جاۋاب بەرمىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ئىسترجا ئېيتىپ، ئى ئەبۇ رەبىئ! بىزدە نېمە ئامال؟! ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاياللار ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى، جابىر ئۇلارنى شۈك تۇرۇشقا ئۈندىگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇلارنى (ئۆز ئىختىيارىغا) قوي، قاچانكى ۋاجىب بولسا، ھېچبىر ئايال يىغلىمىسۇن، ــ دېدى. ئۇلار:

ــ ئى الله نىڭ رەسۇلى! ۋاجىب بولۇشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىسەن؟

① «شرح النووي على صحيح مسلم» 6 ـ توم 223 ـ بەت.

دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ۋاپات بولۇشتۇر، ــ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى سابىتنىڭ قىزى دادىسىغا:

ــ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ شەھىد بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلاتتىم، سەن جەڭ ئۈچۈن ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ بولغان ئىدىڭغۇ؟ ــ دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ الله تائالا دادىڭنىڭ نىيىتىگە ئاساسەن غازاتنىڭ ئەجرىنى بېرىپ بولدى، سىلەر قانداق كىشىنى شەھىد دەپ ھېسابلايسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى. كىشىلەر:

ــ الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى، ــ دېيىشكەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ الله يولىدا ئۇرۇشۇپ شەھىد بولغانلاردىن باشقا يەنە مۇنداق يەتتە تۈرلۈك شەھىد بار: ۋابا كېسىلى (بىلەن ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، سۇغا غەرق بولغان كىشى شەھىدتۇر، نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرى بىلەن (ۋاپات بولغان) كىشىمۇ شەھىدتۇر، قورساق ئاغرىقىدا (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، ئوتتا كۆيۈپ (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، تام بېسىۋېلىپ (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، تۇغۇتىدا بالىسى بىلەن ۋاپات بولغان ئايال شەھىدتۇر، ــ دېدى.[1]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ليس منا، من ضرب الخدود، وشق الجيوب ودعا بدعوى الجاهليَّة» «(ئۆلۈككە يىغلاپ) يۈز-كۆزلىرىگە شاپىلاقلىغان، ياقىلىرىنى يىرتقان ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك (داد-پەرياد) قىلغان كىشىلەر بىزدىن ئەمەس».[2]

عن أبي مالك الأشعري رضي اللّه عنه أن النبي ﷺ قال: «أربع في أمتي من أمر الجاهلية لا يتركوهن: الفخر في الأحساب والطعن في الأنساب والاستسقاء بالنجوم والنياحة». وقال: النائحة إذا لم تتب قبل موتها تقام يوم القيامة، وعليها سربالٌ من قطران، ودرعٌ من جربٍ»

[1] مالىك، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇممىتىمدە جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان تۆت تۈرلۈك ئىش بار بولۇپ، ئۇممىتىم بۇ ئىشلارنى تاشلىيالمايۋاتىدۇ. ئۇلار: ئۆز نەسەبىدىن پەخىرلىنىش، باشقىلارنىڭ نەسەبلىرىنى سۆكۈش، يۇلتۇزلاردىن يامغۇر تىلەش ۋە مېيىتقا ھازا ئېچىپ يىغلاش» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «ئەگەر ھازا ئېچىپ يىغلىغان ئايال ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ قارامايدىن كىيىم كىيگەن ۋە بەدەننى قىچىشقاق قىلىۋېتىدىغان يېپىنچا ئارتقان ھالدا تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ» دېگەن.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھەرخىل كېسەللىك تېگىپ مۇسىبەتلەنگەنلەرنى كېسەلدىن قاقشاش ۋە ئۇنى تىللاشتىن توسقان**

عن جابر بن عبد اللّٰه رضي اللّٰه عنهما: أنَّ رسول اللّٰه ﷺ دخل على أمِّ السَّائب فقالَ: ما لك ياأمّ السَّائب تزفزفين» قالت: الحُمَّى لا بارك اللّٰه فيها، فقال: «لا تسبُيِّ الحمَّى فإنها تذهب خطايا بني آدم كما يُذهبُ الكيرُ خبث الحديد».

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇممۇ سائىبنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئۇممۇ سائىب! ساڭا نېمە بولدى، تىترەيسەنغۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

ــ بەزگەك بولۇپ قالدىم، الله تائالا ئۇرسۇن بۇ كېسەلنى! ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: بەزگەكنى تىللىما، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى كۆرۈك[2] تۆمۈرنىڭ داتلىرىنى يوق قىلغاندەك يوق قىلىۋېتىدۇ، ــ دېدى.[3]

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] تۆمۈرچىنىڭ ئوتنى يۈۋلەپ يالقۇنلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، كۆپىنچە ئۆچكە تېرىسىدىن ياسىلىدىغان قاپسىمان يۈۋلەش ئەسۋابى.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

تۆمۈر ئوتقا سېلىنىپ قىزىتىلسا داتلىرى كۆيۈپ تازىلانغىنىدەك، بەزگەك كېسىلى ئىنسانىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدۇ.

عن ابن عباس رضي الله عنهما: أن رسول الله ﷺ دخل على أعرابي يعوده فقال له: «لا بأس طهور إن شاء الله» قال الأعرابي طهور كلا، بل هي حمى تفور أو تثور، على شيخ كبير تزيره القبور قال النبي ﷺ «فنعم إذا»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ سەھرالىق بىر كىشىنى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئىنشا الله ، بۇ كېسەل سېنى گۇناھتىن پاكلايدۇ، — دېگەندى، ئۇ ئادەم:

— (ئۇ كېسەلنى) پاكلىغۇچى دەمسەن؟ ياق، بۇ دېگەن قېرى بىر ئادەمنى توختىماي قىيناپ ئۇنى قەبرىگە ئېلىپ بارماقچى بولغان بەزگەك كېسىلىدۇر، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ھە بوپتۇ، ئۇنداقتا سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دېدى.[1]

مەئمەر زەيد ئىبنى ئەسلەمدىن ھېلىقى كىشىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى نەقىل قىلغان.[2]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئىمام — پۇقرالىرى ئارىسىدىكى كېسەل بولۇپ قالغان كىشى، گەرچە باشقىلارغا قوپال تېگىدىغان ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ كېسىلىنى يوقلىسا ئەيىبلەنمەيدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئالىم كىشى، كېسەل بولۇپ قالغان نادان كىشىلەر الله نىڭ تەقدىرىدىن نارازى بولۇپ الله نىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى سەۋرگە ئۈندەش ئۈچۈن ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشى ئەيىبلەنمەيدىغانلىقى.

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «شرح البخاري لابن بطال» 17 ـ توم 473 ـ بەت.

كېسەل كىشى ئۆزىگە قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، نەسىھەت قىلغۇچىغا چىرايلىق جاۋاب قايتۇرۇش لازىملىقى.

كېسەل كىشىگە كېسەلنىڭ گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى خاتالىقلاردىن پاكلايدىغانلىقىنى ئەسلىتىش؛ ئۇنى ئاغرىققا سەۋر قىلىشقا ئۈندەپ، الله نىڭ بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ كېسىلىگە شىپالىق بېرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئەجىر ۋە ساغلاملىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش؛ ئۇنى شەيتاننىڭ پىتنىسىگە ئالدىنىپ قېلىشتىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ الله نىڭ تەقدىرىگە قارشى چىقىشىغا يول قويماسلىق سۇننەتتۇر. گاھىدا الله تائالا ئۇنى الله نىڭ تەقدىردىن ئاغرىنىش ۋە تەقدىرگە يامان گۇمان قىلىش قىلمىشى سەۋەبلىك جازالىشى مۇمكىن.[①]

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە سۆيۈملۈك كىشىلىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە كۆپىنچە كىشىلەر نائۈمىد بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەلەمگە چىدىماي ياقىلىرىنى يىرتىسا؛ بەزىلىرى يۈز-كۆزلىرىگە كاچاتلاپ يىغلايدۇ؛ يەنە بەزىلىرى الله نىڭ تەقدىرىگە رازى بولمايدۇ. جامائەت نامىزىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان 80 ياشلار چامىسىدىكى بىر بوۋاينىڭ نەۋرىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ‹دۇئا قىلىپ ئاۋارە بولماڭلار، الله بەرىبىر ئىجابەت قىلمايدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئۇ بوۋاي يەنە: ‹الله تائالا بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا قارشى ھالدا بالىمىزنى ئېلىپ كەتتى› دېدى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇ بوۋاي ھەقنى چۈشەنگەنلىكى ۋە ئىمانى سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ئۆرپ-ئادەت يۈزىسىدىنلا ناماز ئوقۇش ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. ئېنىقكى، بۇنداق كىشىلەر الله تائالاغا تۇراقسىز ئىبادەت قىلىدىغان

[①] «شرح البخاري لابن بطال» 17- توم 477- بەت.

كىشىلەردۇر.①

❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتلەنگەن كىشىنى يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلالماي ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن توسقان

عن أنس بن مالك رضي اللّٰه عنه قال: قال النبي ﷺ: «لا يتمنين أحدكم الموت من ضر أصابه، فإن كان لابد فاعلا فليقل: اللَّهمَّ أَحْيِنِي مَا كَانَتِ الحَيَاةُ خَيرًا لِي، وَتَوفَّنِي إِذَا كَانَتِ الوَفَاةُ خَيرًا لِي».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزىگە يەتكەن زىيان سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن. ئەگەر شۇنداق قىلىشتىن باشقا چارە بولمىسا، <ئى اللە! ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۆلۈم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپتۇرغىن> دېسۇن».②

بىر قىسىم سەلەف-سالىھلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «مِنْ ضُرٍّ أَصَابَهُ» دېگەن سۆزىنى «دۇنيالىق نەرسىلەردىن تارتقان زىيىنىغا چىدىماسلىق» دەپ چۈشەنگەن، چۈنكى دۇنيالىق نەرسىلەردىن تارتقان زىيىنىغا چىدىماي ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش تەقدىرگە قارشى چىققانلىق ۋە ئۇنىڭغا نارازى بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. دىندا پىتنىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەش ۋە ئاخىرەتلىكىدىن زىيان تارتىشىدىن قورقۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش بۇ ھەدىستىكى چەكلەش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.③

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەدىستىن شۇ ئايان بولىدۇكى، نامراتلىق ياكى دۈشمەن ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىدىن قورقۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش مەكرۇھ. ئەمما، دىنىغا يېتىدىغان بىرەر زىيان ياكى پىتنىدىن ئەنسىرەپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش دۇرۇستۇر».④

---

① «الثبات عند الممات» 1-توم 41-بەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «فتح الباري» 10-توم 128-بەت.
④ «شرح النووي على صحيح مسلم» 17-توم 8-بەت.

بەزى سەلەفلەر شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان: «ئى الله ! مەن ياشىنىپ كۈچ-قۇۋۋىتىمدىن قالدىم، دۆلەتنىڭ چەك-چېگرالىرى كېڭىيىپ كەتتى، شۇڭا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سېلىشىمدىن ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاجىز كېلىپ قېلىشىمدىن ئىلگىرى مېنى قەبزى روھ قىلغىن».[1]

ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كىرىپ ئۇنى كۆكرىكىمگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزدۇم، ئاندىن: «ئى الله ! ئەبۇ ھۇرەيرەگە شىپالىق بەرگىن» دېسەم، ئۇ: «ئى الله ! كېسەلنى مەندىن كۆتۈرۈۋەتمىگىن> دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن: «ئى ئەبۇ سەلەمە! ئەگەر ئۆلۈم ساڭا دېۋەيلەپ كەلسە، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىغىن» دېدى. مەن: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بىز ھاياتلىقنى ياخشى كۆرىمىز» دېسەم، ئۇ: «ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى قولىدا بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئالىملارغا شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئۆلۈم ئۇلارغا قىزىل ئالتۇندىنمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كېلىپ <كاشكى، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامچۇ!> دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ» دېدى.[2]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ئاخىرەتلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «وإذا أردت بعبادك فتنة فاقبضني إليك غير مفتون» «ئى الله ! ئەگەر بەندىلىرىڭ ئارىسىغا پىتنە سالماقچى بولساڭ، ئۇ پىتنىدىن بۇرۇن مېنى

[1] مالىك توپلىغان.

[2] ھاكىم توپلىغان، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن «سەھىھ» دېگەن. زەھەبىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان.

دەرگاھىڭغا ئالغىن».[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ گەرچە كېسەل بولسىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان**

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مۇئمىنگە نىسبەتەن مەنپەئەتلىكتۇر، چۈنكى مۇئمىنىنىڭ ئۆمرى قانچە ئۇزۇن بولسا ياخشى ئەمەلنى شۇنچە كۆپ قىلىۋالالايدۇ.

عن أبي بكرة رضي اللَّه عنه أنَّ رجلاً قال: «يا رسولَ اللَّه، أيُّ الناسِ خيرٌ؟»، قال: «من طال عمره وحسنَ عملُه». قال: «فأيُّ الناسِ شرٌّ؟» قالَ: «من طالَ عمرُه وساء عمله».

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ دىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۆمرى ئۇزۇن ۋە ئەمەلى ياخشى بولغان كىشى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:

— ئىنسانلارنىڭ يامىنى كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۆمرى ئۇزۇن، ئەمەلى يامان بولغان كىشى، — دەپ جاۋاب بەردى.[2]

شۇڭلاشقا، مۇسۇلمان كىشى بىرەر قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ياكى كېسەل بولۇپ قالغاندا، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئۇزۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماسلىقى كېرەك.

عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه أن رسول اللَّه ﷺ قال: «لا يتمن أحدكم الموت، إما محسنا فلعله يزداد، وإما مسيئا فلعله يستعتب».

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، چۈنكى ياخشى ئىش قىلىدىغان ئادەم ياخشى ئىشنى تېخىمۇ كۆپ قىلىۋېلىشى ۋە يامان ئىش قىلىدىغان ئادەممۇ تەۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن».[1]

مۇسلىم توپلىغان نەقىلدە: «لا يتمن أحدكم الموت، ولا يدع به من قبل أن يأتيه؛ إنه إذا مات أحدكم انقطع عمله، وإنه لا يزيد المؤمن عمره إلا خيرا» «بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى تىلەپ دۇئا قىلمىسۇن، چۈنكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ۋاپات بولسا ئۇنىڭ ئەمىلى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، مۇئمىننىڭ ئۆمرى ئۇنىڭغا ياخشىلىقنىلا زىيادە قىلىدۇ» دەپ كەلگەن.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، ياخشى ئىش قىلغۇچى تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلغان ۋە يامان ئىش قىلغۇچى يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنى شۇكى: <ياخشى ئەمەل قىلىدىغان كىشى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ياخشىلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن؛ يامان ئەمەل قىلىدىغان كىشى يامانلىقىدىن قول ئۈزۈش ۋە شۇ يامانلىق ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن>».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قېلىپ مۇسىبەتلەنگەن كىشىنىڭ بىئارام بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ھەمراھىنىڭ جەستىنى كۆرۈشتىن چەكلىگەن**

سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېرىندىشى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد قىلىنغاندا يۈز بەرگەن ۋەقە بۇنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 13- توم 222- بەت.

ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق بىر قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «ئۇھۇد كۈنى بىر ئايال يۈگۈرگەن پېتى جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ ئايال شەھىدلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: ئۇ ئايالنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن <المرأة المرأة> <ئاۋۇ ئايالنى توسۇڭلار، ئاۋۇ ئايالنى توسۇڭلار!> دېدى. قارىغۇدەك بولسام ئۇ ئانام سەفىيە ئىكەن، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ئۇنى توسۇۋالدىم. ئۇ بەكمۇ تېتىك ئايال ئىدى. ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ: <مەندىن يىراق تۇر!> دېدى. مەن ئۇنىڭغا: <رەسۇلۇللاھ ﷺ سىزنى توسۇشۇمنى بۇيرۇدى> دېسەم، ئانام بۇنى ئاڭلاپ دەرھاللا توختىدى ۋە يېنىدىن ئىككى پارچە رەختنى چىقىرىپ: <ماڭا قېرىندىشىم ھەمزىنىڭ شەھىد قىلىنغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى، شۇڭا بۇ ئىككى پارچە رەختنى ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇنى مۇشۇ رەختتە كېپەنلەڭلار> دېدى.

بىز ئۇ رەختتە ھەمزىنى كېپەنلەش ئۈچۈن يېنىغا باردۇق، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئەنسارى ياتقان بولۇپ ئۇنىڭ جەسىتىمۇ ھەمزىگە ئوخشاشلا بۇزۇۋېتىلگەن ئىكەن. ھەمزىنى ئىككى پارچە رەختتە كېپەنلەپ ئۇ ئەنسارىنى كېپەنسىز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى رەختنى ئۇلارغا بىردىن ئىشلىتىشكە مەسلىھەت قىلىشتۇق. قارىساق ئىككى رەختنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەسكەن، شۇنىڭ بىلەن رەختنى ئۇ ئىككىسىنىڭ بەدىنىگە قاراپ تەڭشەپ ئىشلەتتۇق».[①]

وعن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: «أتى رسول الله ﷺ على حمزة يوم أحد، فوقف عليه فرآه قد مثل به، فقال: ‹لولا أن تجد صفية في نفسها، لتركته حتى تأكله العافية حتى يحشر يوم القيامة من بطونها، ثم دعا بنمرة فكفنه فيها. فكانت إذا مدت على رأسه بدت قدماه، وإذا مدت على قدميه بدا رأسه فخمر رأسه».

---

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد كۈنى تاغىسى ھەمزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلاق بۇرۇنلىرىنىڭ كېسىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ: <ئەگەر ھەمزەنىڭ ھەمشىرىسى سەفىيە باشقىچە ئويلاپ قالمايدىغان بولسا، ئۇنى مۇشۇنداقلا قويۇپ قوياتتىم، ئۇنى ئۇچارلىقلار يەيتتى ۋە قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قورسىقىدىن ھەشىر قىلىناتتى (قايتا تىرىلدۈرۈلەتتى)> دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ يۇڭدىن تىكىلگەن بىر توننى ئەكەلدۈرۈپ ھەمزىنى ئۇنىڭ بىلەن يۆگەپ قويدى. ئۇ توندا ھەمزىنىڭ بېشىنى ياپسا پۇتى ئېچىلىپ قالاتتى، پۇتىنى ياپسا بېشى ئېچىلىپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بېشىنى يېپىپ قويدى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەجىر-مۇكاپاتنىڭ تولۇق بېرىلىشى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ الله ئۈچۈن ئاتالغانلىقىنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ئاشكارا بولۇپ تۇرۇشى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ قۇلاق بۇرۇنلىرىنى كېسىپ پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئازابلاش بولمايدىغانلىقى، ھەتتا ئۇنى دەپنە قىلىش ياكى قىلماسلىقنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەت يەتكەنلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇ-ئەلىمىنى يەڭگىللىتەتتى**

عنْ أسماءَ بنتِ عميسٍ رضي اللَّه عنها قالت: لما أصيب جعفر وأصحابه دخلت على رسول اللَّه ﷺ وقد دبغت أربعين منيئة، وعجنت عجيني، وغسلت بني ودهنتهم ونظفتهم، فقال رسول اللَّه ﷺ: «ائتيني ببني جعفر»، فأتيته بهم فشمهم وذرفت عيناه، فقلت يا رسول اللَّه، بأبي أنت وأمي، ما يبكيك؟ أبلغك عن جعفر وأصحابه شيء؟ قال: «نعم، أصيبوا هذا اليوم» وخرج رسول اللَّه ﷺ إلى

[1] تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] «تحفة الأحوذي» 4- توم 83- بەت.

أهله فقال: «لا تغفلوا آل جعفر من أن تصنعوا لهم طعاما فإنهم قد شغلوا بأمر صاحبهم».

ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شەھىد قىلىنغاندا، مەن 40 دانە تېرىنى ئاشلاپ، خېمىرىمنى يۇغۇرۇپ، بالىلىرىمنى يۇيۇپ ۋە ئۇلارنى مايلاپ بولۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا باردىم. پەيغەمبەر ﷺ: <جەئفەرنىڭ بالىلىرىنى يېنىمغا ئەكىلىڭ!> دېدى. مەن بالىلارنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئەكەلدىم، ئۇ بالىلارنى سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، نېمىگە يىغلايسەن؟ جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرەر خەۋەر كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ھەئە. ئۇلار بۈگۈن شەھىد قىلىندى> دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ: <سىلەر جەئفەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئۇلار جەئفەرنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش> دېدى».[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ دادامنىڭ شەھىدلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ: «اصنعوا لأهل جعفر طعاما فإنه قد جاءهم ما يشغلهم» «جەئفەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرىڭلار، ئۇلار مۇسىبەت سەۋەبىدىن تاماق ئېتىپ بولالمايدۇ» دېدى.[2]

مۇبارەك فورى مۇنداق دېگەن: «ھەدىسنىڭ مەنىسى — <جەئفەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىگە يەتكەن مۇسىبەتتىن قايغۇرۇپ تاماق ئېتىشكە كۆڭلى تارتمايدۇ-دە، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تۇيمىغان ھالەتتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ».

تەيىبى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قوشنىلاردىن ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تاماق ئېتىپ

[1] ئەھمەد توپلىغان.
[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىرىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ». [1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ بەزىدە مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولاتتى**

عن عبداللّٰه بن جعفر رضي اللّٰه عنه قال: بعث رسول اللّٰه ﷺ جيشا، استعمل عليهم زيد بن حارثة فإن قتل زيد-أو استشهد-فأميركم جعفر، فإن قتل-أو استشهد-فأميركم عبد اللّٰه بن رواحة فأتى خبرهم النبي ﷺ، فخرج إلى الناس، فحمد اللّٰه وأثنى عليه، وقال: إن إخوانكم لقوا العدو، وإن زيدا أخذ الراية، فقاتل حتى قتل-أو استشهد-ثم أخذ الراية بعده جعفر بن أبي طالب فقاتل حتى قتل-أو استشهد -، ثم أخذ الراية عبد اللّٰه بن رواحة، فقاتل حتى قتل-أو استشهد-ثم أخذ الراية سيف من سيوف اللّٰه خالد بن الوليد، ففتح اللّٰه عليه فأمهل، ثم أمهل آل جعفر-ثلاثا-أن يأتيهم، ثم أتاهم فقال: لا تبكوا على أخي بعد اليوم أو غد ادعوا إلي ابني أخي قال: فجيء بنا كأنا أفرخ، فقال: ادعوا إلي الحلاق، فجيء بالحلاق فحلق رءوسنا، ثم قال: أما محمد فشبيه عمنا أبي طالب، وأما عبد اللّٰه فشبيه خلقي وخلقي ثم أخذ بيدي فأشالها، فقال: اللّٰهم اخلف جعفرا في أهله، وبارك لعبد اللّٰه في صفقة يمينه، قالها ثلاث مرار، قال: فجاءت أمنا فذكرت له يتمنا، وجعلت تفرح له، فقال: العيلة تخافين عليهم وأنا وليهم في الدنيا والآخرة؟!

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارغا زەيد ئىبنى ھارىسنى ئەمىر قىلدى ۋە: <ئەگەر زەيد ئۆلتۈرۈلسە ياكى شەھىد قىلىنسا، سىلەرگە جەئفەر ئەمىر بولسۇن. ئەگەر جەئفەر ئۆلتۈرۈلسە ياكى شەھىد قىلىنسا، سىلەرگە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئەمىر بولسۇن> دېدى. ئۇلارنىڭ (شەھىد بولغانلىق) خەۋىرى پەيغەمبەر ﷺ گە يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىقىپ اللہ قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى ۋە: <سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار دۈشمەنگە ئۇچرىشىپ زەيد بايراقنى ئالدى، ئاندىن ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى شەھىد

[1] «تحفة الأحوذي» 4- توم 67- بەت.

قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بايراقنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ئالدى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئالدى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، بايراقنى الله نىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىد ئالدى، الله ئۇنىڭغا نۇسرەت بەردى> دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۈچ كۈن قارىلىق تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلغان. ئۈچ كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: <بۈگۈندىن ياكى ئەتىدىن ئېتىبارەن قېرىندىشىم ئۈچۈن يىغلىماڭلار! قېرىندىشىمنىڭ باللىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار> دېدى. بىز يېتىپ كەلدۇق، بىز خۇددى چۈجىلەرگە ئوخشاش (كىچىك) ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: <ساتىراش چاقىرىپ كېلىڭلار!> دېدى. ساتىراش يېتىپ كېلىپ بىزنىڭ چاچلىرىمىزنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: <مۇھەممەد تاغىمىز ئەبۇ تالىبقا ئوخشايدۇ، ئابدۇللاھنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە ئەخلاقى ماڭا بەك ئوخشايدۇ> دېدى. ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ مېنى كۆتۈردى ۋە: <ئى الله ! جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلغىن، ئابدۇللاھنىڭ تىجارىتىگە بەرىكەت بەرگىن!> دەپ ئۈچ قېتىم دۇئا قىلدى.

ئانىمىز كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە بىزنىڭ يېتىم قالغانلىقىمىزنى ۋە بىزدىن غەم ـ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى دېيىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <پېقىرلىقتىن قورقىۋاتامسىز؟ مەن ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ۋەلىيسى> دېدى». [1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ تۇل ئايال ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە**

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**قىزىقتۇراتتى**

عن سهل بن سعد رضي الله عنه عن النبي ﷺ أنه قال: «أنا وكافل اليتيم في الجنة هكذا وأشار بالسبابة والوسطى».

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «مەن ۋە يېتىمگە ئىگە بولغۇچى ئىككىمىز جەننەتتە مانا مۇشۇنداق يېقىن بولىمىز» دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسەتكەن.[1]

وعن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي ﷺ قال: «الساعي على الأرملة، والمسكين، كالمجاهد في سبيل الله» وأحسبه قال: «وكالقائم لا يفتر وكالصائم لا يفطر».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۇل ئاياللارنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشى الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ». ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن «پەيغەمبەر ﷺ نى (الله يولىدا جىھاد قىلغان) دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا <كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە ھەر كۈنى روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ> دېگەنمىكىن دەپ ئويلايمەن».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتلەنگەن بەزى كىشىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە ئۇلارغا پۇل ـ مال بەرگەن ئىدى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تائىفنىڭ غەنىيمەتلىرىدىن مۇھاجىرلارغا بېرىپ ئەنسارىلارغا بەرمەسلىكى بۇنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر، ھەتتا بەزى ئەنسارىلار بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ قالغان ئىدى.

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى توپلاپ: «إن قريشا حديث عهدهم بجاهلية ومصيبة وإني أردت أن أجبرهم وأتألفهم» «قۇرەيشلىكلەر جاھىلىيەت ۋە مۇسىبەتتىن قۇتۇلغىلى ئۇزۇن بولمىدى، مەن ئۇلارنىڭ سۇنۇق دىللىرىغا مەلھەم بېرىپ كۆڭۈللىرىنى ئالماقچى» دېگەن.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ سۇھەيب رۇمىغا ئۇخشاش الله يولىدا پۈتۈن مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا غەمخورلۇق قىلغان ئىدى**

عن سهيب رضي اللّه عنه قال: وخرج رسول اللّه ﷺ إلى المدينة وخرج معه أبو بكر رضي اللّه عنه، وكنت قد هممت معه بالخروج فصدني فتيان من قريش، فجعلت ليلتي تلك أقوم ولا أقعد، فقالوا: قد شغله اللّه عنكم ببطنه ولم أكن شاكيا، فناموا فخرجت ولحقني منهم ناس بعدما سرت يريدون ليردوني، فقلت لهم: إن أعطيتكم أواقي من ذهب وتخلون سبيلي، وتوفون لي ففعلوا فتبعتهم إلى مكة؟ فقلت: احفروا تحت أسكفة الباب فإن تحتها أواقي، واذهبوا إلى فلانة فخذوا الحلتين، وخرجت حتى قدمت على رسول اللّه ﷺ بقباء قبل أن يتحول منها، فلما رآني قال: «يا أبا يحيى، ربح البيع»، فقلت: يا رسول اللّه، ما سبقني إليك أحد، وما أخبرك إلا جبريل عليه السلام. فأنزل اللّه في صهيب: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللّٰهِ واللّٰهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾.

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چىقماقچى بولغان ئىدىم، قۇرەيشلىك بىر توپ يىگىت مېنى توسۇۋالدى. مەن شۇ كېچىسى ئولتۇرالماي، ئۆرە تۇرۇپ چىقتىم. ئۇلار:

— قورسىقى ئاغرىپ كەتكەچكە، قاچقۇدەك مادارى قالمىدى، — دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئاغرىق ئەمەس ئىدىم. ئاخىرى ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا، قېچىپ چىقىپ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىر قانچىسى ئارقامدىن قوغلاپ

[1] بۇخارى توپلىغان.

يېتىشىۋالدى ۋە مېنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. مەن ئۇلارغا:

ــ سىلەرگە بىرقانچە مىسقال ئالتۇن بەرسەم، مېنى قويۇپ بېرەمسىلەر؟ سۈرۈكلەردا تۇرامسىلەر؟ ــ دېسەم، ئۇلار ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلار بىلەن بىللە مەككىگە بېرىپ، ئىشىكىمنىڭ بوسۇغىسىنىڭ ئاستىنى كولاتقۇزۇپ، ئالتۇن چىقىرىپ ئۇلارغا بەردىم. ئالتۇننى شۇ يەردىن ئېلىڭلار. ئاندىن پالانچى ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىككى قۇر كىيىمنى شۇنىڭدىن ئېلىۋېلىڭلار! ــ دېدىم. مەنمۇ پەيغەمبەر ﷺ گە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقتىم ۋە ئۇلار قۇبادىن كېتىپ بولغۇچە يېتىپ باردىم. پەيغەمبەر ﷺ مېنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئەبۇ يەھيا! سوداڭدا پايدا ئالدىڭ، ــ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىگەنىدىم. قارىغاندا، بۇنى ساڭا جىبرىئىل يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ، ــ دېدىم. ئاندىن الله تائالا مېنىڭ ھەققىمدە: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ واللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾ «بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر»[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ مۇسىبەتلەنگەن كىشىلەرگە سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيتتى**

عن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه قال: أصيب رجل في عهد رسول اللَّه ﷺ في ثمار ابتاعها، فكثر دينه، فقال رسول اللَّه ﷺ: «تصدقوا عليه، فتصدق الناس عليه فلم يبلغ ذلك وفاء دينه» فقال رسول اللَّه ﷺ لغرمائه: «خذوا ما وجدتم وليس لكم إلا ذلك».

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ

[1] سۇرە بەقەرە 207 ـ ئايەت.
[2] ھاكىم توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىمۇ بۇنى قوللىغان.

زامانىدا بىر ئادەم باغ مېۋىسىنى سېتىۋېلىپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە:

— ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىڭلار! — دېدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا خېلى كۆپ مىقداردا سەدىقە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەرزىگە چىقىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ قەرز ئىگىلىرىگە:

— ئۇنىڭدا بارنى ئېلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقىسى يوق! — دېدى.[①]

«سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقىسى يوق!» دېگەننىڭ مەنىسى — «سىلەرگە ھازىر بۇنىڭدىن ئارتۇقى بېرىلمەيدۇ. قەرزدار قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئۇنى قەرزنى قايتۇرۇشقا قىستاش ھالال ئەمەس، بەلكى ھالى ياخشىلانغۇچە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ.[②]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ياردەم بېرىش لازىملىقى.

موھتاجلىقتا قالغان ۋە قەرزدار بولۇپ قالغانلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارغا سەدىقە بېرىشكە قىزىقتۇرۇش.

قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىنى قەرز قايتۇرۇشقا قىستاشنىڭ ۋە ئۇنى شۇ سەۋەبلىك تۈرمىگە قاماشنىڭ ھالال ئەمەسلىكى.

ئىقتىسادى ۋەيران بولۇپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن كىشى قەرزنى تۆلىيەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان نەرسىلىرىدىن باشقا مال-مۈلكىنىڭ ھەممىسى قەرز بەرگۈچىگە تاپشۇرۇلىدىغانلىقى.[③]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بېرىش**

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] «شرح النووي على صحيح مسلم» 10- توم 217- بەت.

[③] «شرح النووي على صحيح مسلم» 10- توم 218- بەت.

**ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇسىبىتىنى يەڭگىللىتەتتى**

عن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه: أن أمَّ الرُّبَيِّع بنت البراء-وهي أمُّ حارثةَ بنِ سُراقة-أتتِ النبي -ﷺ-، فقالت: «يا نبيَّ اللَّه ألا تحدِّثُني عن حارثة-وكان قُتل يوم بدر، أصابه سهمُ غَرْب-فإن كان في الجنة صَبرْتُ، وإن كان غير ذلك اجتهدتُ عليه في البكاء؟ فقال: «ويحك، أوهبلت، أوجنة واحدة هي، إنها جنان كثيرة، وإنه في جنة الفردوس».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ھارىسە ئىبنى سۇراقەنىڭ ئانىسى (ئۇممۇ رۇبەيئ بىنتى بەرا) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى اللە نىڭ رەسۇلى! ماڭا ھارىسەنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگىن. ئۇ بەدر ئۇرۇشىدا غايىبتىن كەلگەن ئوق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا، سەۋر قىلىمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭغا ھازا تۇتۇپ، قاتتىق يىغلايمەن، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— (ئى ئۇممۇ ھارىسە!) ۋاي سىزنىڭ ھالىڭىزغا، بالىڭىزدىن ئايرىلىپ ئەقلىڭىزنى يوقاتتىڭىزمۇ؟ جەننەتنى پەقەت بىر دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟ جەننەتنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئوغلىڭىز ھارىسە جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى (بولغان) فىردەۋسكە ئېرىشتى، — دەپ جاۋاب بەردى.[①]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ۋەقە ئۇن سېلىپ يىغلاش ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان ئىدى. ئۇن سېلىپ يىغلاش ئۇھۇد جېڭىدىن كېيىن ھارام قىلىنغان. بۇ بەدر جېڭىدىن كېيىن يۈز بەرگەن».[②]

عن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنهما قال: لقيني رسول اللَّه -ﷺ، فقال لي: يا جابر ما لي أراك منكسرا؟ قلت: يا رسول اللَّه! استشهد أبي، قتل يوم أحد، وترك عيالا ودينا، فقال: أفلا أبشرك بما لقي اللَّه به أباك؟ قلت: بلى يارسول اللَّه، قال: ما كلم اللَّه أحدا قط إلا من وراء حجاب، وأحيى أباك،

[①] بۇخارى توپلىغان.

[②] «فتح الباري» 6- توم 27- بەت.

فكلمه كفاحا، فقال: يا عبدي، تمن علي أعطك، قال: يا رب، تحييني فأقتل فيك ثانية، قال سبحانه: قد سبق مني أنهم إليها لا يرجعون، قال وأنزلت هذه الآية: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا﴾ الآية [آل عمران: الآية 169]».

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! دادام ئۇھۇد كۈنى شەھىد بولدى. ماڭا (ئۇنىڭدىن) بىرقانچە بالا ۋە قەرز قېلىپ قالدى، — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ساڭا الله نىڭ داداڭغا قانداق ئۇچراشقانلىقى بىلەن بىشارەت بېرەيمۇ؟ — دېدى. مەن:

— ھەئە، — دېسەم. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى:

الله تائالا ھېچبىر كىشىگە ئوتتۇرىدا پەردە بولماي تۇرۇپ گەپ قىلىپ باقمىغانىدى، ئەمما داداڭنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە تۇرۇپ: «ئى بەندەم! مەندىن نېمە تىلىسەڭ، شۇنى بېرىمەن» دېگەنىدى، داداڭ: «ئى رەببىم! مېنى قايتا تىرىلدۈرسەڭ، سېنىڭ يولۇڭدا قايتا شەھىد بولسام» دېدى. الله تائالا خىتاب قىلىپ: «مېنىڭ (ئىنسانلارنى) دۇنياغا قايتۇرماسلىق (ھەققىدىكى) ھۆكمىم بېكىتىلىپ بولدى» دېدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن»[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا غەم ـ قايغۇنى يەڭگىللىتىشكە پايدىسى بولىدىغان تاماقلارنى يېيىشنى تەۋسىيە قىلاتتى**

عن عائشة رضي اللّه عنها أنها كانت إذا مات الميت من أهلها فاجتمع لذلك النساء ثم تفرقن إلا

[1] سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەت.
[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

أهلها وخاصتها أمرت ببرمة من تلبينة فطبخت ثم صنع ثريد فصبت التلبينة عليها ثم قالت كلن منها فإني سمعت رسول الله ﷺ يقول: «التلبينة مجمة لفؤاد المريض تذهب ببعض الحزن».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئائىلىسىدىن بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ھازىدار ئاياللار تارقىلىپ كېتىپ ئائىلىسىدىكى كىشىلەرلا قالغاندا بىر قازان تەلبىنە① تامىقى تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى، ئاندىن شورپا تەييارلاپ ئۇ تاماقنى شورپا ئۈستىگە تۆكەتتى. ئاندىن: «بۇنىڭدىن يەڭلار! مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <تەلبىنە كېسەل كىشىنىڭ يۈرىكىگە ئارام بېرىپ، غەم-قايغۇسىنى كەتكۈزىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دەيتتى.②

بۇ ھەدىستىن، غەم-قايغۇغا پېتىپ قالغان كىشىلەرگە «تەلبىنە» دېگەن تاماقنى ئېتىپ بېرىشنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.③

تەلبىنە تامىقىنىڭ تېبابەتتە ئىسپاتلانغان پايدىلىق تەرەپلىرى:

دوكتور زەغلۇل نەججار مۇنداق دېگەن: «ئارپا ئۆمچى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، سۈيدۈكنى ھەيدەيدۇ ۋە ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ. يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش ۋە نەپەس قىيىنلىشىش قاتارلىق ھالەتلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. تاماق سىڭدۈرىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىگە شىپا قىلىدۇ. بەدەننىڭ ھارارىتىنى چۈشۈرىدۇ ۋە بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.④

ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، ئارپا قاندىكى ماي مىقدارىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كونترول قىلىدۇ ۋە جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

1985- يىلى يۇبەيدىز ژۇرنىلىدا ئارپىنىڭ قاندىكى ماي مىقدارىنىڭ

① كېپىكى ئايرىلمىغان ئارپا ئۇنىدىن تەييارلىنىدىغان، ئۇماچقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل تاماق.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 14- توم 202- بەت.
④ «الإعجاز العلمي في السنة النبوية» 2- توم 9- بەت.

ئۆرلەپ كېتىشىنى كونترول قىلىش ئۇنۇمىنىڭ باشقا ئۇسۇملۇكلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار دېيىلگەن: ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى ئارپا ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئارپىنىڭ تەركىبىدە ئوخشىمىغان ئۈچ خىل ماددىنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئۇ ئۈچ خىل ماددىنىڭ ئوخشاشلا قاندىكى ماي مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقىنى بايقاپ چىققان.

دوكتور زەغلۇل نەججار يەنە مۇنداق دېگەن: «ئارپىنىڭ تەركىبىدىكى بۇ خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ چۈشكۈنلۈكنى پەسەيتىش، كۆڭۈلگە قانائەت تۇيغۇسى ۋە خۇشاللىق پەيدا قىلىش، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلايدىغان نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە كۆرۈنەرلىك ياخشى تەسىرلىرى بارلىقى ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلانغان».

بۈگۈنكى كۈندە بەدىنىدە خىمىيىلىك تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەنلەرنى داۋالاشتا، شۇ تۈردىكى كېسەللىكلەرگە پايدىلىق دەپ قارالغان ماددىلار ۋە ئارپا ئۇمىچى ئۇلارنى داۋالاشتىكى ئاساسلىق يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە يولۇققانلارنى يوقلاپ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى**

عن أنس بن مالك رضي اللّٰه عنه قال: كان النبي ﷺ، لا يدخل على أحد من النساء إلا على أزواجه، إلا أم سليم، فإنه كان يدخل عليها، فقيل له في ذلك، فقال: «إني أرحمها قتل أخوها معي».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن سىرت ئۇممۇ سۇلەيمدىن باشقا ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرمەيتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئۆيىگە دائىم دېگۈدەك كىرىپ تۇراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۇنىڭغا بەكمۇ ھېسداشلىق

[1] «المنهج الموقع الرسمي للشيخ عثمان الخميس».

قىلىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ قېرىندىشى مېنىڭ قوشۇنۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى> دەپ جاۋاب بەرگەن». [1]

«أم سليم» — ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى سەھلە ياكى رەمىلە ۋە ياكى مەلىكە بىنتى مىلھان بولۇپ، ئۇ ئەنسارى ئاياللاردىن ئىدى. ئۇ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى ئىدى، ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ «ئۇممۇ سۇلەيم» دېگەن كۇنىيىتى مەشھۇردۇر.

ئۇنىڭ قېرىندىشى ھەرام ئىبنى مىلھان بىئرە مەئۇنە غازىتىدا شەھىد قىلىنغان. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «معي» دېگەن سۆزى «مېنىڭ ئەسكەرلىرىم بىلەن ياكى مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىپ جەڭگە چىقىپ ئۆلتۈرۈلدى» دېگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بىئرە مەئۇنە جېڭىگە ساھابىلىرىنى ئەۋەتىپ ئۆزى بىۋاستە قاتناشمىغان.

بۇ ھەدىستە، قېرىنداش ۋە دوست-بۇرادەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە قىزىقتۇرۇلغان.

ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېرىندىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ جەڭگە قاتنىشىپ شەھىد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇممۇ سۇلەيمنى يوقلاپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن. بۇنىڭدىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېرىندىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە غەمخورلۇق يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېرىنداشلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. [2]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «جىھاد ھەققىدىكى ھەدىسلەر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 6- توم 51- بەت.

سۆزلەنگەن ئورۇندا ئۇمۇ سۇلەيم بىلەن ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ئۇمۇ ھەرام ئىككىسىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ئېمىلداشلىق ياكى نەسەب تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن تۇتۇشىدىغان ھامىمىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق، شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇ ئىككىسى بىلەن يالغۇز قېلىشى دۇرۇس بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىدىن باشقا ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرمەيتتى. پەقەت بۇ ئىككىسىنىڭ قېشىغا دائىم كىرىپ تۇراتتى.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەر كىشى ئۆز مەھرىمىنىڭ ئۆيىگە مەھرىمىنىڭ يولدىشى ئۆيدە يوق بولسىمۇ كىرسە دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. ئەر كىشى ناھايىتى تەقۋادار كىشى بولغان تەقدىردىمۇ يات ئايالنىڭ قېشىغا كىرىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ يات ئاياللار بىلەن خىلۋەتتە قېلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ئىلگىرىكى مەزمۇنلاردا مەشھۇر سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان».[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتلەنگەن كىشىلەرگە ئۆزئارا قانداق تەسەللى بېرىشنى ۋە مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىغا غەمخان بولۇشنى ئۆگەتكەن.**

عن عمرو بن حزم رضي الله عنه عن النبي ﷺ أنه قال: «ما من مؤمن يعزي أخاه بمصيبة، إلا كساه الله سبحانه من حلل الكرامة يوم القيامة».

ئەمرى ئىبنى ھەزىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر مۇئمىن قېرىندىشىغا يەتكەن مۇسىبەت سەۋەبلىك ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇ مۇئمىنگە ھۆرمەت تونلىرىدىن كىيىم كەيگۈزىدۇ».[2]

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 16 ـ توم 10 ـ بەت.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا تەسەللى بەرگەن ۋە نېمە دېيىشنى ئۆگەتكەن**

عن أسامة بن زيد رضي اللّه عنه: أرسلت ابنة النبى -ﷺ- إن ابنى قبض فأتنا فأرسل يقرئ السلام: ويقول: «إن للّه ما أخذ وله ما أعطى، وكل عنده بأجل مسمى فلتصبر ولتحتسب».

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەلچى ئەۋەتىپ مېنىڭ ئوغلۇم سەكراتتا، ئاتام بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ كەتسىكەن دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ بارمايلا سالام يوللاش بىلەن بىرگە: <ئالغىنىمۇ الله نىڭدۇر، بەرگىنىمۇ الله نىڭدۇر. ھەرقانداق ئىش الله نىڭ بەلگىلىگەن مۇددىتى بىلەن بولىدۇ، شۇڭا قىزىم سەۋر قىلسۇن ۋە الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلسۇن> دەپ ئادەم ئەۋەتكەن».[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىدىن مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ياكى ئاغرىپ قالغانلارغا شىپا دۇئاسى ئوقۇپ قويغان**

عن يزيد بن أبي عبيد قال: «رأيت أثر ضربة ٍ في ساق سلمة فقلت يا أبا مسلم ما هذه الضربة فقال هذه ضربة أصابتني يوم خيبر فقال الناس أصيب سلمة فأتيت النبي ﷺ فنفث فيه ثلاث نفثات فما اشتكيتها حتى الساعة».

يەزىد ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيد مۇنداق دېگەن: «مەن سەلەمەنىڭ پاچىقىدا قىلىچ تەگكەننىڭ ئىزناسىنى كۆرۈپ: <ئى ئەبۇ مۇسلىم! بۇ تاتۇق قانداق پەيدا بولغان؟> دەپ سورسام، ئۇ: <بۇ خەيبەر كۈنى تەگكەن قىلىچتىن قالغان تاتۇق، كىشىلەر سەلەمە يارىلاندى دېيىشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلسەم، پەيغەمبەر ﷺ پاچىقىمدىكى جاراھەتكە ئۈچ قېتىم سۈفلەپ، دۇئا قىلىپ قويغانىدى، ھازىرغىچە ئاغرىپ باقمىدى> دەپ جاۋاب بەردى».[2]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.

وعن عائشة رضي اللّه عنها أن النبى ﷺ كان يعوذ بعض أهله، يمسح بيده اليمنى، ويقولُ: «اللَّهُمَّ رَبَّ النَّاسِ، أَذْهِب البَأْسَ، وَاشْفِهِ أَنْتَ الشَّافِي، لاَ شِفَاءَ إِلاَّ شِفاؤكَ، شِفَاءً لاَ يُغَادِرُ سَقمًا»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئاياللىرىنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ پاناھلىق تىلەيتتى ۋە «ئى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ! كېسەلنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگىن، سەنلا شىپالىق بەرگۈچىسەن، سېنىڭ شىپايىڭدىن باشقا شىپا يوق، ئۇنىڭغا كېسەل بىدارى قويمايدىغان شىپالىق ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى.[1]

وعن محمد بن حاطب رضي اللّه عنه قال: «انصبت على يدي مرقة فأحرقتها فذهبت بي أمي إلى رسول اللّه ﷺ فأتيناه وهو في الرحبة فأحفظ أنه قال: أذهب الباس رب الناس" وأكثر علمي أنه قال: أنت الشافي لا شافي إلا أنت».

مۇھەممەد ئىبنى ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قولۇمغا شورپا تۆكۈلۈپ كېتىپ قولۇمنى كۆيدۈرۈۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئانام مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى، پەيغەمبەر ﷺ (مەسجىدنىڭ) سەيناسىدا ئىكەن. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <ئى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ! كېسەلنى كۆتۈرۈۋەتكىن> دېگەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە، لېكىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يەنە <سەنلا شىپالىق بەرگۈچىسەن، سېنىڭ شىپايىڭدىن باشقا شىپا يوق> دېگەنلىكى گۇمانلىق ئېسىمدە بار».[2]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## 3- باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەمبەغەللەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

ئىسلام شەرىئىتىدە كۆزدە تۇتۇلغان پېقىرلىق تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ تولۇق بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا يەتكۈدەك مال-مۈلكى يوق ھەرقانداق كىشى پېقىر ۋە مىسكىنلەر قاتارىغا كىرىدۇ.①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى ۋە ئائىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن ئاشقان نەرسىلەرنى پېقىر-مىسكىنلەرگە تارقىتىپ بېرەتتى**

قال عمر بن الخطاب رضي الله عنه: «كان رسول الله ﷺ ينفق من ماله على أهله ويتصدق بفضله».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ مېلىدىن ئائىلىرىغا چىقىم قىلىپ بېرەتتى ۋە ئېشىپ قالغان قىسمىنى سەدىقە قىلىۋېتەتتى».②

خەيبەر فەتھى بولغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان بەشتىن بىرىنى ئالغان. ھەمدە ئۇنىڭمۇ تۇرمۇش خىراجىتىدىن ئېشىپ قالغىنىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن.

قال عمر رضي الله عنه: «وأما خيبر فجزأها رسول الله صلى الله عليه و سلم ثلاثة أجزاء جزءين بين المسلمين وجزءا نفقة لأهله فما فضل عن نفقة أهله جعله بين فقراء المهاجرين».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ خەيبەردىن ئالغان غەنىيمەتلەرنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، ئىككىسىنى مۇسۇلمانلارغا، بىرىنى

① «مجموع الفتاوى» 28- توم 570- بەت.
② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئاياللىرىغا چىقىم قىلىپ بەرگەن. ئاياللىرىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلەتكىنىدىن ئېشىپ قالغىنىنى يېقىن مۇھاجىرلارغا تارقىتىپ بەرگەن». [1]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كل مال النبي صدقة، إلا ما أطعمه أهله و كساهم، إنا لا نورث» «پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەككە ئىشلىتىلىدىغان خىراجەتتىن باشقا پۈتۈن مال ـ مۈلۈك سەدىقىدۇر. ھەقىقەتەن بىزدىن مىراس قالدۇرۇلمايدۇ». [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنىڭ چىرايىدىن موھتاجلىقىنى ھېس قىلسا ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلاتتى**

جرير بن عبد اللّه رضي اللّه عنه قال: كنا عند رسول اللّه ﷺ في صدر النهار، قال: فجاءه قوم حفاة عراة مجتابي النمار أو العباء، متقلدي السيوف، عامتهم من مضر، بل كلهم من مضر فتمعر وجه رسول اللّه ﷺ لما رأى بهم من الفاقة، فدخل ثم خرج، فأمر بلالا فأذن وأقام، فصلى ثم خطب فقال: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ﴾ [النساء: 1] إلى آخر الآية، ﴿إِنَّ اللهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا﴾ [النساء: 1] والآية التي في الحشر: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللهَ وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللهَ﴾ [الحشر: 18] «تصدق رجل من ديناره، من درهمه، من ثوبه، من صاع بره، من صاع تمره - حتى قال - ولو بشق تمرة» قال: فجاء رجل من الأنصار بصرة كادت كفه تعجز عنها، بل قد عجزت، قال: ثم تتابع الناس، حتى رأيت كومين من طعام وثياب، حتى رأيت وجه رسول اللّه ﷺ يتهلل، كأنه مذهبة، فقال رسول اللّه ﷺ: «من سن في الإسلام سنة حسنة، فله أجرها، وأجر من عمل بها بعده، من غير أن ينقص من أجورهم شيء، ومن سن في الإسلام سنة سيئة، كان عليه وزرها ووزر من عمل بها من بعده، من غير أن ينقص من أوزارهم شيء»

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. يالاڭئاياق، يېرىم

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

يالىڭاچ، ئۇچىلىرىغا يۇڭ كىيىملەرنى ئارتىۋالغان، يېنىغا قىلىچ ئاسقان بىر گۇرۇھ كىشىلەر كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بەلكى ھەممىسى دېگۈدەك مۇزەر قەبىلىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئاچ ۋە يوقسۇل ھالىنى كۆرۈپ چىرايى بىر قىسىم بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن، بىلالنى ئەزان ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىن تەكبىر چۈشۈرلۈپ ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار... الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[1] دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە، ئاندىن: «ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، الله تىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ھەر كىشى تىللالىرىدىن، تەڭگىلىرىدىن، كىيىم-كېچەكلىرىدىن، بۇغداي ۋە خورمىلىرىدىن بىرەر سادىن بولسىمۇ سەدىقە قىلسۇن، ھەتتا يېرىم خورما بولسىمۇ بەرسۇن، — دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم خېلىلا ئېغىر بىر خالتىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ سەدىقە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بىر-بىرلەپ سەدىقىلىرىنى ئەكىلىشكە باشلىدى. قارىسام، ئېلىپ كېلىنگەن يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلەر ئىككى دۆۋە بولۇپ كېتىپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۈزىنىڭ خۇشاللىقتىن ئالتۇندەك پارقىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. شۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى:

— كىمكى ئىسلامدا بىرەر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ

[1] سۈرە نىسا 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەشىر 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەجرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قىلغان پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئەجرى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەجرلىرىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتمەيدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىرەر يامان ئىشنى باشلاپ بەرسە، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ گۇناھى ۋە شۇ ئىشنى قىلغان پۈتۈن كىشىلەرنىڭ گۇناھى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتمەيدۇ.[1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ يەردە خۇشال بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ماللىرىنى اللە يولىغا ئاتاشقا ھەر دائىم تەييار ئىكەنلىكى؛ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا بىر-بىرى بىلەن ياردەملىشىشكە قىلغان بۇيرۇقىنى ئورۇنداشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ھەرقانداق كىشى بۇنداق ئىشلارنى كۆرگەندە خۇشال بولۇشى ۋە خۇرسەنلىكىنى ئەمەلىي ئىپادىلىشى كېرەك».[2]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ياخشى ئىشلارنى تونجى بولۇپ قىلىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.

دىندا بولمىغان ۋە ئەيىبلىنىدىغان ئىشلارنى يېڭىدىن پەيدا قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ لازىملىقى.[3]

ياخشى ئىشلارنى يولغا قويۇش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن بولىدۇ:

1. پەيغەمبەر ﷺ تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 103- بەت.
[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 7-توم 104- بەت.

ئۇنتۇلغان سۈننەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. مەسىلەن، رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىنى ئىمام بىلەن ئوقۇشقا ئوخشاش.

2. بىر كىشىنىڭ شەرىئەت بۇيرۇغان ئىشنى تۈنجى بولۇپ قىلىشقا ئالدىرىشى. مەسىلەن، تۇنجى بولۇپ سەدىقە بېرىپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭمۇ ئارقا-ئارقىدىن سەدىقە بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇشقا ئوخشاش.[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلاتتى**

عن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه قال: واللّٰه الذي لا إله إلا هو إن كنت لأعتمد بكبدي على الأرض من الجوع وإن كنت لأشد الحجر على بطني من الجوع، وفي رواية للبخاري:«لقد رأيتني واني لأخر ما بين المنبر والحجرة من الجوع مغشيا علي، فيجئ الجائي فيضع رجله على عنقي يرى أن بي الجنون وما بي الا الجوع» ولقد قعدت يوماً على طريقهم الذي يخرجون منه فمر أبو بكر فسألته عن آية من كتاب اللّٰه ما سألته إلا ليشبعني فلم يفعل ثم مر عمر فسألته عن آية من كتاب اللّٰه ما سألته إلا ليشبعني فمر فلم يفعل ودخل داره، فمشيت غير بعيد فخررت على وجهي من الجهد والجوع فإذا رسول اللّٰه ﷺ قائم على رأسي فتبسم حين رآني فأخذ بيدي فأقامني وعرف ما في نفسي وما في وجهي ثم قال يا أبا هر قلت لبيك يا رسول اللّٰه قال إلحق ومضى فتبعته فدخل منزله فاستأذنت فأذن لي فوجد قدحا من لبن فقال من أين هذا اللبن قالوا أهداه لك فلانٌ-أو فلانة-قال يا أبا هر قلت لبيك يا رسول اللّٰه قال الحق إلى أهل الصفة فادعهم لي قال وأهل الصفة أضياف الإسلام لا يأوون إلى أهل ولا مال ولا على أحد إذا أتته صدقةٌ بعث بها إليهم ولم يتناول منها شيئاً وإذا أتته هدية أرسل إليهم وأصاب منها وأشركهم فيها فساءني ذلك فقلت وما هذا اللبن في أهل الصفة كنت أحق أن أصيب من هذا اللبن شربة أتقوى بها و أنا رسوله إليهم فيأمرني أن أديره عليهم فما عسى أن يصيبني منه و قد كنت أرجو أن يصيبني منه ما يغنيني و لم يكن من طاعة اللّٰه و طاعة رسوله صلى اللّٰه عليه و سلم بد فأتيتهم فدعوتهم فأقبلوا واستأذنوا فأذن لهم وأخذوا مجالسهم من البيت فقال يا أبا هر قلت لبيك

---

[①] ئىبنى ئۇسەيمىننىڭ «شرح رياض الصالحين» ناملىق كىتابى 1- توم 199- بەت.

يا رسول اللّٰه قال: خذ فأعطهم قال: فأخذت القدح فجعلت أعطيه الرجل فيشرب حتى يروى ثم يرد علي القدح فأعطيه الآخر فيشرب حتى يروى ثم يرد علي القدح فأعطيه الآخر فيشرب حتى يروى ثم يرد علي القدح حتى انتهيت إلى النبي ﷺ وقد روي القوم كلهم فأخذ القدح فوضعه على يده فنظر إلي فبتسم فقال يا أبا هر قلت لبيك يا رسول اللّٰه شربت فما زال يقول اشرب حتى قلت لا والذي بعثك بالحق لا أجد له مسلكاً قال فأرني فأعطيته القدح فحمد اللّٰه وسمى وشرب الفضلة، قال: فلقيت عمر وذكرت له الذي كان من أمري وقلت له فولى اللّٰه ذلك من كان أحق به منك يا عمر واللّٰه لقد استقرأتك الآية ولأنا أقرأ لها منك فقال عمر واللّٰه لأن أكون أدخلتك أحب إلي من أن يكون لي مثل حمر النعم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئاچلىقتىن قورسىقىمنى يەرگە چاپلاپلا ياتاتتىم، بەزىدە تاش تېڭىۋالاتتىم. بۇخارىنىڭ يەنە بىر نەقلىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ۋاقىتلاردا شۇنچىلىك كەمبەغەل ئىدىمكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنبىرى بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسى ئارىسىدا يىقىلىپ قالاتتىم. بىرىنىڭ مېنى <ساراڭ بولۇپ قاپتۇ> دەپ ئويلاپ بوينۇمغا دەسسىگىنىنى بىلىمەن. ھالبۇكى، مەن ساراڭ بولۇپ قالمىغان ئىدىم، بەلكى ئاچ ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدىم».

بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆتەر يولى ئۈستىدە ئولتۇردۇم. يېنىمدىن ئەبۇ بەكرى ئۆتتى. ئۇنىڭ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىنى تەمە قىلغان ھالدا، ئۇنىڭدىن اللہ نىڭ كىتابىدىن مەلۇم بىر ئايەت توغرۇلۇق سورىدىم، لېكىن ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەنمەي كېتىپ قالدى، مېنى ئۆيىگە تەكلىپمۇ قىلمىدى. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر كەلدى. ئۇنىڭدىنمۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىنى تەمە قىلىپ، ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن اللہ نىڭ كىتابىدىن مەلۇم بىر ئايەت توغرۇلۇق سورىدىم، لېكىن ئۇمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ

چۈشتۇم. تۇيۇقسىز پەيغەمبەر ﷺ يېنىمغا كەلدى، ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى ۋە قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. پەيغەمبەر ﷺ چىرايىمدىن روھىي ھالىتىمنى ئەينەن بىلىپ يەتكەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا:

— ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! — دېدى. مەن:

— خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— قېنى، مەن بىلەن ماڭغىن! — دېدى. ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ئۆيىگە باردىم. پەيغەمبەر ﷺ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، مەن كىرىشكە رۇخسەت سورىغاندىم، ماڭا رۇخسەت بەردى. پەيغەمبەر ﷺ بىر قاچىدىكى سۈتنى كۆرۈپ:

— بۇ سۈت نەدىن كەلدى؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىدىكىلەر:

— پالانچى ئەر (ياكى ئايال) ساڭا ھەدىيە قىلدى، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! — دېدى. مەن يەنە:

— خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— سۇپپا ئەھلىنى چاقىرىپ كەلگىن! — دېدى. سۇپپا ئەھلى ئىسلامنىڭ مېھمانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نە ئايال ـ بالىلىرى، نە ئۆي ـ جايلىرى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ گە سەدىقە مېلى كەلسە، ھەممىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرەتتى. ھەدىيە كەلسىمۇ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئايرىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئۇلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ تەكلىپى ماڭا ئانچە خۇشياقمىدى، چۈنكى سۈت ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۈتنى ئىچىپ بىرئاز ئەسلىمگە كېلىۋېلىشقا بەكمۇ موھتاج ئىدىم. ھەم بۇنىڭغا مەن ھەممىدىن لايىق، سۇپپا ئەھلى شۇنچە جىق كىشى تۇرسا، ئازغىنە سۈت كىمگە يېتەتتى؟ ھەقىچان، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھېلى مېنى ئۇلارغا سۈت قۇيۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ماڭا ئۇ سۈتتىن نېمىمۇ قالار؟! لېكىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلماي

بولمايدۇ ـ دە!

مەن سۈپا ئەھلىنى چاقىردىم. ئۇلار كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ دىن كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، كىرىپ ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! ــ دەپ چاقىردى. مەن:

ــ خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ سۈتنى بىر ـ بىرلەپ سۇنۇشقا باشلا! ــ دېدى. بىر باشتىن سۇنغىلى باشلىدىم. قاچىنى بىرىنىڭ قولىغا سۇناتتىم، ئۇ قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، ماڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى. يەنە بىرىگە بېرەتتىم، ئۇمۇ ئىچىپ بولۇپ، قايتۇرۇپ بېرەتتى. شۇنداق ئايلىنىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا يېتىپ باردىم. ھەممەيلەن سۈتكە قېنىپ بولغاندا پەيغەمبەر ﷺ قاچىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قارىدى. ئاندىن:

ــ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ــ دېدى. مەن:

ــ خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دېسەم، ئۇ:

ــ (سۈت ئىچمىگەن) ئىككىمىزلا قالدۇق، ــ دېدى. مەن:

ــ شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭ، ــ دېدىم. ماڭا:

ــ قېنى، سەنمۇ ئولتۇرۇپ ئىچكىن! ــ دېدى. قانغۇچە ئىچتىم. يەنە:

ــ ئىچكىن! ــ دېدى. يەنە ئىچتىم. يەنە:

ــ ئىچكىن! ــ دېدى. يەنە ئىچتىم. يەنە ئىچىشكە ئۈندىگەندە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللە بىلەن قەسەمكى، ئەمدى ئىچكۈدەك يېرىم قالمىدى، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇنداقتا، قاچىنى ماڭا بەرگىن! ــ دېدى. قاچىنى بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ اللە تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، «بىسمىللاھ» دەپ سۈتنىڭ قالغىنىنى ئىچىۋەتتى.

مەن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم ۋە ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئۆمەر! الله تائالا ماڭا قورسىقىمنى سەندىن ياخشىراق تويغۇزىدىغان كىشىنى ئەۋەتتى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن سەندىن ئوقۇپ بېرىشنى سورىغان ئايەتنى سەندىن ياخشىراق بىلەتتىم، ــ دېسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ الله بىلەن قەسەمكى، سېنى ئۆيۈمگە باشلاپ كىرىپ ساڭا تاماق بېرىشىم، مەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك ئىدى، ــ دېدى.[1]

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ پېقىر كىشىلەردىكى ئاچلىق ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلاتتى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلاتتى.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قىسسىدە «پەيغەمبەر ﷺ گە بىرەر سەدىقە كەلسە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرەتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا ھەدىيە كەلسە، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يەتكۈدەك ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئوخشاشلا كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرەتتى» دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەمبەغەل ساھابىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن.

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

مېھمانغا ئىچىملىك ئۇزاتقان كىشى مېھماننىڭ قاچىنى يېنىدىكى ھەمراھىغا يۇرۇشتۇرۇشىگە قاراپ تۇرماسلىقى، بەلكى قاچىنى ھەربىر مېھمانغا ئۆز قولى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئۇزىتىشى كېرەكلىكى، چۈنكى مېھماننىڭ، يېنىدىكى ھەمراھىغا قاچىنى ئۇزىتىشى مېھماننى كەمستكەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەرىكىتى سەۋەبلىك تائام ۋە ئىچىملىكنىڭ

[1] بۇخارى ۋە تىرمىزى توپلىغان.

كۆپىيىشىدىن ئىبارەت پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش كاتتا مۆجىزىنىڭ ئاشكارا بولغانلىقى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئەمدى ئىچكۇدەك يېرىم قالمىدى» دېگەن سۆزىگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھېچقانداق قارشى ئىپادە بىلدۈرمىگەنلىكىدىن، تويغىچە تاماق يېيىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

ئەمما، دائىم تويغۇدەك تاماق يېيىشنى ئادەت قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ئىبادەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا ھۇرۇنلۇق قىلىش كېلىپ چىقىدۇ.

موھتاجلىقنى يوشۇرۇشنىڭ باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈشكە قارىغاندا ياخشى ئىكەنلىكى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاجەتمەنلەرگە سېخىيلىق قىلىشنى، ئۆزى، ئائىلىسى ۋە خىزمەتچىلىرىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە بەزى ساھابىلەرنىڭ ئېغىر موھتاجلىقتا قالغانلىقى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىنتايىن پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكى. يەنى، ئۇ مەقسىتىنى قارشى تەرەپكە ئۇدۇل دېيىشتىن خىجىل بولۇپ ئىشارەت بىلەنلا ئىپادىلىگەن ۋە قورسىقى قاتتىق ئاچقان بولسىمۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ئىتائەت قىلىشنى ئۆز نەپسىنىڭ ئالدىدا قويغان.

تاماقنا تەكلىپ قىلىنغان كىشى ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت سورىماستىن كىرمەيدىغانلىقى.[①]

وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: أتت علي ثلاثة أيام لم أطعم فيها طعاما، فجئت أريد الصفة، فجعلت أسقط فجعل الصبيان ينادون: جن أبو هريرة، قال: فجعلت أناديهم، وأقول: بل أنتم المجانين

---

① «فتح الباري» 11- توم 289- بەت.

حتى انتهينا إلى الصفة، فوافقت رسول اللَّه ﷺ أتي بقصعة من ثريد، فدعا عليها أهل الصفة وهم يأكلون منها، فجعلت أتطاول كي يدعوني، حتى قام القوم وليس في القصعة إلا شيء في نواحي القصعة، فجمعه رسول اللَّه ﷺ فصارت لقمة، فوضعها على أصابعه، ثم قال لي: «كل باسم اللَّه»، فوالذي نفسي بيده ما زلت آكل منها حتى شبعت.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن تاماق يېمىگىلى ئۈچ كۈن بولغاچقا سۇپا ئەھلى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ يولدا ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشتۇم. شۇنىڭ بىلەن كىچىك بالىلار «ئەبۇ ھۇرەيرە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارغا «سىلەر ئۆزۈڭلار ساراڭ!» دەپ توۋلاپ قويۇپ ئاخىرى سۇپا ئەھلىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىۋالدىم. بۇ ۋاقىتتا بىرى پەيغەمبەر ﷺ گە بىر قاچا تاماق ئېلىپ كەلگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ سۇپا ئەھلىنى چاقىردى، ئۇلار كېلىپلا تاماقتىن يېيىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېنىمۇ چاقىرىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ ئولتۇردۇم. ئاخىرى كىشىلەر تويۇپ قوپۇپ كېتىشتى. قاچىدا ئازغىنە تاماق قالغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يىغىپ قولىغا ئالدى ۋە ماڭا: «‹بسم اللَّه› دەپ يېگىن» دېدى. جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن تويغۇچە يېدىم.[1]

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى ھەم بۇنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قال سلمان الفارسي رضي اللَّه عنه: وقد كان عندي شيء قد جمعته فلما أمسيت أخذته ثم ذهبت إلى رسول اللَّه ﷺ وهو بقباء؟ فدخلت عليه فقلت له: إنه قد بلغني أنك رجل صالح ومعك أصحاب لك غرباء ذوو حاجة وهذا شيء كان عندي للصدقة فرأيتكم أحق به من غيركم وقربته إليه فقال رسول اللَّه لأصحابه: «كلوا» وأمسك هو فلم يأكل منه فقلت في نفسي: هذه واحدة ثم انصرفت عنه

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

فجمعت شيئا فتحول رسول اللّٰه ﷺ الى المدينة ثم جئته به فقلت له: رأيتك لاتأكل الصدقة وهذه هدية أكرمتك بها فأكل رسول اللّٰه ﷺ منها وأمر أصحابه فأكلوا معه وقلت في نفسي؟ هاتان ثنتان.

سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: يېنىمدا يىغىپ قويغان ئازراق خورمىلىرىم بار ئىدى، كەچ كىرگەندە ئۇنى ئېلىپ قۇباغا باردىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ: «سىزنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم. يېنىڭىزدا ھاجەتمەن ھەمراھلىرىڭىز بار ئىكەن، شۇڭا بۇ ئازغىنە خورمىنى سەدىقىگە ئاتاپ ئېلىپ كەلدىم» دەپ خورمىنى ئالدىغا قويغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە: «سىلەر يەڭلار!» دېدى، لېكىن ئۆزى يېمىدى. كۆڭلۈمدە «مانا بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ بىرىنچى ئالامىتى» دەپ ئويلىدىم-دە، قايتىپ كەتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مەن يەنە ئازراق خورما يىغىپ كېلىپ: «سىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، بۇنى سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ھەدىيە سۈپىتىدە ئەكەلدىم» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن يېدى ۋە ساھابىلىرىنىمۇ يېيىشكە چاقىردى. ساھابىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېدى، كۆڭلۈمدە يەنە «مانا بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىككىنچى ئالامىتى» دېدىم.[1]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنىڭ ساھابىلەر بىلەن بىرگە تاماق يېيىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ساھابىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن

ئىبنى سىيرىن مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ سۇپا ئەھلىنى ساھابىلىرىگە تەقسىم قىلاتتى. بەزىلىرى ئۇلاردىن بىر كىشىنى ئېلىپ كەتسە؛ يەنە بەزىسى ئىككى كىشىنى ئېلىپ كېتەتتى؛ يەنە بەزىسى ئۈچ كىشىنى ئېلىپ كېتەتتى؛ ھەتتا يەنە بەزىسى 10 كىشىنى ئېلىپ كېتەتتى».[2]

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ سۇپا ئەھلىدىن ساھابىلەر ئېلىپ كېتىپ ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى ئۆيىدىكى تاماقلار بىلەن تويدۇراتتى».[①]

عن يعيش بن طخفة الغفاري: كان أبي من أصحاب الصفة فأمر رسول الله ﷺ بهم فجعل ينقلب الرجل بالرجل والرجلين حتى بقيت خامس خمسة فقال رسول الله ﷺ (انطلقوا) فانطلقنا معه إلى بيت عائشة فقال (يا عائشة أطعمينا) قال فجاءت بحشيشة فأكلنا ثم جاءت بحيسة مثل القطاة فأكلنا ثم قال (يا عائشة اسقينا) فجاءت بعس فشربنا ثم جاءت بقدح صغير فيه لبن فشربنا فقال رسول الله ﷺ (إن شئتم بتم وإن شئتم انطلقتم إلى المسجد) فقلنا لا بل ننطلق إلى المسجد.

يەئىش ئىبنى تەخفە ئەلغىفارى مۇنداق دېگەن: دادام سۇپا ئەھلىدىن بولۇپ، ئۇ ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە بىزنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ تاماق بېرىشكە بۇيرۇغان ئىدى، ساھابىلەر بىر ئىككىدىن ئادەمنى باشلاپ قايتىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا مەن بىلەن قوشۇپ بەش كىشى ئېشىپ قالدۇق.

پەيغەمبەر ﷺ:

— يۈرۈڭلار! — دېدى، بىز ھەممەيلەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە باردۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

— ئى ئائىشە! بىزگە تاماق بەرگىن، — دېۋىدى، ھەزرىتى ئائىشە بۇغداي ئېشى ئېلىپ كەلدى. ئارقىدىن يەنە خورما، سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلىدىغان ھەيس دېگەن تاماقتىن ئازغىنە ئېلىپ كەلدى، بىز ئۇنىمۇ يېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئائىشە! بىزگە ئۇسسۇلۇق بەرگىن! — دېدى. ھەزرىتى ئائىشە چوڭ بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەلگەندى ئۇنى ئىچتۇق. ئاندىن كېيىن يەنە كىچىك

[①] بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەلگەنىدى، ئۇنىمۇ ئىچتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ:

ــ خالىساڭلار (مۇشۇ يەردە) قونۇپ قېلىڭلار، خالىساڭلار مەسجىدكە چىقىڭلار! ــ دېدى. بىز:

ــ بولدى. مەسجىدكە چىقايلى، ــ دېدۇق.[①]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى پېقىرلارغا تاماق بېرىشكە قىزىقتۇراتتى**

عن عبد الرحمن بن أبي بكر رضي اللّٰه عنه: أن أصحاب الصفة كانوا ناسا فقراء، وأن رسول اللّٰه ﷺ قال مرة: «من كان عنده طعام اثنين، فليذهب بثالث. من كان عنده طعام أربعة، فليذهب بخامس» وانطلق نبي اللّٰه ﷺ بعشرة، وأبو بكر بثلاثة، قال: فهو أنا، وأبي، وأمي وامرأتي وخادم بين بيتنا وبيت أبي بكر؟ وكان أبي يتحدث إلى رسول اللّٰه ﷺ من الليل فانطلق وقال يا عبد الرحمن أفرغ من أضيافك قبل أن أجيء. قال: فلما أمسيت جئنا بقراهم فأبوا فقالوا حتى يجيء أبو منزلنا فيطعم معنا فقلت لهم: إنه رجل حديد وإنكم إن لم تفعلوا خفت أن يصيبني منه أذى. قال: فأبوا. قال عبد الرحمن: إن أبا بكر تعشى عند رسول اللّٰه ﷺ، ثم لبث حتى صليت العشاء، ثم رجع فلبث حتى نعس رسول اللّٰه ﷺ، فجاء بعدما مضى من الليل ما شاء اللّٰه، قالت له امرأته: ما حبسك عن اضيافك؟ قال: أوما عشيتهم؟ قالت: أبوا حتى تجيء، قد عرضوا عليهم فغلبوهم، قال عبد الرحمن: فذهبت أنا فاختبأت، قال: يا غنثر فجدع وسب، فقال يا غنثر: أقسمت عليك إن كنت تسمع صوتي إلا جئت. قال: فجئت فقلت: والله ما لي ذنب. هؤلاء أضيافك فسلهم قد أتيتهم بقراهم فأبوا أن يطعموا حتى تجيء. قالوا: صدقك. فقال: ما لكم أن لاتقبلوا عنا قراكم فواللّٰه لا أطعمه الليلة، فقالوا: فواللّٰه لانطعمه حتى تطعمه. فقال أبو بكر: إن كانت هذه من الشيطان، فدعا بالطعام، فسمى فأكل وأكلوا. قال عبد الرحمن: فايم اللّٰه ما كنا نأخذ من لقمة إلا ربا من أسفلها أكثر منها. حتى شبعوا وصارت اكثر مما كانت قبل ذلك، فنظر إليها أبو بكر فإذا هي كما هي أو اكثر، قال لامرأته: يا أخت بني فراس، ما هذا؟ قالت: لا وقرة عيني، لهي الآن أكثر منها قبل ذلك بثلاث مرار. ثم «حملها إلى رسول اللّٰه ﷺ، فأصبحت عنده»، فقال: يا رسول اللّٰه بروا وحنثت. فقال: بل أنت أبرهم

---

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

وأخيرهم. [أي: لأنك حنثت في يمينك حنثا مندوبا إليه مطلوبا فأنت أفضل منهم بهذا الإعتبار] قال عبد الرحمن: وكان بيننا وبين قوم عقد، فمضى الأجل، فعرفنا اثني عشر رجلا مع كل رجل منهم أناس اللّٰه أعلم كم مع كل رجل؟ إلا أنه بعث معهم فأكلوا منها أجمعون.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: سۇپا ئەھلى پېقىر كىشىلەر ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۆيىدە ئىككى كىشىلىك تامىقى بار كىشى ئۈچىنچى بىر كىشىنى، تۆت كىشىلىك تامىقى بار كىشى بەشىنچى كىشىنى چاقىرسۇن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئون كىشىنى ئېلىپ ماڭدى. دادام ئۈچ كىشىنى ئېلىپ ماڭدى. ئائىلىمىزدە مەن، دادام، ئانام، ئايالىم، مېنىڭ ۋە دادامنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر خىزمەتكار بار ئىدى.

دادام ھەر كۈنى كېچە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا باراتتى. دادام كېتىشتىن ئىلگىرى:

— ئى ئابدۇراھمان! مېھمانلارغا مەن كېلىشتىن بۇرۇن تاماق بېرىپ بولغىن! — دېدى. كەچ بولغاندا ئۇلارغا تەييارلىغان تاماقلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەنىدىم، ئۇلار:

— ئۆي ئىگىسى كېلىپ بىز بىلەن بىرگە يېمىگۈچە يېمەيمىز، — دەپ يېگىلى ئۇنىمدى. مەن ئۇلارغا:

— دادام گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم، ئەگەر ئۇ كېلىپ تاماق يېمىگىنىڭلارنى كۆرسە، ماڭا خاپا بولىدۇ، — دېسەم، ئۇلار يەنىلا يېگىلى ئۇنىمىدى.

دادام كەچلىك تاماقنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا يەپ ۋە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، پەيغەمبەر ﷺ مۇگدەپ قالغاندىن كېيىن كېچىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقتىدا قايتىپ كەلدى. ئانام:

— مېھمانلارنى تاشلاپ قويۇپ نەگە باردىڭىز؟ — دېگەنىدى، دادام:

— ئۇلارغا تېخى كەچلىك تاماق بەرمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى. ئانام:

ــ ئۇلار سىزنى كەلمىسە تاماق يېمەيمىز دەپ تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى، ــ دېدى.

ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: (دادامنىڭ ماڭا خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن)، ئۇنىڭ كېلىشىگىلا بىر يەرگە مۆكۈۋالدىم. دادام:

ــ ئەي ئابدۇراھمان! ــ دەپ مېنى چاقىرىشقا باشلىدى. مەن ئۈن چىقارماي جىم تۇرۇۋالدىم. يەنە چاقىردى، يەنە جىم تۇرۇۋالدىم. ئۈچىنچى قېتىمدا:

ــ ئەي نادان! قەسەم قىلىۋېتىمەن، ئەگەر ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتقان بولساڭ، بۇ ياققا چىققىن! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۆكۈۋالغان يېرىمدىن چىقىپ:

ــ الله بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ھېچ گۇناھىم يوق، مېھمانلىرىڭدىن سورىغىن! مەن ئۇلارنىڭ تامىقىنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئۇلار يېگىلى ئۇنىمىدى ــ دېدىم. مېھمانلار:

ــ ئابدۇراھمان راست ئېيتتى ــ دېيىشتى. دادام:

ــ مېنى ساقلاپ ئولتۇردۇڭلارمۇ؟ قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۈگۈن كەچتە تاماق يېمەيمەن، ــ دېدى. مېھمانلارمۇ:

ــ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن باشلاپ بەرمىسەڭ بىزمۇ يېمەيمىز، ــ دەپ تۇرۇۋالدى. دادام:

ــ مېنى شەيتان قەسەم قىلدۇرۇپتۇ، ــ دېدى-دە، تاماقنى ئەكەلدۈرۈپ «بسم اللّٰه» دەپ يېيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ يېدى.

الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز تاماقتىن بىر لوقما ئالساق ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. مېھمانلار تويغۇچە يېدى، دادام تاماقنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئانامغا:

ــ ئى بەنى فىراسنىڭ ھەمشىرىسى! بۇ قانداق گەپ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئانام:

ــــ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىلمىدىم. تاماق بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى، ــــ دېدى. ئاندىن تاماقنىڭ قالغان قىسمىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئېلىپ بېرىپ شۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزدى.

دادام پەيغەمبەر ﷺ گە:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قەسىمىدە تۇردى، لېكىن مەن قەسىمىمنى بۇزدۇم، ــــ دېدى ۋە بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ ئەكسىچە، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋەدىسىگە ئەڭ ۋاپا قىلىدىغىنى ۋە ئەڭ خەيرلىكسەن، ــــ دېدى. (يەنى، «سەن بۇزۇش تەلەپ قىلىنغان قەسەمنى بۇزدۇڭ، سەن بۇ سەۋەبلىك ئۇلاردىن ئەۋزەل» دېدى)

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى مۇنداق دېگەن: بىر قەۋم بىلەن ئارىمىزدا كېلىشىم بار بولۇپ، مۇددىتى توشۇپ قالغانىدى. بىز تەرەپتىن 12 كىشىنى ۋەكىل قىلدۇق، ھەربىر ۋەكىلنىڭ يېنىدا ئادەم بولۇپ ئۇلارنىڭ قانچە كىشى ئىكەنلىكىنى الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئۇلارغىمۇ شۇ تاماقتىن ئەۋەتىلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ تاماقتىن (تويغۇچە) يېدى.[1]

خۇلاسە كالام، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ئەۋەتكەن ئاشۇ تاماقتىن قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى يېگەن ئىدى.

**ھەدىيىتىن ئېلىنغان پايدىلار**

پېقىرلارغا تاماق بېرىشنى ئەلا بىلىشنىڭ ۋە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ﷺ ئىككى كىشىلىك تامىقى بار كىشىگە ئۈچىنچى بىر كىشىنى، تۆت كىشىلىك تامىقى بار كىشىگە بەشىنچى بىر كىشىنى ئېلىپ قايتىشقا بۇيرۇغان.

الله تائالانىڭ ئۆز دوستلىرى سەۋەبلىك زېمىنغا رەھمىتىنى

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

چۇشۇرىدىغانلىقى.

باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىشىنىڭ ۋە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى، كۆپ كىشىلەر مېھمان بولۇپ كەلگەندە جامائەتنىڭ ئۇلارنى ئۆزئارا بۆلۇشۇپ ھەربىرى ئۆزى تاماق بېرەلەيدىغان كىشىنى ئېلىپ كېتىشىنىڭ، شۇنداقلا بىر قەۋمنىڭ چوڭى يېنىدىكىلەرنى شۇنىڭغا بۇيرۇشى ۋە ئۆزىمۇ ھەم تاماق بېرەلەيدىغان كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ قېلىشىنىڭ لازىملىقى.

پېقىرلار باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىغاندا ئۇلارغا يېپىشىۋالماسلىقى ۋە تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالماسلىقى، شۇنداقلا ناماز ئوقۇغۇچىلارغا دەخلى قىلماستىن مەسجىدلەردە پاناھلانسا بولىدىغانلىقى.

ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىشىنىڭ مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى.

ئەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بەرگەندىن كېيىن سىرتقا چىقىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

ئايال كىشىنىڭ مېھمانغا ئەكىلىدىغان نەرسىلەر ۋە تاماق تەييارلاش ئىشلىرىدا ئېرىدىن ئايرىم رۇخسەت سورىمىسىمۇ بولىدىغانلىقى.

بالىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىشى، ياخشى ئەمەللەرنى يېتىلدۇرۇشى ۋە ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى ئۈچۈن دادىنىڭ بالىسىنى تەنقىدلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

مۇباھ ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

راستچىل كىشى ئۆزىنىڭ سۆزىنى قەسەم ئارقىلىق تەكىتلىسە بولىدىغانلىقى.

قەسەمنى بۇزۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

بەرىكىتى كۆرۈلگەن تاماقنى ھۆرمەتلىك كىشىلەرگىمۇ ئاپىرىپ بېرىشىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىسا بولىدىغانلىقى.

كۈچلۈك گۇمانغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىش قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنى «مېھمانلارنى ياخشى كۈتمەپتۇ» دەپ ئويلاپ ئالدىراپلا تەنقىدلىگەن ۋە ئۇنىڭ گۇمانىنى ئوغلىنىڭ ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سېخىيلىق ۋە مەردلىكتە ئەڭ ئەۋزەل يولنى تاللاپ ئۇنىڭغا ئالدىرىغانلىقى، چۈنكى شۇ كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا مېھمان بولغانلارنىڭ سانى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سانىغا تەڭ كېلىپ قالاتتى.①

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىدىكى تاماقلارنى پېقىرلارغا بۆلۈپ بېرەتتى

عن مقداد بن عمرو جئت أنا وصاحبان لي قد كادت تذهب أسماعنا وأبصارنا من الجوع فجعلنا نتعرض للناس فلم يضفنا أحد، فأتينا النبي ﷺ، فقلنا: يا رسول اللَّه، بنا جوع شديد فتعرضنا للناس فلم يضفنا أحد، فأتيناك فذهب بنا إلى منزله، فإذا ثلاثة أعنز، فقال النبي ﷺ: احتلبوا هذا اللبن بيننا، قال: فكنا نحتلب فيشرب كل إنسان منا نصيبه، ونرفع للنبي ﷺ نصيبه، فيجيء من الليل فيسلم تسليما لا يوقظ نائما، ويسمع اليقظان، ثم يأتي المسجد فيصلي، ثم يأتي شرابه فيشرب، فأتاني الشيطان ذات ليلة وقد شربت نصيبي، فقال: محمد يأتي الأنصار فيتحفونه، ويصيب عندهم ما به حاجة إلى هذه الجرعة، فأتيتها فشربتها، فلما أن وغلت في بطني، وعلمت أنه ليس إليها سبيل، ندمني الشيطان، فقال: ويحك، ما صنعت أشربت شراب محمد، فيجيء فلا يجده فيدعو عليك فتهلك فتذهب دنياك وآخرتك، وعلي شملة إذا وضعتها على قدمي خرج رأسي، وإذا وضعتها على رأسي خرج قدماي، وجعل لا يجيئني النوم، وأما صاحباي فناما ولم يصنعا ما صنعت، قال: فجاء النبي ﷺ، فسلم كما كان

① ئىبنى ھەجەرنىڭ «فتح الباري» ناملىق كىتابى 6- توم 600- بەت. ئىبنى رەجەبنىڭ «فتح الباري» ناملىق كىتابى 4- توم 175- بەت. «شرح النووي على صحيح مسلم» 14- توم 18- بەت.

يسلم، ثم أتى المسجد فصلى، ثم أتى شرابه فكشف عنه، فلم يجد فيه شيئا، فرفع رأسه إلى السماء، فقلت: الآن يدعو علي فأهلك، فقال: اللّهم، أطعم من أطعمني، وأسق من أسقاني، فعمدت إلى الشملة فشددتها علي، وأخذت الشفرة فانطلقت إلى الأعنز أيها أسمن، فأذبحها لرسول اللّه ﷺ، فإذا هي حافلة، وإذا هن حفل كلهن، فعمدت إلى إناء لآل محمد ﷺ ما كانوا يطمعون أن يحتلبوا فيه، فحلبت فيه حتى علته رغوة، فجئت إلى رسول اللّه ﷺ، فقال: أشربتم شرابكم الليلة، قلت: يا رسول اللّه، اشرب، فشرب، ثم ناولني، فقلت: يا رسول اللّه، اشرب، فشرب، ثم ناولني، فلما عرفت أن النبي ﷺ قد روي وأصبت دعوته، ضحكت حتى ألقيت إلى الأرض، فقال النبي ﷺ: إحدى سوآتك يا مقداد، فقلت: يا رسول اللّه، كان من أمري كذا وكذا وفعلت كذا، فقال النبي ﷺ: ما هذه إلا رحمة من اللّه، أفلا كنت آذنتني فنوقظ صاحبينا فيصيبان منها، قال: فقلت: والذي بعثك بالحق، ما أبالي إذا أصبتها وأصبتها معك من أصابها من الناس.

مىقداد ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئىككى ھەمراھىم بىلەن (مەدىنىگە) يېتىپ كەلدىم. ئاچلىقتىن قۇلاقلىرىمىز ئاڭلىماس، كۆزلىرىمىز كۆرمەس بولۇپ قالاي دېگەنىدى. بىز كىشىلەرنىڭ يېنىغا بارغانىدۇق، ھېچكىم بىزنى مېھمان قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئالدىغا باردۇق ۋە: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە قاتتىق ئاچلىق يەتتى، كىشىلەرنىڭ يېنىغا بارغانىدۇق، بىزنى ھېچكىم مېھمان قىلمىدى، شۇڭا سېنىڭ يېنىڭغا كەلدۇق› دېدۇق.

پەيغەمبەرﷺ بىزنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئىشىكى ئالدىدا ئۈچ دانە چىشى ئۆچكە بار بولۇپ، پەيغەمبەرﷺ: ‹بۇلارنى سېغىڭلار، سۈتنى بۆلۈشۈپ ئىچەرمىز› دېدى. بىز ئۆچكىلەرنى سېغىپ ئۆز نېسىۋىمىزنى ئىچتۇق ۋە پەيغەمبەرﷺ نىڭ نېسىۋىسىنى ئايرىپ قويدۇق. پەيغەمبەرﷺ كېچىلىرى چىقىپ، سالام بېرەتتى. ئۇخلاۋاتقانلار ئويغىنىپ كەتمەيتتى، (ئۇنىڭ) ئاۋازىنى پەقەت ئويغاقلارلا ئاڭلايتتى، ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن كېلىپ نېسىۋىسىنى ئىچەتتى.

بىر كېچىسى نېسىۋەمنى ئىچىپ بولۇشۇمغا، شەيتان كېلىپ: «مۇھەممەد ئەنسارىلارنىڭ يېنىغا بارسا، ئۇلار ئۇنىڭغا ھەدىيەلەرنى بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ سۈتكە ئېھتىياجى يوق» دېدى. ئاندىن مەن شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ، پەيغەمبەرﷺ نىڭ سۈتىنىمۇ ئىچىۋەتتىم. ئىچىپ بولۇپلا ئۇنداق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. شەيتان كېلىپ مېنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ: «ۋاي ساڭا، نېمە ئىش قىلدىڭ؟ مۇھەممەدنىڭ نېسىۋىسىنى ئىچىۋەتتىڭغۇ؟ ئۇ كېلىپ سۈتىنى تاپالمىسا ساڭا بەددۇئا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولىسەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ» دېدى. ئۈستۈمدە بىر يېپىنچا بار بولۇپ، پۇتۇمنى يۆگىسەم بېشىم ئېچىلىپ قالاتتى، بېشىمنى يۆگىسەم پۇتۇم ئېچىلىپ قالاتتى، ئۇيقۇم قېچىپ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم.

ئەمما، ئىككى ھەمراھىم بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بولغاچقا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەرﷺ كېلىپ ئادىتى بويىچە سالام قىلغاندىن كېيىن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن مەسجىدتىن چىقتى ۋە نېسىۋىسىنى ئىچمەكچى بولۇپ قاچىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى-دە، قاچىنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈردى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: «ئەمدى ماڭا بەددۇئا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولىمەن» دەيتتىم.

لېكىن، پەيغەمبەرﷺ: «ئى الله ! ماڭا تائام بەرگەنلەرگە سەنمۇ تائام بەرگىن، ماڭا ئۇسسۇلۇق بەرگەنلەرگە سەنمۇ ئۇسسۇلۇق بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى. مەن يېپىنچامنى ئۈستۈمگە ئارتىپ، قولۇمغا بىر پىچاق ئالدىم-دە، ئۆچكىلەرنىڭ ئەڭ سېمىزىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن بوغۇزلىماقچى بولدۇم، لېكىن ئۆچكىلەرنىڭ يېلىنىدىن سۈت تېشىپ تۇراتتى. مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى سۈت ساغىدىغان قاچىنى ئەكىلىپ ئۇچلى ئۆچكىنى ساغقانىدىم، قاچا لىق توشتى، بۇ قاچىلارنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹بۈگۈن كېچە سۈتتۈڭلارنى ئىچتىڭلارمۇ؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئىچكىن› دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرئاز ئىچىپ ماڭا تەڭلىدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! يەنە ئىچكىن› دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە ئازراق ئىچىپ يەنە ماڭا تەڭلىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈتكە تويغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن خۇشاللىقتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم.

پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى مىقداد! بىرەر يامان ئىش قىلغاندەك تۇرىسەنغۇ؟› دېدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مۇنداق، مۇنداق ئىش قىلدىم› دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹مانا بۇ الله نىڭ مەرھەمىتىدۇر، ماڭا بىلدۈرسەڭ بولماسمىدى، ئىككى ھەمراھىڭنىمۇ ئويغاتساق ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن ئىچكەن بولسا› دېدى. مەن: ‹سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن بىللە سۈت ئىچىۋالدىم، باشقىلارنىڭ ئىچكەن-ئىچمىگەنلىكى بىلەن كارىم يوق› دېدىم».[1]

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسىدە سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە تاماق ھەدىيە قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئەكەلگەن تامىقىدىن يېگەن ۋە ساھابىلىرىنىمۇ يېيىشكە چاقىرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە يېگەن.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىر كىشىگە بەرگۈدەك تاماق تاپالمىسا، ئۇنى بەزى ساھابىلىرىگە مېھمان قىلىشى ئۈچۈن تاپشۇراتتى**

عن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه قال: جاء رجل إلى النبي ﷺ فقال: إني مجهود، فأرسل إلى بعض نسائه، فقالت: والذي بعثك بالحق ما عندي إلا ماء، ثم أرسل إلى أخرى، فقالت مثل ذلك، حتى قلن كلهن مثل ذلك: لا والذي بعثك بالحق ما عندي إلا ماء. فقال النبي ﷺ: «ألا رجل يضيفه هذا الليلة؟ يرحمه اللّٰه» فقال رجل من الأنصار: أنا يا رسول اللّٰه، فانطلق به إلى رحله، فقال لامرأته: أكرمي

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ضيف رسول اللّٰه ﷺ. فقالت: ما عندنا إلا قوت صبياني، فقال هيئي طعامك وأصبحي سراجك ونومي صبيانك إذا أرادوا عشاء. فإذا دخل ضيفنا فاطفئ السراج واريه أنا نأكل فإذا اهوى ليأكل فقومي إلى السراج حتى تطفيئه. فهيأت طعامها وأصبحت سراجها ونومت صبيانها ثم قامت كأنها تصلح سراجها فأطفأته فجعلا يريانه أنهما يأكلان فباتا طاويين فلما أصبح غدا إلى رسول اللّٰه ﷺ فقال: ضحك الله الليلة أو عجب من صنيعكما. فأنزل اللّٰه: ﴿**وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**﴾.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەرﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <مېنى ئاچلىق ئورىۋالدى> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئاياللىرىغا خەۋەر ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ئايالىدىن، <سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، يېنىمدا سۇدىن باشقا نەرسە يوق> دەپ جاۋاب كەلدى. رەسۇلۇللاھﷺ يەنە بىر ئايالىغا خەۋەر يوللىغانىدى، ئۇمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى، ھەتتا ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا: <سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، يېنىمىزدا سۇدىن باشقا نەرسە يوق> دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بۇ ئادەمنى بۇ كېچە كىم مېھمان قىلىدۇ؟ اللّٰه ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!> دېگەنىدى، ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم: <مەن مېھمان قىلاي> دېدى. ئاندىن ئەنسارى كىشى ئۇ ئادەمنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، ئايالىغا: <رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېھمىنىنى ھۆرمەتلەڭ!> دېدى. ئايالى: <يېنىمىزدا بالىلارنىڭ تائامىدىن باشقا نەرسە يوق> دېدى. ئەنسارى ئايالىغا: <بالىلار كەچلىك تاماق يەيمىز دېسە ئۇلارنى ئالداپ ئۇخلىتىپ قويۇڭ، تامىقىڭىزنى تەييارلاپ چىرىغىڭىزنى يېقىڭ، مېھمىنىمىز كىرگەندە ئۇنىڭغا بىزنى خۇددى تائام يەۋاتقاندەك كۆرسىتىڭ، ئۇ تاماق يېيىشكە باشلىغاندا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئايالى تائامنى تەييارلاپ چىراغنى ياقتى ۋە بالىلىرىنى ئۇخلاتتى. كېيىن چىراغنى ئوڭشاۋاتقاندەك

بولۇۋېلىپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە ئۇ ئىككىسى مېھمانغا ئۆزىنى تاماق يەۋاتقاندەك كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككىسى ئاچ قورساق تۈنىدى. ئەنسارى ئەتىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <الله تائالا بۇ كېچە ئىككىڭلارنىڭ ئىشىدىن خۇرسەن بولۇپ كۈلدى> دېدى. ئاندىن كېيىن، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: <ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر>[1]».[2]

بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللاردىن يەنە:

عن ابن عباس رضي اللّٰه عنهما قال: جاء نبي اللّٰه ﷺ، رجلان حاجتهما واحدة، فتكلم أحدهما فوجد نبي اللّٰه ﷺ، من فيه إخلافا، فقال له: ألا تستاك؟ فقال: إني لأفعل، ولكني لم أطعم طعاما منذ ثلاث، فأمر به رجلا فآواه، وقضى له حاجته.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھاجەتمەن ئىككى كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ، بىرى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى سۆزلەۋاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇراپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا:

ـــ مىسۋاك ئىشلەتسەڭ بولمامدۇ؟ ـــ دېگەنىدى، ئۇ كىشى:

ـــ مىسۋاك ئىشلىتىۋاتىمەن، ئەمما ئۈچ كۈندىن بىرى تاماق يەپ باقمىدىم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ يېنىدىكى بىر كىشىنى ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇغانىدى، بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئورۇنلىدى.[3]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىشتا پېقىرلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەتتى**

---

[1] سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەھمەد توپلىغان، ھەيسەمى «ئىسنادى ياخشى» دېگەن.

عن سماك بن حرب قال: سمعت النعمان يخطب قال ذكر عمر ما أصاب الناس من الدنيا فقال لقد رأيت رسول اللّه ﷺ يظلّ اليوم يتلوي ما يجد دقلا يملأ به بطنه.

سىماك ئىبنى ھەرب مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا، «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەندە: <مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۈن بويى قورسىقى تويغۇدەك ناچار خورمىمۇ تاپالمىغانلىقىنى كۆرگەنمەن> دېگەنلىكىنى» ئاڭلىغانىدىم.[①]

ئەبۇ ھازىم مۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بارماقلىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «والذي نفس أَبِي هريرة بِيده ما شبع نبِي اللّه ﷺ وأهله ثلاثة أيام تباعا مِنْ خبز حنطة حتى فارق الدنيا» «ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ پەيغەمبىرى ﷺ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ئارقىمۇئارقا ئۈچ كۈن بۇغداي نېنىغا تويۇپ باقمىدى» دەۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمەن.[②]

بۇخارىنىڭ يەنە بىر نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ما شبع آل محمد ﷺ من طعام ثلاثة ايام حتى قبض» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر (ئۇدا) ئۈچ كۈن تويغۇچە تاماق يەپ باقمىدى».

وعن عائشة رضي اللّه عنها أنها قالت لعروة: «ابن اختي إن كنا لننظر إلى الهلال، ثم الهلال، ثم الهلال ثلاثة أهلة في شهرين، وما أوقدت في بيوت رسول اللّه ﷺ نار» قلت: يا خالة ما كان يعيشكم؟ قالت: «الأسودان: التمر والماء، إلا أنه قد كان لرسول اللّه ﷺ جيران من الأنصار كانت لهم منائح، وكانوا يمنحون رسول اللّه ﷺ من ألبانهم، فيسقينا».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: مەن ئۇرۋەگە: «ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى! بىز (پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى) ئىككى ئاي ئىچىدە

[①] مۇسلىم توپلىغان.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۈچ قېتىم يېڭى چىققان ئاينى كۆرەتتۇق، ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيلىرىدە ئۇدا ئىككى ئاي قازانغا ئوت يېقىلمايتتى» دېسەم، ئۇ: «ئى هامما! ئۇنداقتا، سىلەر نېمە بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتىڭلار؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «خورما ۋە سۇ بىلەن ئۆتەتتۇق، ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەنسارى قوشنىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوي ياكى تۆگىلىرىنىڭ سۈتىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەۋەتىپ تۇراتتى، بىز شۇنىڭدىن ئىچەتتۇق» دېدىم.①

وعن عائشة رضي اللّٰه عنها قالت: لقد توفي النبي ﷺ وما في رفي من شيء يأكله ذو كبد إلا شطر شعير في رف لي، فأكلت منه حتى طال علي، فكلته ففني.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولغان چاغدا ئۆيۈمدە ئويۇقتىكى يېرىم خالتا ئارپىدىن باشقا، ئادەم زاتى يېگۈدەك بىرنەرسە يوق ئىدى. ئۇزۇن مەزگىلگىچە شۇنى (جىڭلاپ باقماستىن) يېدىم. (كېيىن <قانچىلىك قالغاندۇ> دەپ) جىڭلاپ كۆرگەنىدىم، بەرىكىتى كېتىپ تۈگەپ كەتتى».②

وعن عائشة رضي اللّٰه عنها قالت: «ما أكل آل محمد أكلتين في يوم واحد إلا إحداهما تمر»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلىسى بىر كۈندە ئىككى ۋاخ تاماق يېسە، بىر ۋاخ تامىقى چوقۇم خورما بولاتتى».③

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەك كۈنى خەندەك كولاۋاتقاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «إنا يوم الخندق نحفر، فعرضت كدية شديدة، فجاؤوا إلى النبي ﷺ فقالوا: هذه كدية عرضت في الخندق. فقال: <أنا نازل> ثم قام، وبطنه معصوب بحجر، ولبثنا ثلاثة أيام لا نذوق ذواقا، فأخذ النبي ﷺ المعول، فضرب فعاد كثيبا أهيل» «بىز خەندەك غازىتى كۈنى خەندەك كولاۋېتىپ، قاتتىق يەرگە دۈچ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كېلىپ قالدۇق ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە بۇ ئەھۋالنى ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن چۈشەي» دەپ ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ قورسىقىغا تاش تېڭىۋالغان ئىدى. بىز ئۈچ كۈندىن بېرى ھېچنەرسە يېمىگەن ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ مېتىننى (جوتۇنى) ئېلىپ چاپقانىدى، ھېلىقى قاتتىق يەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چېپىشى بىلەن قۇمدەك يۇمشاپ كەتتى...». ①

وعن أبي طلحة رضي الله عنه قال: شكونا إلى رسول الله ﷺ الجوع ورفعنا عن بطوننا حجرٍ حجرٍ، فرفع ﷺ عن حجرين.

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ گە ئاچلىقتىن شىكايەت قىلدۇق ۋە قورسىقىمىزغا تېڭىۋالغان تاشلارنى بىر-بىرلەپ كۆرسەتتۇق. قارىساق، پەيغەمبەر ﷺ ئاچلىقتىن قورسىقىغا ئىككى تال تاش تېڭىۋالغان ئىكەن». ②

**❖ پېقىرلار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلارغا يېقىن تۇرۇش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق ـــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرسەتمىلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.**

ئوسمان ئىبنى يەمان (بۇ كىشى تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قاتارىدىن) مۇنداق دېگەن: «لما كثرت المهاجرون بالمدينة، ولم يكن لهم دار ولا مأوى أنزلهم رسول الله ﷺ المسجد وسماهم أصحاب الصفة، فكان يجالسهم ويأنس بهم» «مۇھاجىرلارنىڭ سانى مەدىنىدە كۆپىيىپ ئۇلارغا تۇرىدىغان ئۆي ۋە پاناھلىنىدىغان جاي تېپىلمىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى مەسجىدكە ئورۇنلاشتۇرۇپ سۇپا ئەھلى دەپ ئاتىغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار بىلەن سورۇنداش بولۇپ ئۇلپەتلىشەتتى». ③

بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئۇلار بىلەن

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.
③ بەيھەقى توپلىغان.

دوستلۇق ئورناتقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغانلىقى ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَنْ ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا﴾ «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىنىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن»[①].

سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: الله تائالا بارچە بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەردە مۇھەممەد ﷺ نى مۇئمىن بەندىلەر بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇ مۇئمىن بەندىلەر ﴿الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ﴾ «الله رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر». الله تائالا ئۇلارنىڭ (مۇئمىنلەرنىڭ) ئىبادەت ۋە ئىبادەتكە ئىخلاس قىلىش تەرەپلەردىكى سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان. دېمەك، بۇ ئايەتتە پېقىر كىشى سالىھلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇش، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىشىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىلىش لازىمكى، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

الله تائالانىڭ ﴿وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ﴾ «ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن» دېگەن سۆزى «سەن ئۇلاردىن نەزىرىڭنى ئۇستۇن تۇتۇپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن» دېگەنلىك بولىدۇ.

[①] سۈرە كەھف 28 ـ ئايەت.

الله تائالانىڭ ﴿تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ «دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ» دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئىنسان دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى كۆزلىگەندە دىنىدىن زىيان تارتىدۇ، پايدىسىز ۋە زىيانلىق ئىشلارغا ئۇچرايدۇ؛ قەلبىگە دۇنيا نازۇنېئمەتلىرىنىڭ مۇھەببىتى ئورناپ كەتكەچكە، بارلىق ئوي-خىياللىرى ۋە تەپەككۇرى دۇنيا تېمىسى ھەققىدىلا بولىدۇ. نىھايەتتە دۇنيا مۇھەببىتى ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدىن ئاخىرەتنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئەقلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبى الله تائالانى ئەسلەشتىن غاپىل قالىدۇ-دە، دۇنيانىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى ۋە نەپسى-شەھۋەتلىرىگە مەپتۇن بولۇپ ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدۇ ۋە الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا سەل قاراپ مەڭگۈلۈك زىيان ۋە ئەبەدىي پۇشايمانغا قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَنْ ذِكْرِنَا﴾ «بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن»[1]. يەنى، ئۇ الله نى ئەسلەشتىن غاپىل قالدى، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇنى ئۆزىنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قالدۇرۇش بىلەن جازالىدى.

«وَاتَّبَعَ هَوَاهُ» ــــ «ئۆز خاھىشىغا ئەگەشكەن» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ ھالاك بولۇپ كېتىدىغان ۋە زىيان تارتىدىغان ئىش بولسىمۇ نەپسى تارتىدىغان ئىشنىلا قىلىدۇ ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ نەپسى-خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللَّهُ عَلَى عِلْمٍ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، الله ئازدۇرغان ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن»[2]. ﴿وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا﴾ «ئىشى ھەددىدىن ئاشقان»[3] دېگەن «دىن

---

[1] سۇرە كەھف 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۇرە جاسىيە 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۇرە كەھف 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىگە ئېتىبارسىز قارىغان» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، الله تائالا ئۇنداق كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن توسقان، چۈنكى ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزىگە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۆزى تاللىغان يولغىلا باشلايدۇ.[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِمْ مِنْ شَيْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِمْ مِنْ شَيْءٍ﴾ «الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچنەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچنەرسە يۈكلەنمەيدۇ»[2].

سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [ناماز ئوقۇغان، الله تائالانى تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن ياد ئەتكەن، ئەتىگەن-ئاخشامدىكى زىكىرلەر بىلەن پەرۋەردىگارىغا داۋاملىق يېقىنلىشىۋاتقان ۋە شۇ ئارقىلىق الله نىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەيدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا بۈيۈك مۇراد-مەقسىتى بولمىغان ئىبادەتگۈي ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە قىزىقىپ يېنىڭدىن ۋە سورۇنۇڭدىن قوغلىۋەتمىگىن.

ئۇلارنى سورۇنغا كېلىشتىن چەكلەش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار دوست تۇتۇشقا، ياخشى كۆرۈشكە، يېقىنلىششقا ۋە كۆيۈنۈشكە ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار پېقىر بولسىمۇ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ پاك؛ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قەدىر-قىممەتسىز ھېسابلانسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر.

﴿مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِمْ مِنْ شَيْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِمْ مِنْ شَيْءٍ﴾ «ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن

[1] «تفسير السعدي» 1- توم 475- بەت.
[2] سۈرە ئەنئام 52- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ»[1]. يەنى، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ ھېسابىنى ئۆزى بېرىدۇ، ياخشى ئەمەلىمۇ ۋە يامان ئەمەلىمۇ ئۆزى ئۈچۈندۇر. ﴿فَتَطْرُدَهُمْ فَتَكُونَ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن»[2].

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇققا ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئەمەل قىلغاندى. يەنى، پېقىر مۇئمىنلەر بىرەر يەردە ئولتۇرسا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، ئۇلارغا يۇمشاق ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى پېقىر مۇئمىنلەردىن تەركىب تاپاتتى].[3]

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى مۇنداق ئىدى:

سۇھەيب، بىلال، ئەممار، خەبباب، سەلمان، ئىبنى مەسئۇدلارغا ئوخشاش ئاجىز ۋە پېقىر ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان سەۋەبلىك، بىر بۆلۈك ئەرەب كاتتىۋاشلىرى ئىسلام چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشنى رەت قىلدى. چۈنكى، قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ قارىشىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىكى پېقىر مۇسۇلمانلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىدىن تەر پۇراپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئورنى قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىغا ماس كەلمەيتتى. بۇ سەۋەبتىن قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى پەيغەمبەر ﷺ دىن بۇ پېقىرلارنى قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلغان. الله تائالا (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ) مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَنَا بِطَارِدِ الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّهُمْ مُلَاقُو رَبِّهِمْ وَلَكِنِّي أَرَاكُمْ قَوْمًا تَجْهَلُونَ﴾ «مەن ئىمان

[1] سۈرە ئەنئام 52- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 52- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «تفسير السعدي» 1- توم 257- بەت.

ئىپتىقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن، (چۈنكى) ئۇلار، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدۇ، لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرۈمەن». [1]

قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى جاھىلىيەتتە ئېرىشكەن ئىمتىياز، ئارتۇقچىلىق ۋە ھۆرمەت-ئىناۋەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان، ئۇنىڭغا ئاجىز پېقىر كىشىلەر قاتناشمايدىغان ئايرىم سورۇن تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا قىزىقىپ ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلماقچى بولغاندا، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**وَلَا تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِمْ مِنْ شَيْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِمْ مِنْ شَيْءٍ فَتَطْرُدَهُمْ فَتَكُونَ مِنَ الظَّالِمِينَ**﴾ «الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن». [2]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرەيشلىك بىر بۆلۈك كاتتىۋاشلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا سۇھەيب، بىلال، ئەممار، خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە باشقا ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە: ‹ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭدىن مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەگىشىشىگە رازى بولدۇڭمۇ؟ ئەجەبا الله ئارىمىزدىن مۇشۇنداق كىشىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلدىمۇ؟ بىز مۇشۇلارغا ئەگىشىمىزمۇ؟ ئۇلارنى قوغلىۋەتكىن! ئەگەر ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، بىز ساڭا ئەگىشىپ قېلىشىمىز

[1] سۈرە ھۇد 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 52- ئايەت.

مۇمكىن> دېدى. شۇ سەۋەبتىن الله تائالانىڭ ﴿وَلَا تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾ <الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن>[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى». [2]

وعن سعد بن أبي وقاص رضي اللّه عنه قال: كنا مع النبي ﷺ ستة نفر، فقال المشركون للنبي ﷺ: اطرد هؤلاء لا يجترئون علينا، وكنت أنا وابن مسعود. ورجل من هذيل وبلال ورجلان لست أسميهما، فوقع في نفس رسول اللّه ﷺ ما شاء اللّه أن يقع فحدث نفسه، فأنزل اللّه تعالى: ﴿وَلَا تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز ئالتە كىشى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە تۇراتتۇق. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ گە:

— بۇلارنى قوغلىۋەتكىن، بۇلارنىڭ بىز بار سورۇنغا كېلىش سالاھىيىتى يوق، — دېدى. سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ يەردىكى ئالتە كىشى مەن، ئىبنى مەسئۇد، هۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر كىشى، بىلال ۋە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان يەنە ئىككى كىشى ئىدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆڭلىگە الله خالىغان بەزى ئويلار كەلگەنىدى، ئاندىن الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن»[3]. [4]

پەيغەمبەر ﷺ پېقىر كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ھەمدە ئۇلارنى الله يولىدا ماللىرىنى چىقىم قىلىپ تۇرىدىغان بايلارنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان

[1] سۈرە ئەنئام 52 ـ ئايەت.
[2] «تفسير الطبري» 11 ـ توم 374 ـ بەت.
[3] سۈرە ئەنئام 52 ـ ئايەت.
[4] مۇسلىم توپلىغان.

سالىھ ئەمەل ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا باشلاپ قوياتتى.

وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه: أن فقراء المهاجرين أتوا رسول اللّٰه ﷺ فقالوا: ذهب أهل الدثور بالدرجات العلى، والنعيم المقيم، فقال: «وما ذاك؟» فقالوا: يصلون كما نصلي، ويصومون كما نصوم، ويتصدقون ولا نتصدق، ويعتقون ولا نعتق، فقال رسول اللّٰه-ﷺ: «أفلا أعلمكم شيئا تدركون به من سبقكم، وتسبقون به من بعدكم، ولا يكون أحد أفضل منكم إلا من صنع مثل ما صنعتم؟» قالوا: بلى يا رسول اللّٰه، قال: «تسبحون وتكبرون وتحمدون، دبر كل صلاة ثلاثا وثلاثين مرة» فرجع فقراء المهاجرين إلى رسول اللّٰه-ﷺ-فقالوا: سمع إخواننا أهل الأموال بما فعلنا، ففعلوا مثله؟ فقال رسول اللّٰه ﷺ: «ذلك فضل اللّٰه يؤتيه من يشاء»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بايلار يۇقىرى دەرىجە ۋە مەڭگۈلۈك نېئمەتلەرگە (جەننەتكە) ئېرىشىپ كەتتى، — دېيىشكەندى، پەيغەمبەر ﷺ:

— قانداق قىلىپ (ئېرىشىپ كەتتى)؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بايلارمۇ بىز ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ، بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ، لېكىن ئۇلار سەدىقە بېرىدۇ، بىز بېرەلمەيمىز. ئۇلار قۇللارنى ئازاد قىلىدۇ، بىز ئازاد قىلالمايمىز، — دېدى.[①] پەيغەمبەر ﷺ:

— مەن سىلەرگە ئالدىڭلاردىكىلەرگە يېتىشىۋالىدىغان، كەينىڭلاردىكىلەردىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، سىلەر قىلغاننى قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم سىلەردىن ئارتۇق بولالمايدىغان بىر ئەمەلنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ — دېۋىدى، ئۇلار:

— شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم سۇبھانەللاھ، 33 قېتىم

[①] بۇخارىنىڭ نەقىلىدە «ئۇلارنىڭ ماللىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار پەرز ۋە ئۆمرە ھەجنى ئادا قىلىدۇ، ﷲ يولىدا جىھاد قىلىدۇ ۋە سەدىقە بېرىدۇ» دەپ كەلگەن.

ئەلھەمدۇلىللاھ، 33 قېتىم الله ئەكبەر دەڭلار! ــ دېدى. كېيىن مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا يەنە كېلىپ:

ــ بىزنىڭ پۇلدار قېرىنداشلىرىمىز بىز قىلغاننى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ قىلغىلى تۇردى ــ دەپ شىكايەت قىلىشقۇېدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۇ، الله نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بولۇپ، الله ئۇنى خالىغان كىشىلەرگە بېرىدۇ، ــ دېدى.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ پېقىر ـ مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى**

پەيغەمبەر ﷺ نامىزىدا «اللهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فعل الْخَيْرَاتِ، وَتَرْكَ الْمُنْكَرَاتِ، وَحُبَّ الْمَسَاكِينِ، وَإِذَا أَرَدْتَ بِعِبَادِكَ فِتْنَةً، فاقْبِضْنِي إِلَيْكَ غَيْرَ مَفْتُونٍ» «ئى الله ! مەن سەندىن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، يامان ئىشلارنى تاشلاشنى، مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشنى تىلەيمەن، بەندىلىرىڭنى بىر پىتنە بىلەن ئىمتىھان قىلماقچى بولساڭ، مېنى ئۇنىڭغا مۇپتىلا قىلماستىن، قەبزى روھ قىلغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى.[2]

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشكە بۇيرۇغان.

فعن أبي ذر الغفاري رضي اللّه عنه قال: أمرني خليلي ﷺ بسبع: «أمرني بحب المساكين، والدنو منهم، وأمرني أن أنظر إلى من هو دوني، ولا أنظر إلى من هو فوقي، وأمرني أن أصل الرحم وإن أدبرت، وأمرني أن لا أسأل أحدا شيئا، وأمرني أن أقول بالحق وإن كان مرا، وأمرني أن لا أخاف في اللّه لومة لائم، وأمرني أن أكثر من قول: ‹لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ›، فإنهن من كنز تحت العرش»

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر ﷺ مېنى مۇنداق يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى: مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈش

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ۋە ئۇلارغا يېقىن تۇرۇشقا؛ تۇرمۇشتا ئۇزۇمدىن تۆۋەنلەرگە قاراش ۋە ئۈستۈنلەرگە قارىماسلىققا؛ باشقىلار مەندىن سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويسىمۇ، ئۇلارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا؛ ھېچقانداق بىر ئادەمدىن بىرەر نەرسە سورىماسلىققا؛ ئاچچىق بولسىمۇ ھەقنى سۆزلەشكە؛ الله يولىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا؛ «لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ» ‹الله نىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشقا كۈچ-قۇۋۋىتىمىز يەتمەيدۇ› دېگەن زىكىرنى كۆپ دېيىشكە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇلار ئەرشىنىڭ ئاستىدا ساقلانغان خەزىنىلەردۇر».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى**

عن أبي أمامة بن سهل بن حنيف رضي اللّه عنهما: أن مسكينة مرضت فأخبر رسول اللّه ﷺ بمرضها وكان رسول اللّه ﷺ يعود المساكين ويسأل عنهم فقال رسول اللّه ﷺ إذا ماتت فآذنوني بها فخرج بجنازتها ليلا فكرهوا أن يوقظوا رسول اللّه ﷺ فلما أصبح رسول اللّه ﷺ أخبر بالذي كان من شأنها فقال ألم آمركم أن تؤذنوني بها فقالوا يا رسول اللّه كرهنا أن نخرجك ليلا ونوقظك فخرج رسول اللّه ﷺ حتى صف بالناس على قبرها وكبر أربع تكبيرات.

ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر مىسكىن ئايالنىڭ ئاغرىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پېقىر-مىسكىنلەرنى يوقلاپ تۇرىدىغان ئادىتى بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە:

— ئەگەر ئۇ ئايال ۋاپات تېپىپ قالسا ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، — دېدى. كېيىن ئۇ ئايال كېچىدە ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئاندىن كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نى ئويغىتىشتىن خىجىل بولۇپ ئۇ ئايالنى كېچىدىلا ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلىۋەتتى. تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ:

— سىلەرگە ئۇ ئايال ۋاپات تېپىپ قالسا ماڭا خەۋەر قىلىڭلار

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېمىگەنمىدىم؟ — دېگەنىدى. كىشىلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سېلىنى كېچىدە ئويغىتىپ بىئارام قىلىپ قويۇشنى ياقتۇرمىدۇق، — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر بىلەن ئۇ ئايالنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ سەپ بولۇپ ۋە تۆت تەكبىر ئېيتىپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى.[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىر-مىسكىنلەردىن ۋاپات بولغانلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇلبەجادەين مۇزەنى شۇنىڭ قاتارىدىندۇر**

عن عبد اللّٰه بن مسعود رضي اللّٰه عنه قال: قمت من جوف الليل، وأنا مع رسول اللّٰه ﷺ في غزوة تبوك، قال: فرأيت شعلة من نار في ناحية العسكر،فاتبعتها، أنظر إليها، فإذا رسول اللّٰه ﷺ وأبو بكر وعمر، وإذا عبد اللّٰه ذو البجادين المزني قد مات، وإذا هم قد حفروا له، ورسول اللّٰه ﷺ في حفرته، وأبو بكر وعمر يدليانه إليه، وهو يقول: «أدنيا إليَّ أخاكما» فدلياه إليه، فلما هيأه لشقه، قال: «اللّٰهم إني أمسيت راضيًا عنه، فارض عنه». قال عبد اللّٰه بن مسعود: يا ليتني كنت صاحب الحفرة.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەبۇك غازىتىغا چىققاندا كېچىسى ئورنۇمدىن تۇرغان ئىدىم، ئەسكىري لاگېر تەرەپتە ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ، قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردىم. ئۇ يەردە پەيغەمبەر ﷺ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ بار ئىكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇلبەجادەين مۇزەنى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا يەرلىك كولاۋاتقانىكەن. پەيغەمبەر ﷺ يەرلىك ئىچىدە تۇرغان بولۇپ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇ كىشىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزاتقانىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىگە: «قېرىندىشىڭلارنى ماڭا يېقىنراق ئەكىلىڭلار!» دېدى. ئۇلار ئۇ كىشىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزىتىپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى يەرلىك

① مالىك ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىچىدە قويۇشقا تەييار قىلىپ: «ئى الله ! مەن ئۇنىڭدىن رازى بولدۇم، سەنمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولغىن» دەپ دۇئا قىلدى. مەن ئىچىمدە: «كاشكى، مۇشۇ قەبرىدىكى كىشى مەن بولغان بولسامچۇ!» دېدىم.[1]

ئىبنى ھىشام مۇنداق دېگەن: «ئۇ كىشى ‹ذو البجادين› دېگەن نام بىلەن چاقىرىلاتتى. چۈنكى، ئۇ جاھىلىيەتتىكى ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولۇشقا بەكمۇ تىرىشقان بولۇپ، ئەمما قەۋمىدىكىلەر بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىققان. كېيىن قەۋمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ‹بجاد› تىن باشقا كىيىم ـ كېچەكنى تارتىۋېلىپ ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن (‹بجاد› دېگەن رەختتى قېلىن ۋە يىرىك كىيىمنى كۆرستىدۇ). شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇچىسىدىكى ‹بجاد› دېگەن كىيىمنى ئىككى پارچە قىلىپ يىرتىپ، بىرىنى ئىشتان قىلىپ كىيىپ، يەنە بىرىنى ئۇستىگە يېپىنىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قېچىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ‹ذو البجادين› دەپ ئاتالغان».[2]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقاتتى

عن أسماء بنت أبي بكر رضي اللّه عنها قالت: تزوجني الزبير وما له في الأرض من مال ولا مملوك ولا شيء غير ناضح وغير فرسه فكنت أعلف فرسه وأستقي الماء... فلم يكن من الخدمة شيء أشد علي من سياسة الفرس، كنت أحتش له وأقوم عليه وأسوسه. قال: ثم جاء النبي ﷺ سبيٌ فأعطاها خادماً. قالت: كفتني سياسة الفرس فألقت عني مؤنته.

ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى نىكاھىغا ئالغاندا، ئۇنىڭ نە مېلى، نە قۇلى (ھېچنېمىسى) يوق بولۇپ، بار ـ يوق بىساتى پەقەت بىر تۇياق ئات بىلەن سۇ تارتىدىغان بىر تۇياق تۆگە ئىدى. ئېتىغا ھەلەپ ئېتىپ باقاتتىم، سۇ

---

[1] ئىبنى ھىشامنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 527 ـ بەت.

[2] ئىبنى ھىشامنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 527 ـ بەت.

تارتاتتىم... دېمەك، ماڭا ئات بېقىشتىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان بىر ئىش يوق ئىدى. مەن ئاتقا ئوت-چۆپ بېرىپ باقاتتىم. پەيغەمبەر ﷺ گە (ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان) بىرقانچە ئايال ئەسىر كەلتۈرۈلگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ شۇلاردىن بىرىنى ماڭا دېدەك قىلىپ بەردى». ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «شۇ دېدەك ئاتنى بېقىپ، مېنى بۇ جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇردى».[①]

يەنە بىر نەقىلدە: «حتى أرسل إلي أبو بكر بعد ذلك بخادم، فكفتني سياسة الفرس، فكأنما أعتقني» «كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئات باقىدىغان بىر خىزمەتچى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن خۇددى قۇللۇقتىن ئازاد بولغاندەك بولدۇم» دەپ كەلگەن.[②]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىدىكى ئىككى خىل نەقىلنى تۆۋەندىكىدەك بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئەسىرلەر كەلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىر خىزمەتكار ئەۋەتكەن. بۇنداق بولغاندا خىزمەتكار بەرگەن كىشى پەيغەمبەر ﷺ دۇر. لېكىن، خىزمەتكارنى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ۋاستە ئارقىلىق يەتكۈزگەن بولىدۇ».[③]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىر-مىسكىنلەردىن ئېھتىياجلىرىنى سوراپ تۇراتتى**

عن خادم للنبي ﷺ رجل أو امرأة قال: كان النبي ﷺ مما يقول للخادم: ألك حاجة؟ قال: حتى كان ذات يوم فقال: يا رسول اللّه، حاجتي قال: وما حاجتك؟ قال: حاجتي أن تشفع لي يوم القيامة، قال: ومن دلك على هذا؟ قال: ربي قال: إما لا، فأعني بكثرة السجود.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ (ئەر ياكى ئايال) خىزمەتكارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دائىم خىزمەتكارىدىن «ھاجىتىڭ بارمۇ؟» دەپ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ «فتح الباري» 9-توم 324-بەت.

سوراپ تۇراتتى. مەلۇم بىر كۈنى خىزمەتكارى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ھاجىتىم بار، ــ دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ نېمە ھاجىتىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى. خىزمەتكار:

ــ ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان بولساڭ، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟ ــ دەپ سورىدى، خىزمەتكار:

ــ الله ، ــ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ مېنىڭ شاپائەت قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغان بولساڭ، كۆپ سەجدە قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن، ــ دېدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىلىرىدىن خالىغان نەرسىلەرنى سورىشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇلار چوڭراق بىرنەرسە تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ تەلىپىنى ئىجابەت قىلاتتى.**

عن ربيعة بن كعب الأسلمي رضي اللّٰه عنه قال: كنت أبيت مع النبي ﷺ فأتيته بوضوئه وحاجته، فقال لي: «سل». فقلت: أسألك مرافقتك في الجنة. قال أو غير ذلك؟ قلت: هو ذاك. قال: فأعني على نفسك بكثرة السجود.

رەبىئە ئىبنى كەئب ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاھارەت سۈيى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ بېرەتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ مەندىن بىرەر تىلىكىڭ بولسا، سورىغىن! ــ دېگەنىدى، مەن:

ــ جەننەتتىمۇ ساڭا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن، ــ دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ باشقا تىلىكىڭ يوقمۇ؟ ــ دەپ سورىدى، مەن:

ــ پەقەت شۇلا تىلىكىم بار، ــ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ:

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

— ئۇنداقتا، سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن، — دېدى.[①]

يەنە بىر نەقىلدە، رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ تاكى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ پۈتۈن بىر كۈنلۈك ھاجەتلىرىنى ئورۇنداپ خىزمەت قىلاتتىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۆيگە كىرىپ كەتسە، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىرەر ھاجىتى چىقىپ قالسىكەن دەپ ئويلايتتىم. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەمىشە «سبحان اللَّه، سبحان اللَّه، سبحان اللَّه و بحمده» «الله پاكتۇر، الله پاكتۇر، الله پاكتۇر، الله قا ھەمدىلەر بولسۇن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلايتتىم، ھەتتاكى مەن زېرىكىپ قايتىپ كېتەتتىم ياكى ئۇيقۇم كېلىپ ئۇخلاپ قالاتتىم.

پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ خىزمىتىگە دائىم تەييار ئىكەنلىكىمنى ۋە قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىمنى كۆرۈپ بىر كۈنى:

— «سلني يا ربيعة أعطك» «ئى رەبىئە! بىرەر ھاجىتىڭ بولسا سورىغىن، سورىغىنىڭنى بېرەي» — دېدى، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ياخشى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ساڭا جاۋابىنى بېرەي، — دېدىم. ئاندىن ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، دۇنيا ماتالىرىنىڭ باقاسى يوق ۋە تۈگەيدىغانلىقىنى، دۇنيالىق رىزىقىمنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم-دە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن سوراي، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ ھۇزۇرىدا بۈيۈك مەرتىۋىلىك زاتتۇر» دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— «ما فعلت يا ربيعة؟» «ئى رەبىئە! ئويلىنىپ بولدۇڭمۇ؟» — دەپ سورىغانىدى، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ماڭا شاپائەت قىلىشىڭنى، شۇ سەۋەبلىك رەببىمنىڭ مېنى دوزاختىن ئازاد قىلىشىنى سورايمەن، —

[①] مۇسلىم توپلىغان.

دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— «من أمرك بهذا يا ربيعة» «ئى رەبىئە! بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟» — دېدى.

مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىرەرسى ئۆگەتكىنى يوق، سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم ئۆگەتمىدى. لېكىن، سەن ماڭا «نېمە ھاجىتىڭ بار؟ سورىغىنىڭنى بېرەي» دېگەن ئىدىڭ، سېنىڭ مەرتىۋەڭ الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ يۇقىرى. شۇڭا مەن ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، دۇنيا ماتالىرىنىڭ ئۆزۈلۈپ قالىدىغان ۋە باقاسى يوق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، رىزىقىمنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم-دە، سەندىن ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن سوراشنى ئويلىدىم، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، ماڭا:

— «إني فاعل فأعني على نفسك بكثرة السجود» «بولىدۇ، لېكىن سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن! — دېدى.[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنىڭ كەمسىتىلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە قەدىر-قىممىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى**

عن سهل بن سعد الساعدي رضي اللّٰه عنه أنه قال: مر رجل على رسول اللّٰه ﷺ، فقال: «ما تقولون في هذا؟»، قالوا: رجل من أشراف الناس، هذا و اللّٰه حري إن خطب أن ينكح، وإن شفع أن يشفع، وإن قال أن يستمع، ثم سكت، ومر رجل من فقراء المسلمين، فقال: «ما تقولون في هذا»، قالوا: هذا رجل من فقراء المسلمين، هذا حري إن خطب لاينكح، وإن شفع لايشفع، وإن قال لايستمع، فقال رسول اللّٰه ﷺ: «هذا خير من ملء الأرض مثل هذا».

سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ يېنىدىكىلەردىن:
ـــ بۇ كىشىگە قانداق قارايسىلەر؟ ـــ دەپ سورىدى. ئۇلار:
الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر. بىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلسا، رەت قىلىنمايدۇ؛ بىرىگە كېپىل بولسا، كېپىللىكى بىجا كەلتۈرۈلىدۇ؛ بىرەر ئىشقا ئارىلاشسا، گېپى ئۆتىدۇ، ـــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ھېچنېمە دېمىدى. كېيىن ئۇ يەردىن بىر كەمبەغەل مۇسۇلمان ئۆتكەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە:
ـــ بۇ كىشىگە قانداق قارايسىلەر؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:
ـــ بۇ بىر كەمبەغەل مۇسۇلمان. بىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمەيدۇ. بىرىگە كېپىل بولسا، كېپىللىكى رەت قىلىنىدۇ، بىرەر ئىشقا ئارىلاشسا، گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، ـــ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:
ـــ بۇ ئادەم بايىقى ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرمىگىلىغان كىشىلەردىن ياخشىدۇر، ـــ دېدى.[1]
ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىستە، ھاياتىي دۇنيادا مال ـ دۇنياغا كۆپ ئېرىشىشنىڭ پەزىلەت ھېسابلانمايدىغانلىقى، مال ـ دۇنيانىڭ ئېتىبارىنىڭ پەقەت ئاخىرەتتە كۆرۈلىدىغانلىقى، ھاياتىي دۇنيادا كەمبەغەل ئۆتكەن كىشى ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئورنىغا ھەسسىلەپ ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[2]
عن أبي ذر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: يا أبا ذر أترى كثرة المال هو الغنى قلت نعم يا رسول الله قال: فترى قلة المال هو الفقر قلت نعم يا رسول الله قال: إنما الغنى غنى القلب والفقر

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] «فتح الباري» 11 ـ توم 278 ـ بەت.

فقر القلب ثم سألني عن رجل من قريش فقال: هل تعرف فلانا قلت نعم يا رسول اللّٰه قال: فكيف تراه وتراه؟ قلت إذا سأل أعطي وإذا حضر أدخل ثم سألني عن رجل من أهل الصفة فقال: هل تعرف فلانا قلت لا واللّٰه ما أعرفه يا رسول اللّٰه قال فما زال يحليه وينعته حتى عرفته فقلت قد عرفته يا رسول اللّٰه قال: فكيف تراه أو تراه. قلت رجل مسكين من أهل الصفة فقال: هو خير من طلاع الأرض من الآخر قلت يا رسول اللّٰه أفلا يعطى من بعض ما يعطى الآخر فقال: إذا أعطي خيرا فهو أهله وإن صرف عنه فقد أعطي حسنة.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مەندىن:

— ئى ئەبۇ زەر! مالنىڭ كۆپلۈكىنى بايلىق دەپ قارامسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن:

— ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! — دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ يەنە:

— مالنىڭ ئازلىقىنى كەمبەغەللىك دەپ قارامسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن:

— ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! — دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەبۇ زەر! ھەقىقىي بايلىق قەلبنىڭ بايلىقى، ھەقىقى كەمبەغەللىكمۇ قەلبنىڭ كەمبەغەللىكىدۇر، — دېدى. ئاندىن كېيىن مەندىن قۇرەيشلىك بىر ئادەم توغرۇلۇق سوراپ:

— سەن پالانى كىشىنى تونۇمسەن؟ — دېدى. مەن:

— ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېسەم،

— ئۇ كىشىگە قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ئۇ كىشى بىرەر كىشىدىن نەرسە سورىسا، قۇرۇق قول قايتۇرۇلمايدىغان؛ بىرەر ئورۇنغا بارسا، قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغان كىشى، — دېدىم. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ مەندىن سۇپا ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى توغرۇلۇق سوراپ:

— پالانى كىشىنى تونۇمسەن؟ — دېگەنىدى، مەن:

— الله بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى تونۇمايدىكەنمەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى سۈپەتلەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، ئاخىرى ئۇنى تونۇدۇم. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ھەئە، ئۇنى ئەمدى تونۇدۇم، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ كىشىگە قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ئۇ سۈپپا ئەھلىدىن بولغان كەمبەغەل بىر كىشى، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— مانا بۇ كىشى بايىقى ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرمىڭلىغان كىشىلەردىن ياخشىدۇر، — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ كەمبەغەل كىشىگىمۇ ھېلىقى كىشىگە بېرىلگەن بىر قىسىم نەرسىلەردىن بېرىلسە بولمامدۇ؟ — دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەگەر بۇ كىشىگە بىرەر ياخشىلىق ئاتا قىلىنسا، ئەلۋەتتە ئۇ كىشى شۇنىڭغا ئەڭ لايىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق بېرىلمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا چوقۇم ئۇنىڭدىن ياخشىسى بېرىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.①

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كم من أشعث أغبر ذي طمرين لا يؤبه له لو أقسم على اللّه لأبره. منهم البراء بن مالك» «چاچ-ساقىلى ئۇسۇپ، كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەچكە ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ، ئەگەر ئۇلار الله نىڭ نامىدا قەسەم قىلسا، الله ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بەرا ئىبنى مالىك ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر».②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەنۋىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى**

① ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

عن عبد اللّٰه بن عمرو بن العاصي رضي اللّٰه عنهما عن رسول اللّٰه ﷺ أنه قال: هل تدرون أول من يدخل الجنة من خلق اللّٰه عز وجل؟ قالوا اللّٰه ورسوله أعلم. قال: أول من يدخل الجنة من خلق اللّٰه الفقراء المهاجرون الذين تسد بهم الثغور، وتتقى بهم المكاره، ويموت أحدهم، وحاجته في صدره لا يستطيع لها قضاء، فيقول اللّٰه عز وجل لمن شاء من ملائكته: إئتوهم فحيوهم، فتقول الملائكة: نحن سكان سماواتك، وخيرتك من خلقك أفتأمرنا أن نأتي هؤلاء، فنسلم عليهم؟ قال: إنهم كانوا عبادا يعبدوني لا يشركون بي شيئا، وتسد بهم الثغور ويتقى بهم المكاره، ويموت أحدهم وحاجته في صدره، لا يستطيع لها قضاء،قال: فتأتيهم الملائكة عند ذلك فيدخلون عليهم من كل باب {سلام عليكم بما صبرتم، فنعم عقبى الدار}.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىدىن:

ــ الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلار كىملەر؟

ــ دەپ سورىغاندى، ساھابىلەر:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، ــ دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلار پېقىر مۇھاجىرلاردۇر. ئۇلار ئارقىلىق چېگرالار قوغدىلىدۇ ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر يەڭگىللىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ھاجىتى ئورۇنلانماي كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن الله خالىغان پەرىشتىلەرگە: «ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، سالام بېرىڭلار!» دەيدۇ. پەرىشتىلەر الله تائالاغا: «بىز ئاسمىنىڭغا ئورۇنلاشقان ۋە مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرى تۇرساق، بىزنى شۇ پېقىر مۇھاجىرلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا سالام بېرىشكە بۇيرۇمسەن؟» دەيدۇ، الله تائالا: «ئۇلار ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغان، ئۇلار بىلەن ئىسلام ئۇممىتىنىڭ چېگرالىرى قوغدالغان ۋە قىيىنچىلىقلىرى ئاسانلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ بىرى ھاجىتى ئورۇنلانماي

كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ (جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ ۋە ئۇلارغا: «دۇنيادا سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ياخشى!» دەيدۇ، — دېگەن.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنىڭ بايلاردىن خېلىلا ئىلگىرى جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرگەن**

عن ثوبان رضي اللّه عنه مولى رسول اللّه ﷺ قال: كنت قائما عند رسول اللّه ﷺ، فجاء حبر من أحبار اليهود، فقال: السلام عليك يا محمد، فدفعته دفعة كاد يصرع منها، فقال: لم تدفعني؟ فقلت: ألا تقول يا رسول اللّه؟ فقال اليهودي: إنما ندعوه باسمه الذي سماه به أهله، فقال رسول اللّه ﷺ: «إن اسمي محمد الذي سماني به أهلي»، فقال اليهود: جئت أسألك، فقال له رسول اللّه ﷺ: «أينفعك شيء إن حدثتك؟» قال أسمع بأذني، فنكت رسول اللّه ﷺ بعود معه، فقال: «سل»، قال اليهودي: أين يكون الناس يوم تبدل الأرض غير الأرض والسموات؟ فقال رسول اللّه ﷺ: «هم في الظلمة دون الجسر»، قال: فمن أول الناس إجازة؟ فقال: «فقراء المهاجرين»

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا تۇراتتىم. يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئى مۇھەممەد! — دېدى. مەن ئۇنى شۇنداق قاتتىق ئىتتىردىمكى، ئۇ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئاندىن ماڭا:

— مېنى نېمىشقا ئىتتىرىسەن؟ — دېدى. مەن:

— نېمىشقا «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!» دېمەيسەن؟ — دېگەنىدىم، ئۇ:

— بىز ئۇنى ئاتا-ئانىسى قويغان ئىسىم بىلەن چاقىرىمىز، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇ:

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ــ توغرا، ئاتا ـ ئانام ماڭا «مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويغان، ــ دېدى. ئۇ يەھۇدىي:

ــ مەن سەندىن سوئال سورىغىلى كەلدىم، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ جاۋابىمنىڭ ساڭا پايدىسى بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ يەھۇدىي:

ــ قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ قولىدىكى تاياق بىلەن يەرگە جىجىغاندىن كېيىن:

ــ قېنى سورىغىن! ــ دېدى.

يەھۇدىي:

ــ زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان كۈندە ئىنسانلار نەدە بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدا، قاراڭغۇلۇقتا بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە:

ــ (ئۇنىڭدىن) تۇنجى بولۇپ كىملەر ئۆتىدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى ئۆتىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى.[1]

ئەبۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ھوبۇلى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كىشىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «بىز مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدىن ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىغاندا مۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ: «ئايالىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: «بار» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە ئۇنىڭدىن: «ئولتۇرغۇدەك ئۆيۈڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: «ئۆيۈممۇ بار» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، سەن بايلاردىن ھېسابلىنىسەن» دېدى. ئۇ كىشى: «مېنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

خىزمەتكارىمىمۇ بار» دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداقتا، سەن پادىشاھلاردىن ئىكەنسەن» دېدى.

ئەبۇ ئابدۇرراھمان يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇلار: «ئى ئەبۇ مۇھەممەد! بىزنىڭ نە پۇلىمىز، نە مال-مۈلكىمىز يوق» دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئۇلارغا: «نېمە خالايسىلەر؟ ئەگەر خالىساڭلار، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىڭلار، بىز سىلەرگە الله نىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرىدىن بېرەيلى. ئەگەر خالىساڭلار، قىيىنچىلىقىڭلارنى سۇلتانغا يەتكۈزەيلى. خالىساڭلار، سەۋر قىلىڭلار! چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹إن فقراء المهاجرين يسبقون الأغنياء يوم القيامة إلى الجنة بأربعين خريفا› <مۇھاجىرلارنىڭ كەمبەغەللىرى قىيامەت كۈنى جەننەتكە بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن كىرىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەنىدى، ئۇلار: <ئۇنداقتا بىز سەۋر قىلىمىز، ھېچنەرسە سورىمايمىز> دېيىشتى».[1]

عن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنهما قال: قال لي رسول اللَّه ﷺ: «أتعلم أول زمرة تدخل الجنة من أمتي؟» قال: اللَّه ورسوله أعلم فقال: «المهاجرون يأتون يوم القيامة إلى باب الجنة ويستفتحون، فيقول لهم الخزنة، أو قد حوسبتم، فيقولون بأي شيء نحاسب، وإنما كانت أسيافنا على عواتقنا في سبيل اللَّه، حتى متنا على ذلك»، قال: «فيفتح لهم، فيقيلون فيه أربعين عاما قبل أن يدخلها الناس»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار مۇھاجىرلاردۇر، ئۇلار قىيامەت

[1] مۇسلىم توپلىغان.

كۆنى جەننەتنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ جەننەتنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرگە: <ئىشىكنى ئېچىڭلار> دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: <سىلەردىن ھېساب ئېلىنىپ بولدىمۇ؟> دەيدۇ. ئۇلار: <قىلىچلىرىمىز ھەر دائىم الله يولىدا مۈرىلىرىمىزدە ئېسىقلىق تۇرغان ھالەتتە ۋاپات تاپقان تۇرساق، بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن 40 يىل ئىلگىرى ئۇلار جەننەتتە كىرىپ ئارام ئالىدۇ». ①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يدخل فقراء المسلمين الجنة قبل أغنيائهم بنصف يوم وهو خمسمائة عام» «پېقىر مۇسۇلمانلار بايلاردىن 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. ②

ئەسكەرتىش:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان ھەدىستە «جەننەتكە 40 يىل بۇرۇن كىرىدۇ» دەپ كەلگەن، ئەمما ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان ھەدىستە «جەننەتكە 500 يىل بۇرۇن كىرىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى مۇھاجىرلارنىڭ بايلىرىدىن 40 يىل بۇرۇن، باشقا پېقىرلار باشقا بايلاردىن 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ.

ئىبنى ھىببان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىگە ئاساسەن «الله تائالانىڭ پېقىر مۇھاجىرلارنى باي مۇھاجىرلاردىن مەلۇم ۋاقىت بۇرۇن جەننەتكە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان

---

① ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلىدىغانلىقى ھەققىدە» دەپ باب تۈزگەن؛① ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىگە ئاساسەن «الله تائالانىڭ قانائەتچان پېقىرلارنى بايلاردىن مەلۇم ۋاقىت بۇرۇن جەننەتكە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان قىلىدىغانلىقى ھەققىدە» دەپ باب تۈزگەن.②

بەيھەقى مۇنداق دېگەن: «گەرچە بۇ نەقىللەر ھەدىس كىتابلىرىدا تولۇق خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما نەقىللەرنىڭ ۋاقىت توغرىسىدا بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى پېقىرلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ئىتائەتتىكى ئورنىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك بولۇشى مۇمكىن».③

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئېشەنچلىك ھەدىس نەقىل قىلغۇچىلار نەقىل قىلغان سەھىھ ھەدىستە پېقىرلارنىڭ بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان. ئەمما ئىككىلى ھەدىسنى <سەھىھ> دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا ئىلگىرى بولۇش مۇددىتى باي ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بولغان بولىدۇ. خۇددى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن الله قا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا دوزاختا تۇرۇپ قالغىنىدەك، بەزى كەمبەغەللەر 40 يىل ئىلگىرى جەننەتكە كىرسە، بەزىلىرى 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ. الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».④

«500 يىل» بولسا جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرگەن پېقىرلار بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا كىرگەن بايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت پەرقىدۇر.⑤

وعن عبد اللّٰه بن عمرو رضي اللّٰه عنهما قال: «كنت عند رسول اللّٰه ﷺ وطلعت الشمس،

① «صحيح ابن حبان» 2- توم 452- بەت.

② «صحيح ابن حبان» 2- توم 451- بەت.

③ «البعث والنشور» 426- بەت.

④ «حادي الأرواح» 81- بەت.

⑤ «النهاية في الفتن والملاحم» 1- توم 273- بەت.

فقال: يأتي اللّٰه قوم يوم القيامة، نورهم كنور الشمس ، فقال أبو بكر: أنحن هم يا رسول اللّٰه؟ قال: لا، ولكم خير كثير، ولكنهم الفقراء والمهاجرون الذين يحشرون من أقطار الأرض وقال: طوبى للغرباء، طوبى للغرباء، طوبى للغرباء ، فقيل: من الغرباء يا رسول اللّٰه؟ قال: «ناس صالحون في ناس سوء كثير، من يعصيهم أكثر ممن يطيعهم».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن مەلۇم بىر كۈنى قۇياش چىققان ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىدا ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قىيامەت كۈنى يۈزى قۇياشتەك پارلاپ تۇرىدىغان بىر جامائەت الله تائالانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىزمۇ؟» دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق. سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ كۆپ ياخشىلىق بېرىلىدۇ، ئۇلار زېمىننىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن توپلانغان پېقىر مۇھاجىرلاردۇر» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك بولسۇن! غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك بولسۇن! غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك بولسۇن!» دېۋىدى. كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! غېرىبلار دېگەن كىملەر؟» دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار ئىنتايىن كۆپ ناچار كىشىلەر ئارىسىدىن تاللانغان ياخشى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا قارشى چىققىدىغانلار ئىتائەت قىلىدىغانلاردىن كۆپتۇر» دېدى.[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پېقىرلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن**

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اطلعت في الجنة فرأيت أكثر أهلها الفقراء، واطلعت في النار فرأيت أكثر أهلها النساء» «(مىئراجدا) جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پېقىرلار ئىكەنلىكىنى، دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كۆردۇم».[1]

بۇ ھەدىس مال-دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان پېقىرلارغا روھىي جەھەتتىن ئەڭ ياخشى تەسەللى بولالايدۇ.

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پېقىرلار ئىكەنلىكىنى كۆردۇم> دېگىنى — پېقىرلار بايلاردىن ئەۋزەل دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ پېقىر ئىكەنلىكى ۋە دۇنيادا پېقىرلارنىڭ سانىنىڭ بايلاردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا جەننەتكە كىرمەيدۇ، ئەكسىچە پېقىرلار سالىھ بولغاندىلا ئاندىن جەننەتكە كىرەلەيدۇ. شەكسىزكى، پېقىر كىشى سالىھ بولمىسا ھەرگىزمۇ بايدىن ئەۋزەل بولالمايدۇ».[2]

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قمت على باب الجنة فكان عامة من دخلها المساكين وأصحاب الجد محبوسون غير أن أصحاب النار قد أمر بهم إلى النار» «(مىئراجدا) جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردۇم. كىرىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقسۇللار بولۇپ، بايلار توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئاندىن دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرىشكە بۇيرۇلدى».[3]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «‹محبوسون› — خۇددى زۇلۇم قىلغۇچى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قىساس ئۈچۈن ‹القنطرة› دېگەن جايدا توختىتىپ قويۇلغاندەك، بايلارنىڭمۇ مال-دۇنيالىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىش ئۈچۈن پېقىرلار بىلەن تەڭ جەننەتكە كىرىشتىن چەكلەپ قويۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ».[4]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 10- توم 173- بەت.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[4] «فتح الباري» 11- توم 420- بەت.

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن: «مەن كېمە ئارقىلىق سەپەردىن قايتىپ قىرغاققا يېقىنلاشقانىدىم، باجگىرلار (يول ھەققى يىغقۇچىلار): <ھېچكىم كېمىدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن، ھېچكىم ئورنىدىن قوزغالمىسۇن> دېدى. مەن كىيىمىمنى بوينۇمغا ئارتىپلا كېمىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈۋالدىم. باجگىرلار تېزلا يېنىمغا كېلىپ: <كېمىدىن نېمىشقا چۈشۈۋالدىڭ؟> دەپ سورىدى، مەن: <مېنىڭ يۈك-تاقام يوق، شۇڭا چۈشۈۋالدىم> دېگەنىدىم. ئۇلار ماڭا: <ئۇنداقتا، كەتسەڭ بولىدۇ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىچىمدە: <ئاخىرەتتىكى ھېسابمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ>[1] دەپ ئويلىدىم».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنىڭ دۇئالىرى سەۋەبلىك ياردەم چۈشۈش ۋە رىزىقلىنىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتكەن**

پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إبغوني ضعفاءكم، فإنما ترزقون و تنصرون بضعفائكم» «مېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن رىزىقلىنىسىلەر ۋە نۇسرەت قازىنىسىلەر».[3]

«إبغوني» — «مېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەڭلار، مەن ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئارقىلىق ياردەم تەلەپ قىلىمەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

«الضعفاء» — مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى

[1] يەنى، ھېساب بەرگۈدەك مالغا ئىگە بولمىغان پېقىر كىشىنىڭ ھېسابىنىڭ يەڭگىل بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[2] «صفة الصفوة» 3- توم 277- بەت.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىينىچىلىق ئىچىدە بولغاچقا كىشىلەر ئۇلارنى «ئاجىزلار» دەپ ئاتىغان.

«تنصرون» — «ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ دۇئالىرى سەۋەبلىك دۈشمەنلىرىڭلار ئۈستىدىن نۇسرەت قازىنىسىلەر» دېگەنلىك بولىدۇ.

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى باشقا ساھابىلەردىن پەزىلەتلىك دەپ قارىغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «هل تنصرون وترزقون إلا بضعفائكم» «سىلەرگە پەقەت شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبىدىنلا نۇسرەت ئاتا قىلىنىدۇ ۋە رىزىق بېرىلىدۇ» دېگەن.[1]

يەنە بىر نەقىلدە: «إنما ينصر الله هذه الأمة بضعيفها بدعوتهم وصلاتهم وإخلاصهم» «اللہ تائالا بۇ ئۈممەتكە پەقەت ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرىنىڭ دۇئاسى، نامىزى ۋە ئىخلاسى يۈزىسىدىنلا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ» دېيىلگەن.[2]

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى — ئاجىزلار دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە بېرىلمىگەنلىكى ھەمدە ئاخىرەتلىكىنىلا مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەللىرى ساپ بولىدۇ ۋە دۇئالىرى ئىجابەت قىلىنىدۇ.[3]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشكە بۇيرۇغان**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەرنى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان تاماقلىرىنى پېقىرلارغا بېرىشتىن توسقانلىقى بۇنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رسول الله ﷺ أهدي إليه ضب، فلم يأكله، قالت عائشة: فقلت: ‹يا رسول الله، ألا أطعمه المساكين؟›، فقال النبي ﷺ: ‹لا تطعموهم مما لا تأكلون›» «پەيغەمبەر ﷺ گە بىر كېلەر ھەدىيە قىلىنغانىدى، ئۇ كېلەرنى يېمىدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى كەمبەغەللەرگە تاماق قىلىپ

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] «فتح الباري» 6- توم 89- بەت، «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 5- توم 90- بەت. «عون المعبود» 7- توم 256- بەت.

بېرەيلىمۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۆزەڭلار يېمىگەننى باشقىلارغىمۇ يېگۈزمەڭلار> دېدى».[1]

بۇ الله تائالانىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ وَلَسْتُمْ بِآخِذِيهِ إِلَّا أَنْ تُغْمِضُوا فِيهِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر»[2] دېگەن سۆزىدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلىي تەتبىقلىغانلىقتۇر.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ ﴿وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ﴾ «ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «نزلت فينا معشر الأنصار كنا أصحاب نخل، فكان الرجل يأتي من نخله على قدر كثرته وقلته، وكان الرجل يأتي بالقنو والقنوين، فيعلقه في المسجد، وكان أهل الصفة ليس لهم طعام، فكان أحدهم إذا جاع أتى القنو، فضربه بعصاه، فيسقط البسر والتمر، فيأكل، وكان ناس ممن لا يرغب في الخير، يأتي الرجل بالقنو فيه الشيص والحشف، وبالقنو قد انكسر، فيعلقه، فأنزل اللّه تبارك وتعالى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ وَلَسْتُمْ بِآخِذِيهِ إِلَّا أَنْ تُغْمِضُوا فِيهِ﴾، قال: لو أن أحدكم أهدي إليه مثل ما أعطى، لم يأخذه إلا على إغماض، أو حياء، قال: فكنا بعد ذلك يأتي أحدنا بصالح ما عنده».

بۇ ئايەت بىز ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. بىزنىڭ خورمىلىرىمىز بار ئىدى، ھەربىرىمىز خورمىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ ئەكىلەتتۇق. بەزىلەر بىر-ئىككى ساپاق خورما ئەكىلىپ مەسجىدكە ئېسىپ قوياتتى. ئوزۇق-تۈلۈكى

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] سۈرە بەقەرە 267- ئايەت.

يوق سۇپا ئەھلى قورسىقى ئاچسا ساپاقنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ خورمىنى چۈشۈرۈپ يەيتتى. بەزى خەير-ئېھسان قىلىشنى خالىمايدىغانلار خورمىسى پۇچەك ياكى ياخشى قۇرۇتۇلمىغان ۋە ياكى سۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ساپاقنى ئەكىلىپ ئېسىپ قوياتتى. بۇ سەۋەبتىن اللە تائالا: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندا چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار»[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئايەتنىڭ مەنىسى: «ناۋادا بىرىڭلارغا ئۇ بەرگەندەك ناچار خورما سوۋغا قىلىنسا، پەقەتلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ياكى ھايا قىلغانلىقتىن قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. بىز شۇنىڭدىن كېيىن قولىمىزدىكى ئەڭ ياخشى خورمىنى ئەكىلىپ قويىدىغان بولدۇق.[2]

بۇ ھەقتە مۇنزىر سەۋرىدىن سەلەفلەرنىڭ بىرىنىڭ كەمبەغەللەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى نەقىل قىلىنغان: «رەبىئە ئىبنى خۇسەيىم ئەقلى-ھوشى جايىدا ئەمەس بىر كىشىگە ئەڭ ياخشى تاتلىق-تۈرۈملەرنى يېگۈزۈۋاتاتتى، كىشىلەر ئۇنىڭغا: <ئۇ نېمە يەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدۇ> دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: <اللە بىلىدۇ> دەپ جاۋاب بەردى».[3]

يەنە شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنى توي تائامىغا چاقىرماي ئايرىپ قويۇشتىن توسقان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شر الطعام طعام الوليمة، يدعى لها الأغنياء ويترك الفقراء ومن ترك الدعوة فقد عصى اللّٰه ورسوله» «بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمايدىغان توي

---

[1] سۈرە بەقەرە 267- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە تۈپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] «سير أعلام النبلاء» 7- توم 290- بەت.

زىيانپىتى ئەڭ ناچار زىيانپەتتۇر. كىمكى چاقىرىلغان يەرگە بارمىسا، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ». [1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك زىيانپەت سورۇنلىرىدا بايلارغىلا ئەھمىيەت بېرىش، زىيانپەتكە ئۇلارنىلا چاقىرىش، ئەڭ ياخشى تاماقلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغىلا قويۇش، ئۇلارنى سورۇننىڭ تۆرى ۋە يۇقىرىسىدا ئولتۇرغۇزۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەردىن خەۋەر بەرگەن. الله تائالا ياردەمچىمىز بولسۇن!». [2]

چاقىرىلغان توي تائاملىرىدا ھارام ئىشلار يول قويۇلمىسىلا، ئۇ يەرگە چوقۇم بېرىش كېرەك.

ئەمما، تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك توي تائاملىرىغا قورسىقى توق بايلار چاقىرىلىپ، ھاياتلىق ئۈچۈن تويغۇدەك بىر ۋاخ تاماققا زار بولۇۋاتقان پېقىرلار چاقىرىلماي تاشلاپ قويۇلۇۋاتىدۇ. ئى توي تائام ساھىبى! پېقىرلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ، زىيانپىتىڭىزدە ئۇلارنىڭمۇ نېسىۋىسى بولسۇن!

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنى باشقىلاردىن نەرسە تىلەمەسلىككە قىزىقتۇرغان**

پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلىق ۋە موھتاجلىق سەۋەبىدىن تەكرار بىرنەرسە سورىغان كىشىلەرگە، سورىغان نەرسىسىنى بېرەتتى. ئەمما، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا باشقىلاردىن نەرسە تىلىمەسلىكنىڭ ياخشى ۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرەتتى.

باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلىمەسلىك الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ماختىغان مۇئمىنلەرنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىندۇر. «التعفف» دېگەن «موھتاجلىقا سەۋر

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 9- توم 237- بەت.

قىلىش، ھالال بولمىغان ۋە سوراش ياخشى بولمىغان نەرسىلەرنى سورىماسلىق، كىشىلەردىن نەرسە تىلىمەسلىك» دېگەنلىكتۇر.[1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِلْفُقَرَاءِ الَّذِينَ أُحْصِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَطِيعُونَ ضَرْبًا فِي الْأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاءَ مِنَ التَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُمْ بِسِيمَاهُمْ لَا يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ «ئۆزىنى الله يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير-ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر»[2].

ئىمام تەبەرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «﴿يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاءَ مِنَ التَّعَفُّفِ﴾ <ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ> دېگەن ئايەتتىن <ئۇلار باشقىلاردىن نەرسە سورىمايدىغانلىقى، موھتاجلىق ۋە كېسەللىكلەرگە سەۋر قىلىپ كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋە ئەھۋالىنى بىلمەيدىغانلار ئۇلارنى باي دەپ ئويلاپ قالىدۇ> دېگەن بولىدۇ».

﴿تَعْرِفُهُمْ بِسِيمَاهُمْ﴾ «ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن» — «ئۇلاردىكى يۈزى تۆۋەنلىك ۋە كەمتەرلىك ئالامەتلىرى، چىرايىدىكى قاتتىق موھتاجلىق ئىپادىلىرى، كىيىملىرىنىڭ كونا ئىكەنلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەلگىلىرىگە قاراپلا ئۇلارنى تونۇيالايسىز» دېگەنلىكتۇر.

﴿لَا يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا﴾ كىشىلەردىن نەرسە سورىغاندا چىڭ تۇرۇپ سوراش

---

[1] «لسان العرب» 9- توم 253- بەت.

[2] سۈرە بەقەرە 273- ئايەت.

«ألحف السائل» دېيىلىدۇ.

ئەگەر بىرەر كىشى «يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر باشقىلاردىن نەرسە سورىغاندا تىكلەشمەي تۇرۇپ سورايدىغان كىشىلەرمۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بەلكى ئۇلار كىشىلەردىن پەقەتلا نەرسە سورىمايدىغان كىشىلەردۇر، چۈنكى الله تائالا ئۇلارنى باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىمايدىغان، يۈزلىرىدىكى ئالامەتلەر ئارقىلىق تونۇلىدىغان كىشىلەر دەپ سۈپەتلىگەن. ناۋادا ئۇلار دائىم باشقىلاردىن نەرسە سورايدىغان كىشىلەر بولسىدى، باشقىلاردىن نەرسە تىلەشتىن ئۆزىنى پاك تۇتۇش ئۇلارنىڭ سۈپىتى بولمىغان بولاتتى.

بۇ ئايەتتە، ئۇلارنىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىماسلىقتەك ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى مەدھىيىلەنگەن». [1]

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى مۇشۇ گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىگەن ئىدى.

عن حكيم بن حزام رضي اللّٰه عنه قال: سألت رسول اللّٰه ﷺ فأعطاني ثم سألته فأعطاني ثم قال لي يا حكيم إن هذا المال خضر حلو فمن أخذه بسخاوة نفس بورك له فيه ومن أخذه بإشراف نفس لم يبارك له فيه كالذي يأكل ولا يشبع واليد العليا خير من اليد السفلى. قال حكيم فقلت يا رسول اللّٰه والذي بعثك بالحق لا أرزأ أحدا بعدك شيئا حتى أفارق الدنيا. فكان أبو بكر يدعو حكيما ليعطيه العطاء فيأبى أن يقبل منه شيئا ثم إن عمر دعاه ليعطيه فأبى أن يقبله فقال يا معشر المسلمين إني أعرض عليه حقه الذي قسم اللّٰه له من هذا الفيء فيأبى أن يأخذه. فلم يرزأ حكيم أحدا من الناس بعد رسول اللّٰه ﷺ حتى توفي

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن پۇل ـ مال سورىغان ئىدىم، سورىغىنىمنى بەردى. يەنە سورىغان ئىدىم، يەنە

[1] «تفسير الطبري» 5 ـ توم 593 ـ ۋە 600 ـ بەت.

بەردى. كېيىن يەنە سورىغان ئىدىم، يەنە بەرگەندىن كېيىن:

— ئى ھەكىم! پۇل-مال يېشىل نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شېرىن نەرسە. كىمكى ئۇنى قانائەتچانلىق بىلەن ئالسا، ئۇنىڭ بەرىكىتىنى كۆرىدۇ. ئەگەر ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالسا، ئۇنىڭ بەرىكىتىنى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ خۇددى يەپ تويمايدىغانلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشىدۇر، — دېدى. مەن:

— ئى الله نىڭ رەسۇلى! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن تاكى دۇنيادىن ئايرىلغۇچە ھېچكىمدىن بىرنەرسە سورىمايمەن، — دېدىم. دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تېگىشلىك بولغان پۇل-مالنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرغان ئىدى، ئۇنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنى ئولجىدىن بېرىلىدىغان ھەققىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرغان ئىدى، ئۇنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ھەكىم ئىبنى ھىزامغا تېگىشلىك ھەققىنى بەرسەم قوبۇل قىلمىدى، — دېدى. شۇنداق قىلىپ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە ھېچكىمدىن بىرنەرسە سورىمىدى.[1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەكىم ئىبنى ھىزام ئۆزىنىڭ ھەققى بولغان پۇل-مالنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىغان، چۈنكى ئۇ بىرەر كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئېلىپ ئادەتلىنىپ قېلىپ، كېيىن ئۇنىڭغا بېقىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ۋە شەك-شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقان.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان بىرەر كىشىنىڭ <ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەكىمنىڭ ھەققىنى بەرمەپتۇ> دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنى بۇنىڭغا گۇۋاھ قىلدى».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارغا بەرگۈدەك نەرسە تاپالمىسا، ئۇلارغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزرىسىنى ئېيتاتتى**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَوْلٌ مَعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِنْ صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَا أَذًى واللَّهُ غَنِيٌّ حَلِيمٌ﴾ «ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)»[2].

عن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه: «أن ناسا من الأنصار سألوا رسول اللَّه ﷺ فأعطاهم، ثم سألوه فأعطاهم، حتى نفد ما عنده، فقال: «ما يكون عندي من خير فلن أدخره عنكم، ومن يستعفف يعفه اللَّه، ومن يستغن يغنه اللَّه، ومن يتصبر يصبره اللَّه. وما أعطي أحد عطاء خيرا وأوسع من الصبر»

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مال بېرىشنى سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا مال بەردى. ئۇلار يەنە سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قولىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا: <مەن ئۆزەمدىكى ياخشى نەرسىلەرنى سىلەردىن ھەرگىز ئايىمايمەن. كىمكى ئېپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى ئېپپەتلىك قىلىدۇ؛ كىمكى بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى باي قىلىدۇ؛ كىمكى سەۋر تەلەپ قىلسا، الله تائالا ئۇنى سەۋرچان قىلىدۇ. بىرەر

[1] «فتح الباري» 3- توم 336- بەت.
[2] سۈرە بەقەرە 263- ئايەت.

كىشىگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى ۋە مول رىزىق سەۋردۇر> دېدى».[1]

«ومن يستعفف يعفه اللّٰه» ــــ كىمكى باشقىلاردىن نەرسە سوراشتىن ساقلانسا، الله تائالا ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى ساقلايدۇ ۋە ئۇنى باشقىلارغا موھتاج قىلمايدۇ.

«ومن يستغن يغنه اللّٰه» ــــ باي بولۇشنى پەقەت الله تىنلا سورسا، الله ھەممە ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.[2]

بىر قىسىم كىشىلەر تەبۇك غازىتىغا چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۇلاغ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ئۇلاغ تېپىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى چىرايلىق يوسۇندا ئېيتقان.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ عَلَى الضُّعَفَاءِ وَلَا عَلَى الْمَرْضَى وَلَا عَلَى الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنْفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُوا لِلَّهِ وَرَسُولِهِ مَا عَلَى الْمُحْسِنِينَ مِنْ سَبِيلٍ واللَّه غَفُورٌ رَحِيمٌ۝ وَلَا عَلَى الَّذِينَ إِذَا مَا أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لَا أَجِدُ مَا أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّوْا وَأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُوا مَا يُنْفِقُونَ۝﴾ «ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [91]. يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) <مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق> دېدىڭ؟ ئۇلار (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى [92]».[3]

عن أبي موسى الأشعري رضي اللّٰه عنه: أتيت النبي ﷺ في نفر من الأشعريين نستحمله، فقال:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «فتح الباري» 11- توم 304- بەت.
[3] سۈرە تەۋبە 91- ۋە 92- ئايەت.

واللّٰه لا أحملكم وما عندي ما أحملكم عليه قال: فلبثنا ما شاء اللّٰه ثم أتي بإبل فأمر لنا بثلاث ذود غر الذرى. فلما انطلقنا قلنا أو قال بعضنا لبعض لا يبارك اللّٰه لنا أتينا رسول اللّٰه ﷺ نستحمله فحلف أن لا يحملنا ثم حملنا فأتوه فأخبروه فقال: ما أنا حملتكم ولكن اللّٰه حملكم أني واللّٰه إن شاء اللّٰه لا أحلف على يمين ثم أرى خيرا منها إلا كفرت عن يميني وأتيت الذي هو خير.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەشئەرىلىك بىرنەچچە كىشى بىلەن بىللە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ، بىزگە مىنگۈدەك تۆگە بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە ئۇلاغ بېرەلمەيمەن ھەم سىلەرگە بەرگۈدەك ئۇلىغىممۇ يوق» دېدى. بىز الله خالىغان بىر مۇددەتكىچە كۈتۈپ تۇردۇق. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ﷺ گە غەنىيمەت تۆگىلەر كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ﷺ بىزنى چاقىرىپ، لوكىلىرى ئاق تۆگىدىن بەش تۇياق بېرىشكە بۇيرۇدى. تۆگىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئارىمىزدىكى بەزىلەر: «الله بىزلەرگە بەرىكەت بەرمىسۇن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ، بىزگە مىنگۈدەك تۆگە بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق، پەيغەمبەر ﷺ بىزگە مىنىش ئۈچۈن ئۇلاغ بېرەلمەيدىغانلىقىغا قەسەم قىلغان ئىدى. كېيىن يەنە بىزگە ئۇلاغ بەردى» دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى خەۋەر قىلغانىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە الله تائالا بەردى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلۇغ الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن (بىر ئىشقا) قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا بىر ئىشنى قەسەم قىلغان ئىشىمدىن خەيرلىك دەپ قارىسام، قەسىمىمگە كەففارەت بېرىپ، ياخشى دەپ قارالغان شۇ ئىشنى قىلىمەن» دېدى.①

❖ **پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ**

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## ئېھتىياجىنىڭ ئالدىدا قويالىتى

عن علي بن أبي طالب رضي اللَّه عنه: أن فاطمة شكت ما تلقى في يدها من الرحى فأتت النبي ﷺ تسأله خادما فلم تجده فذكرت ذلك لعائشة فلما جاء أخبرته قال فجاءنا وقد أخذنا مضاجعنا فذهبنا لنقوم فقال: على مكانكما فجلس بيننا حتى وجدت برد قدميه على صدري فقال: ألا أدلكما على ما هو خير لكما من خادم إذا أويتما إلى فراشكما أو أخذتما مضاجعكما فكبرا ثلاثا وثلاثين وسبحا ثلاثا وثلاثين واحمدا ثلاثا وثلاثين فهذا خير لكما من خادم.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قولىنىڭ تۈگمەن تېشىدىن جاراھەتلەنگەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ، خىزمەتچى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ بېرىپتۇ. لېكىن، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نى تاپالماي، بۇ ئىشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دەپ قويۇپ قايتىپ كەتتۇ. پەيغەمبەر ﷺ قايتىپ كەلگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. بىز ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىپ بولغان بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ:

— يېتىۋېرىڭلار! — دېدى-دە، كېلىپ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئولتۇردى. مەن مەيدەمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پۇتىنىڭ توڭغانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— مەن سىلەرگە خىزمەتچىدىن ياخشى بولغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ سىلەر كۆرپەڭلارغا كەلسەڭلار ياكى ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردا ياتساڭلار 33 قېتىم «اللە ئەكبەر» دەپ تەكبىر، 33 قېتىم «سۇبھانەللاھ» دەپ تەسبىھ ۋە 33 قېتىم «ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ ھەمدە ئېيتىڭلار، مانا بۇ سىلەرگە خىزمەتچىدىنمۇ ياخشىدۇر — دېدى.[1]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يەنە بىر نەقىلدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «لا أعطيكم وأدع أهل الصفة تلوى بطونهم من الجوع» «سۇپا ئەھلىنى ئاچلىقتىن قورساقلىرى تولغىنىپ قالغان ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ، سىلەرگە ھېچنەرسە بېرەلمەيمەن» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان ۋە يەنە بىر نەقىلدە، پەيغەمبەر ﷺ: «لا أخدمكما وأدع أهل الصفة تطوى» «سۇپا ئەھلىنى قورساقلىرى ئاچلىقتىن تولغىنىپ قالغان ھالدا تاشلاپ قويۇپ، ئىككىڭلارغا خىزمەتكار بېرەلمەيمەن» دېگەن.[1]

مۇھەللەب مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ قىزىغا ئاخىرەتتە ئەجرى كاتتا بولغان زىكىرنى ئۆگىتىپ قويۇپ، سۇپا ئەھلىنىڭ مەنپەئىتىنى قىزىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ئالدىغا قويغان، چۈنكى سۇپا ئەھلى قورسىقى تويسىلا باشقا پۈتۈن ۋاقىتلىرىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا ئاتىغان بولۇپ، ئۇلار نە مال ـ دۇنيا، نە تۇرمۇش ئىشلىرىغا قىزىقمايتتى. ئۇلار قورسىقى تويسىلا ئۆز جانلىرىنى الله تائالاغا پىدا قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارغا كەسىپ قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى باشقىلاردىن نەرسە سوراشتىن توسقان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من سأل الناس أموالهم تكثرا، فإنما يسأل جمرا، فليستقل منه أو ليستكثر» «كىمكى مېلىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە تىلەمچىلىك قىلىدىكەن، بىر پارچە چوغ تىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەمدى ئاز تىلەمدۇ، كۆپ تىلەمدۇ، تىلەۋەرسۇن».[3]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «والذي نفسي بيده لأن يأخذ أحدكم حبله فيحتطب على ظهره خير له من أن

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەھمەد شاكىر ۋە ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[2] «فتح الباري» 11 ـ توم 124 ـ بەت.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

يأتي رجلا فيسأله أعطاه أو منعه» «جىنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلارنىڭ ئارغامچا بىلەن دۈمبىسىدە ئوتۇن توشۇپ (سېتىپ) جان بېقىشى، باشقا بىرىدىن (مەيلى بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن) بىرنەرسە تىلىشىدىن ياخشىدۇر». ①

گەرچە ئوتۇنچىلىق جاپالىق، كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ۋە پايدىسى ئاز بىر كەسىپ بولسىمۇ، بىكار يۈرۈپ باشقىلاردىن بىرنەرسە تىلىگەندىن كۆپ ياخشىدۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە ھەرخىل ياخشى كەسىپلەرنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ قويغان**

مەسىلەن، دېھقانچىلىق.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من مسلم يغرس غرسا أو يزرع زرعا فيأكل منه طير أو إنسان أو بهيمة إلا كان له به صدقة» «قانداقلا بىر مۇسۇلمان بىرەر تۈپ دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىپ قويسا، ئۇنىڭدىن قۇش، ئىنسان ياكى ھايۋان (يەپ) پايدىلانسا، مۇھەققەقكى، ئۇ مۇسۇلمان بۇنىڭ بەدىلىگە سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ». ②

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، كۆچەت تىكىش ۋە زىرائەت تېرىشنىڭ پايدىلىرى، شۇ تىككەن كۆچەت ۋە تېرىغان زىرائەت ھوسۇل بېرىپلا تۇرسا، ئۇنى بەرپا قىلغۇچىنىڭ ئەجرى قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىپ تۇرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان». ③

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 10 ـ توم 213 ـ بەت.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن قامت الساعة وبيد أحدكم فسيلة فإن استطاع أن لا يقوم حتى يغرسها فليفعل» «قىيامەت بولغاندا بىرىڭلارنىڭ قولىدا يەرگە تىكمەكچى بولغان خورما كۆچىتى بولسا، تىكىشكە قۇربى يەتسىلا ئۇنى تىكىۋەتسۇن».[1]

ھۈنەر ـ كەسىپ

مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما أكل أحد طعاما قط خيرا من أن يأكل من عمل يده، وإن نبي الله داود عليه السلام كان يأكل من عمل يده» «كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تائامى ئەڭ ياخشى تائامدۇر، الله نىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق يەيتتى».[2]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس تىلغا ئېلىنىشىدىكى ھېكمەت شۇكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئىشلەشكە موھتاج ئەمەس تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىزدەيتتى. چۈنكى ئۇ الله تائالا ئېيتقاندەك زېمىندا خەلىپە ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام يېمەك ـ ئىچمەك ئىزدەشتە ئەڭ ئەۋزەل يولنى تاللىغان، شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ﷺ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى <كەسىپنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىش> دېگەن سۆزىگە دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن».[3]

تىجارەت

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق)

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] «فتح الباري» 4 ـ توم 306 ـ بەت.

ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كانت عكاظ، ومجنة، وذو المجاز أسواقا في الجاهلية، فتأثموا أن يتجروا في المواسم، فنزلت: ﴿لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَبْتَغُوا فَضْلًا مِنْ رَبِّكُمْ﴾» «ئۇكاز، مەجەننە، زۇلمەجاز دېگەن جايلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بازارلار ئىدى. كىشىلەر (ئىسلام كەلگەندە) ھەج مەۋسۇملىرىدا (ئىبادەت بىلەن بولماي) ئۇ بازارلاردا تىجارەت قىلىشنى گۇناھ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ <پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ>[2] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى».[3]

ئۇرۋە بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبى ﷺ أعطاه دينارا يشترى له به شاة فاشترى له به شاتين فباع إحداهما بدينار فجاءه بدينار وشاة فدعا له بالبركة فى بيعه, فقال له ‹بارك اللّٰه لك في صفقة يمينك› وكان لو اشترى التراب لربح فيه» «پەيغەمبەر ﷺ بىر قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماڭا بىر تىللا بەرگەنىدى، مەن ئۇ پۇلغا ئىككى قوي سېتىۋالدىم. ئاندىن بىر قوينى بىر تىللاغا سېتىپ، يەنە بىر قوي بىلەن بىر تىللا پۇلنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <الله تىجارىتىڭگە بەرىكەت بەرسۇن!> دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توپا سېتىۋالسىمۇ پايدا ئالاتتى».[4]

**❖ پەيغەمبەرلەرمۇ ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان**

ئۇنىڭ قاتارىدىن:

---

[1] سۈرە نىسا 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇخارى توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە تىرمىزى توپلىغان.

پادا بېقىش

عن أبي هريرة رضي اللّه عنه عن النبي ﷺ قال: «ما بعث اللّه نبيا إلا رعى الغنم» فقال أصحابه: وأنت؟ قال: ‹نعم، كنت أرعاها على قراريط لأهل مكة›»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ:

ــ الله تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدە قوي باقمىغىنى يوق، ــ دېگەنىدى، ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ قوي باقىقانمىدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ھەئە، مەنمۇ مەككە خەلقىنىڭ قويلىرىنى ئازغىنا تەڭگە بەدىلىگە بېقىپ بېرەتتىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى.[1]

تۆمۈرچىلىك

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ مِنَّا فَضْلًا يَا جِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُ وَالطَّيْرَ وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ۞ أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ۞﴾ «بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەرنى) ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق [10]. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر-بىرىگە) تەكشى قىلغىن، (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن» [11]»[2].

ياغاچچىلىق

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] سۈرە سەبەئ 10 ـ ۋە 11 ـ ئايەت.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كان زكريا عليه السلام نجارا» «زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى». [1]

**يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن ئېلىنغان پايدىلار**

ھەرخىل ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

ياغاچچىلىق ياخشى كەسىپ بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقى.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ياغاچچىلىق كەسپىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى. [2]

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان رەببانى ئالىملارمۇ ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا ئۇلار «البزاز» «گەزمالچى»، «الجصاص» «گەج سودىگىرى»، «الخواص» «خورما يوپۇرمىقى ساتقۇچى»، «الجزار» «قاسساپ»، «الزجاج» «ئەينەكچى»، «الحداد» «تۆمۈرچى»، «الحذاء» «ئاياغ سودىگىرى»... دېگەنگە ئوخشاش ھۈنەر-كەسىپلەرنى كۆرسىتىدىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ مەشھۇر بولغانىدى.

ئەمما، ئىشلەشكە كۈچ-قۇۋۋىتى بار تۇرۇپ ھۇرۇنلۇق قىلىش ئەيىبلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئىشسىز يۈرگەنلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ زاكات-ماللىرىدىن ھېچقانداق نەرسە بەرمىگەن ئىدى، بۇ كۈچ-قۇۋۋىتى بارلارنى ئىشلەپ ھالال كەسىپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تحل الصدقة لغني ولا لذي مرة سوي» «باي ۋە كۈچلۈك، پۇت-قولى

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 10- توم 135- بەت.

ساق كىشىلەرگە زاكات ھالال بولمايدۇ».[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن دۇنيا ياكى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تىرىشمايدىغان ھۇرۇن ئادەمدىن ئىنتايىن بىزار».[2]

سۇفيان سەۋرى مۇنداق دېگەن: «ھالال كەسىپ قىلىپ ئېرىشكەن ماللارنى ئائىلىسىگە ئىشلىتىدىغان تىرىشچان كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە ئۈلگە قىلغىن».[3]

بىر ئەرەب تەمسىلچى مۇنداق دېگەن: «قۇدۇق كولىغىن، قۇدۇقنى توپا بىلەن تىندۇرۇپ ئىشلىيەلەيدىغان كىشىنى بىكار قويمىغىن». بۇنىڭ مەنىسى: ياشلار بەدەلسىز مالغا ئېرىشىدىغان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئىشلەشكە ئادەتلەندۈرگىن. سەن ياشلارنى پايدىسىز ئىشلارغا مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ ئۇلارنى بىكار قويمىغىن. چۈنكى ياشلارنى تىرىشىپ ئىشلەش ۋە ئىشسىزلىقنى تەرك ئېتىشكە ئادەتلەندۈرۈش ئەڭ چوڭ ئۇتۇق ھېسابلىنىدۇ».[4]

بىر شائىر مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان:

بۈيۈك غايە ئۈچۈن سەن ئۇيقۇدىن كەچكىن،
تاڭ سەھەردىن كەچكىچە ئىزچىل تىرىشقىن.
ئۆزۈڭ چۈشكەن ھەر جايدا بولۇپ مۇنەۋۋەر،
دانىشمەنلەر سېپىگە سەنمۇ قوشۇلغىن.
يوللۇرۇڭدا بولسا گەر مۈشكۈل توسالغۇ،
يادىن چىققان ئوق كەبى ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەت.

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبە توپلىغان.
[3] «حلية الأولياء» 6- توم 381- بەت.
[4] «مجمع الأمثال» 1- توم 230- بەت.

ئاسمان ـ زېمىن كائىنات گويا بىر كىتاب،

بولغىن سەنمۇ شۇنىڭدا ئۇلگىلىك بىر بەت.

پەيغەمبەر ﷺ كىمنىڭ ھەقىقىي مىسكىنلەر قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

قال رسول اللّٰه ﷺ: «ليس المسكين الذي يطوف على الناس ترده اللقمة واللقمتان والتمرة والتمرتان» قالوا: فما المسكين؟ يا رسول اللّٰه. قال: «الذي لا يجد غنى يغنيه ولا يفطن له، فيتصدق عليه ولا يقوم فيسأل الناس» «رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ: <بىر ـ ئىككى لوقما تاماق ياكى بىر ـ ئىككى تال خورما بەرسە قايتىپ كېتىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس> دېگەنىدى. ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا، مىسكىن قانداق بولىدۇ؟> دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مىسكىن دېگەن ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك بىرنەرسە تاپالمايدىغان، شۇنداقتىمۇ سەدىقە قىلىدىغانلار ئۇنى سېزەلمەيدىغان ۋە ئۆزىمۇ باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىمايدىغان كىشىدۇر> دەپ جاۋاب بەردى». [1]

«ليس المسكين الذي يطوف على الناس» ــ «كىشىلەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن كىشى مىسكىن ئەمەس» دېگەنلىك ــ ھەقىقىي مىسكىن سەدىقىگە ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشى بولۇپ، ئۇ باشقىلارنى ئايلىنىپ يۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇ تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك نەرسە تاپالمايدىغان، موھتاجلىقى كىشىلەرگە بىلىنمەيدىغان ھەمدە كىشىلەردىن بىرنەرسە سورىمايدىغان كىشىدۇر. [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ سائىللارغا گەرچە ئاز بولسىمۇ بىرنەرسە بېرىشكە بۇيرۇغان**

پۇل ـ مالدا سائىللارنىڭمۇ ھەققى باردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَفِي

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 7 ـ توم 129 ـ بەت.

﴿أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ «ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقىقا ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)»①. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَعْلُومٌ۝ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ «ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ [24 ـ 25]»②.

سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «﴿فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَعْلُومٌ﴾ ـــ ۋاجىب ۋە مۇستەھەب ھەقلىرى بار دېگەنلىكتۇر. ﴿لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ ـــ كىشىلەردىن نەرسە سورايدىغان ۋە سورىمايدىغان موھتاجلار ئۈچۈن دېگەنلىك بولىدۇ»③.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەردىن بىرنەرسە سورىغانلارنى ئاز بولسىمۇ قۇرۇق قايتۇرماسلىققا قىزىقتۇرغان. ئابدۇراھمان ئىبنى بۇجەيد چوڭ ئانىسىدىن (ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە بەيئەت قىلغان ئاياللاردىن ئىدى) نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «أنها قالت يا رسول الله إن المسكين ليقوم على بابي فما أجد له شيئا أعطيه إياه فقال لها رسول الله ﷺ: إن لم تجدي شيئا تعطينه إياه إلا ظلفا محرقا فادفعيه إليه في يده» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! مىسكىنلەر ئۆيۈمگە نەرسە سوراپ كېلىۋالىدۇ، مەن ئۇلارغا بېرىدىغان نەرسە تاپالماي قالىمەن> دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر ئۇلارغا بەرگۈدەك باشقا ھېچنەرسە تاپالمىسىڭىز، (قوي ياكى ئۆچكە) نىڭ كۆيۈپ كەتكەن پاچىقىنى بېرىپ بولسىمۇ ئۇلارنى قۇرۇق قايتۇرماڭ> دېدى»④.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ظلفا محرقا» «كۆيۈپ كەتكەن پاچىقى بولسىمۇ» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىدىكى مەقسەت شۇكى، سائىلغا بېرىدىغان نەرسە ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئۇنى ئاز كۆرمەي بېرىشنى كۆرسىتىدۇ، يەنى، ئۇنى

① سۈرە زارىيات 19 ـ ئايەت.
② سۈرە مائارىج 24 ـ ۋە 25 ـ ئايەتلەر.
③ «تفسير السعدي» 1 ـ توم 808 ـ بەت.
④ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قۇرۇق قول قايتۇرۇۋەتمەسلىك، ئەگەر قوي ياكى ئۆچكىنىڭ كۆيۈپ كەتكەن پاچىقىچىلىك نەرسە بىلەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر.①

يەنە بىر نەقىلدە ئەمرى ئىبنى مۇئاز ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر تىلەمچى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغانىدى، چوڭ ئانام ھەۋۋا: «ئۇنىڭغا خورما بېرىڭلار» دېدى. بىز: «يېنىمىزدا خورما بولمىسا» دېسەك، ئۇ: «ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا تالقان بىلەن ئۇسسۇلۇق بېرىڭلار» دېدى. بىز: «بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بىزدە يوق نەرسىنى ئۇنىڭغا قانداق بېرەلەيمىز؟» دېسەك، ئۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <لا تردوا السائل ولو بظلف محرق> <سائىلنى (قوي ياكى ئۆچكىنىڭ) كۆيۈپ كەتكەن پاچىقىنى بېرىپ بولسىمۇ يولغا سېلىڭلار (يەنى قۇرۇق قول قايتۇرماڭلار)!> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنىڭ سالىھ ۋە ياخشىلىرىنى ئۆيلەپ قويۇشقا تىرىشاتتى**

عنْ أَبِي برزةَ ا لأسلمِيّ رضي اللّه عنه قالَ: كانت الأنصار إذا كان لأحدهم أيم لم يزوجها حتى يعلم هل للنبي ﷺ فيها حاجة أم لا فقال رسول اللّه ﷺ لرجل من الأنصار زوجني ابنتك فقال نعم وكرامة يا رسول اللّه ونعم عيني فقال إني لست أريدها لنفسي قال فلمن يا رسول اللّه قال لجليبيب قال فقال يا رسول اللّه أشاور أمها فأتى أمها فقال رسول اللّه ﷺ يخطب ابنتك فقالت نعم ونعمة عيني فقال إنه ليس يخطبها لنفسه إنما يخطبها لجليبيب فقالت أجليبيب ابنه أجليبيب ابنه أجليبيب ابنه لا لعمر اللّه لا تزوجه فلما أراد أن يقوم ليأتي رسول اللّه ﷺ ليخبره بما قالت أمها قالت الجارية من خطبني إليكم فأخبرتها أمها فقالت أتردون على رسول اللّه ﷺ أمره ادفعوني فإنه لم يضيعني فانطلق أبوها إلى رسول اللّه ﷺ فأخبره قال شأنك بها فزوجها جليبيبا قال فخرج رسول اللّه ﷺ

① «تحفة الأحوذي» 3- توم 268- بەت.
② ئەھمەد توپىلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

في غزوة له فلما أفاء اللّٰه عليه قال لأصحابه هل تفقدون من أحد قالوا نفقد فلانا ونفقد فلانا قال انظروا هل تفقدون من أحد قالوا لا قال لكني أفقد جليبيبا قال فاطلبوه في القتلى قال فطلبوه فوجدوه إلى جنب سبعة قد قتلهم ثم قتلوه فقالوا يا رسول اللّٰه ها هو ذا إلى جنب سبعة قد قتلهم ثم قتلوه فأتاه النبي ﷺ فقام عليه فقال قتل سبعة وقتلوه هذا مني وأنا منه هذا مني وأنا منه مرتين أو ثلاثا ثم وضعه رسول اللّٰه ﷺ على ساعديه وحفر له ما له سرير إلا ساعدا رسول اللّٰه ﷺ ثم وضعه في قبره ولم يذكر أنه غسله

ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلاردىن بىرىنىڭ (قىز ياكى چوكان بولسۇن) ياتلىق قىلمىغان قىزى بولسا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى بار ياكى يوقلۇقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى ياتلىق قىلمايتتى. پەيغەمبەر ﷺ بىر ئەنسارى كىشىگە:

— قىزىڭنى سوراپ كەلدىم — دېگەنىدى، ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىدېگەن خۇشاللىق ئىش ۋە سېنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالىمىز، بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

— مەن قىزىڭنى ئۆزۈمگە سوراپ كەلمىدىم، — دېۋىدى. ئۇ كىشى:

— ئۇنداقتا كىمگە؟ ئى رەسۇلۇللاھ! — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

— جۇلەيبىبكە، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، — دېدى. ئاندىن ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— رەسۇلۇللاھ ﷺ قىزىڭنى سوراپ كەپتۇ، — دېگەنىدى، ئايالى:

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇق، كۆزۈم نۇرلىنىپ كەتكەي! — دېدى. ئۇ كىشى:

— قىزىمىزنى ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى جۇلەيبىبكە سوراپ كەپتۇ، — دېۋىدى، ئايالى:

— جۇلەيبىب ئۇنىڭ ئوغلىمۇ؟ جۇلەيبىب ئۇنىڭ ئوغلىمۇ؟ جۇلەيبىب ئۇنىڭ ئوغلىمۇ؟ ياق، الله بىلەن قەسەمكى، قىزىمىزنى ھەرگىز جۇلەيبىبكە بەرمەيمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئايالىنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، قىزى:

— مېنى سىلەردىن كىم سوراپ كەپتۇ؟ — دېدى. ئانىسى ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، قىزى:

— سىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەلىپىنى رەت قىلماقچىمۇ؟ مېنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار! پەيغەمبەر ﷺ مېنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دادىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يەتكۈزگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— قىزىڭنىڭ توي ئىشلىرىنى ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قىزىنى جۇلەيبىبكە ياتلىق قىلىپ قويدى. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ بىر غازاتقا چىقتى، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە ئېرىشتۈردى. (جەڭدىن كېيىن) پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىدىن:

— ئاراڭلاردا كىم ـ كىم يوق؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇلار:

— پالانچى، پالانچى ۋە پالانچىلار يوق، — دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ياخشى قاراڭلار، ئاراڭلاردا يەنە بىر كىشى يوق بولۇشى مۇمكىن، — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى قالمىدى، — دېدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەمما، مەن جۇلەيبىبنى كۆرمەيۋاتىمەن، ئۇنى جەسەتلەر ئارىسىدىن ئىزدەپ بېقىڭلار! — دېدى، ئاخىرى ئۇنىڭ جەسىتى يەتتە ئۆلۈكنىڭ يېنىدىن تېپىلدى. ئۇ (ئۆزى يالغۇز) يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۆزىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بېشىدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن:

ـــ دۈشمەندىن يەتتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ـــ دېدى ۋە «بۇ مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن؛ بۇ مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن» دېگەن سۆزنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى بىلىكىگە ئېلىپ كۆتۈردى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىلەكلىرىدىن ياخشىراق ئىككىنچى بىر كارىۋات بولمىغان ئىدى. ئۇنىڭغا بىر قەبرە كولىنىپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۆزى يەرلىكتە قويدى. ئۇنىڭ يۇيۇلغان ياكى يۇيۇلمىغانلىقى سۆزلەنمىگەن.

ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ تەلھە سابىتتىن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇ قىزغا نېمە دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېگەندى، ئۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇ قىزغا: <ئى الله ! ئۇنىڭغا دەرگاھىڭدىن كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنچىلىقتا قىلمىغىن!> دەپ دۇئا قىلغان» دېدى.

سابىت مۇنداق دېگەن: «ئەنسارىلار ئىچىدە ياخشىلىق يوللىرىغا ئۇنىڭدەك چىقىم قىلىدىغان ئايال بولمىغانىدى».①

وعن عبدَا لمطّلبِ بنَ ربيعةَ بنِ الحارثِ قالَ: اجتمع ربيعة بن الحارث [ابن عم الرسول ﷺ ] والعباس بن عبد المطلب فقالا: و الله لو بعثنا هذين الغلامين [المطلب بن ربيعة والفضل ابن عباس] إلى رسول اللَّه ﷺ فكلماه، فأمرهما على هذه الصدقات فأديا ما يؤدي الناس، وأصابا مما يصيب الناس، فبينما هما في ذلك جاء علي بن ابو طالب فوقف عليهما فذكرا له ذلك فقال علي بن ابو طالب: لا تفعلا، فواللَّه ما هو بفاعل فانتحاه ربيعة بن الحارث فقال: واللَّه ما تصنع هذا إلا نفاسة منك علينا، فواللَّه لقد نلت صهر رسول اللَّه ﷺ فما نفسناه عليك فقال علي: أرسلوهما فانطلقا. فألقى علي رداءه ثم اضطجع عليه وقال: أنا أبو حسن القرم , واللَّه لا أريم مكاني هنا حتى يرجع إليكما ابناكما بحور ما بعثتما به إلى رسول اللَّه ﷺ فلما صلى رسول اللَّه ﷺ الظهر سبقناه إلى الحجرة فقمنا عندها حتى جاء فأخذ بآذاننا ثم قال: ((أخرجا ما تصرران)) ثم دخل ودخلنا معه، وهو يومئذ عند زينب بنت

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

جحش. قال: فتواكلنا الكلام ثم تكلم أحدنا فقال: يا رسول اللّٰه، أنت أبر الناس، وأوصل، الناس، وقد بلغنا النكاح فجئنا لتؤمرنا على بعض هذه الصدقات فنؤدي لك كما يؤدي الناس، ونصيب كما يصيبون، فسكت طويلا حتى أردنا أن نكلمه، وجعلت زينب تلمع إلينا من وراء الحجاب أن لا تكلماه، ثم قال: «إن هذه الصدقة لا تنبغي لآل محمد، إنما هي أوساخ الناس، وَإِنَّهَا لا تَحِلُّ لِمُحَمَّدٍ وَلا لآلِ مُحَمَّدٍ ادعوا لي محمية بن جزء» وهو رجل من بني أسد، كان رسول اللّٰه ﷺ استعمله على الأخماس ونوفل بن الحارث بن عبد المطلب، فجاءاه فقال لمحمية: «أنكح هذا الغلام ابنتك للفضل بن عباس»، فأنكحه، وقال لنوفل بن الحارث: «أنكح هذا الغلام ابنتك» لي, فأنكحني. وقال لمحمية: «أصدق عنهما من الخمس كذا وكذا»

ئابدۇلمۇتەللىپ ئىبنى رەبىئە ئىبنى ھارىس مۇنداق دېگەن: رەبىئە ئىبنى ھارىس (پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى) بىلەن ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىككىسى بىر يەردە كۆرۈشۈپ، «بۇ ئىككى بالىنى (مۇتەللىپ ئىبنى رەبىئە ۋە فەزل ئىبنى ئابباس) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ باقساق، بۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دەپ باقسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىككىسىنى سەدىقە يىغىشقا تەيىنلىسە، ئۇلارمۇ باشقا كىشىلەردەك تاپشۇرىدىغىنىنى تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئېلىشقا تېگىشلىكىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا» دېيىشتى. دەل شۇ پەيتتە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: «ئۇنداق قىلماڭلار! اللہ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ بۇ تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى. رەبىئە ئىبنى ھارىس ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «اللہ بىلەن قەسەمكى، سەن بىزدىن قىزغىنىپ شۇنداق دەۋاتىسەن. سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۈيئوغلى بولغان ۋاقتىڭدا بىز سەندىن قىزغانغانمۇ؟» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداقتا ئۇ ئىككىسىنى ئەۋەتىپ بېقىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىداسىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدە يېنىچە ياتتى ۋە:

<مەن ئەبۇ ھەسەن سۆزۈمدە تۇرىدىغان ئادەم، بالىلىرىڭلار سىلەر تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن ئىشنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ چىققاندا، بىز ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ قۇلاقلىرىمىزدىن تۇتقىنىچە: «نېمە گېپىڭلار بولسا ئېيتىڭلار!» دېدى ۋە ھۇجرىسىغا كىردى، بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردۇق. ئۇ كۈنى زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نۆۋىتى ئىكەن. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ گەپ باشلىشىنى كۈتۈپ خېلى ۋاقىتقىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردۇق. ئاخىرى بىرىمىز ئېغىز ئېچىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە تۇغقانلىرىغا سىلە-رەھىم قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسەن. بىزمۇ چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىش يېشىغا يېتىپ قالدۇق. بىزنى زاكات يىغىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ قويساڭ، باشقىلارغا ئوخشاش تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكنى تاپشۇرۇپ، ئۆزىمىزگە تېگىشلىكنى ئېلىپ قالساق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ خېلى بىر ۋاقىتقىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى. بىز قايتا ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋېدۇق، زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ گەپ قىلماسلىقىمىزغا ئىشارەت قىلدى.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەدىقە مۇھەممەدنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا لايىق ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ كىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇ مۇھەممەد ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا ھالال ئەمەس. مەھمىيە بىلەن نەۋفەل ئىبنى ھارىسنى چاقىرىڭلار!» دېدى. مەھمىيە ئەسەد قەبىلىسىدىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن توپلانغان مالغا مەسئۇل قىلغان ئىدى.

ئۇ ئىككىسى يېتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەھمىيەگە: «قىزىڭنى فەزل ئىبنى ئابباسقا نىكاھلاپ قويغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىزىنى فەزلگە

ياتلىق قىلدى. ئاندىن نەۋفەل ئىبنى هارىسقا: «سەنمۇ قىزىڭنى بۇنىڭغا نىكاھلاپ قويغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ قىزىنى ماڭا ياتلىق قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەھمىيەگە: «بۇلارنىڭ مەھرى ھەققىنى غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن توپلانغان مالدىن ئېلىپ بەرگىن!» دېدى.[1]

بۇ يەنە، ئۆزىنى پەيغەمبەر ﷺ گە بېغىشلاپ كەلگەن ئايالنى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پېقىر بىر كىشىگە ياتلىق قىلىپ قويغان ۋەقەلىكىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

عنْ سهلِ بنِ سعدٍ رضي اللّه عنه: أن امرأة جاءت رسول اللّه ﷺ فقالت يا رسول اللّه جئت لأهب لك نفسي فنظر إليها رسول اللّه ﷺ فصعد النظر إليها وصوبه ثم طأطأ رأسه فلما رأت المرأة أنه لم يقض فيها شيئا جلست فقام رجل من أصحابه فقال أي رسول اللّه ﷺ إن لم يكن لك بها حاجة فزوجنيها فقال هل عندك شيء قال لا واللّه يا رسول اللّه قال: اذهب إلى أهلك فانظر هل تجد شيئا, فذهب ثم رجع, فقال: لا واللّه يا رسول اللّه ما وجدت شيئا قال: التمس ولو خاتما من حديد فذهب ثم رجع فقال لا واللّه يا رسول اللّه ولا خاتما من حديد ولكن هذا إزاري قال سهل ما له رداء, فلها نصفه. فقال رسول اللّه ﷺ ما تصنع بإزارك إن لبسته لم يكن عليها منه شيء, وإن لبسته لم يكن عليك منه شيء, فجلس الرجل حتى طال مجلسه ثم قام فرآه رسول اللّه ﷺ موليا فأمر به فدعي فلما جاء قال ماذا معك من القرآن قال معي سورة كذا وسورة كذا عدها قال: أتقرأهن عن ظهر قلبك قال نعم قال: اذهب فقد ملكتكها بما معك من القرآن.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بىر ئايال كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزەمنى ساڭا بېغىشلىماقچىمەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا تازا ئىنچىكىلەپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بىرنەرسە دېمىگەنلىكىنى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

كۆرگەن ئايال بېرىپ ئولتۇردى. ساھابىلەردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇ ئايالغا ئېھتىياجىڭ بولمىسا، ئۇنى ماڭا ياتلىق قىلىپ قويغىن! — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەندە (ئۇنىڭغا مەھرى ھەققى بەرگۇدەك) بىرەر نەرسە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— الله بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچنەرسە يوق، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنداقتا، ئائىلەڭگە بېرىپ، بىرەر نەرسە ئىزدەپ باق! — دېدى. ئۇ كىشى ئائىلىسىگە بېرىپ قايتىپ كەلدى ۋە:

— الله بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچنەرسە تاپالمىدىم، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ تېپىپ كەل! — دېدى. ئۇ كىشى يەنە كېتىپ، قايتىپ كەلدى ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! تۆمۈر ئۈزۈكمۇ تاپالمىدىم، ئەمما ئۇستۈمدە ئىزارىم بار، ئۇنىڭغا ئىزارىمنىڭ[1] يېرىمىنى بېرەي، — دېدى (سەھل مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ شۇ ئىزارىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى). پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ ئايال سېنىڭ ئىزارىڭنى نېمە قىلسۇن؟ ئەگەر ئىزارنى بۇ ئايال كىيسە، سەن يالىڭاچ قالىسەن. ئەگەر سەن كىيسەڭ، ئۇ ئايالنىڭ ئۇستىدە كىيىم قالمايدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى ئولتۇردى. ئۇ، خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ كىشى كەلگەندە پەيغەمبەر

[1] بەلنىڭ ئاستى قىسمىغا كىيىلىدىغان (ئاياللارنىڭ يوپكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان) بىر خىل كەڭرى كىيىم.

ﷺ:

ــ سەن قۇرئان سۈرىلىرىدىن قايسىسىنى بىلىسەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: پالان-پۇستان سۈرىلەرنى بىلىمەن، ــ دەپ ساناپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۇلارنى يادقا بىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ ھەئە، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ سەن يادلىغان بۇ سۈرىلەرنى ئۆگىتىپ قويۇش بەدىلىگە ئۇ ئايالنى ساڭا ياتلىق قىلىپ قويىمەن، ــ دېدى.[1]

**يۇقىرىقى ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنى پەيغەمبەر ﷺ گە مەھرىسىز تاپشۇرۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گىلا خاس ئىكەنلىكى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَامْرَأَةً مُؤْمِنَةً إِنْ وَهَبَتْ نَفْسَهَا لِلنَّبِيِّ إِنْ أَرَادَ النَّبِيُّ أَنْ يَسْتَنْكِحَهَا خَالِصَةً لَكَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ**﴾ «ئەگەر بىر مۇئمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۇئمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)»[2].

ئەر كىشىنىڭ نىكاھلانماقچى بولغان ئايالغا قارىشىنىڭ ۋە ئۇ ھەققىدە ئويلىنىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى.

ئايال كىشىنىڭ سالىھ ئەرنى ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇش تەلىپىنى قويۇشىنىڭ مۇستەھەبلىكى.

بىر كىشىدىن ئورۇنداش مۇمكىن بولمايدىغان ھاجەت تەلەپ قىلىنسا، سورىغۇچى ئورۇندىيالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگۈدەك دەرىجىدە سۈكۈت قىلىشىنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى، ياق دېيىش ئارقىلىق سورىغۇچىنى خىجىل قىلماسلىقى. ئەگەر ئۇچۇق ئېيتمىسا سورىغۇچى چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالسا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە ئەھزاب 50- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئورۇندىيالمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

نىكاھ ئەقدىسىنى مەھرى بېرىپ بولغاندىن كېيىن قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى، چۈنكى بۇ ئوتتۇرىدىكى تالاش-تارتىشنى تۈگىتىدۇ ۋە ئايال كىشى ئۇچۇن ياخشىدۇر. ناۋادا ئايال كىشى بىر تۈشەكتە بولۇشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنسا، ئايال كىشىگە بېكىتىلگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش ۋاجىب بولىدۇ، ئەمما مەھرى بېكىتىمىگەن بولسا مەھرى بېرىش ۋاجىب ئەمەس، بەلكى مۇتئە (يەنى مۇۋاپىق مىقداردا پۇل-مال) بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر مەھرى بېكىتىلمەي تۇرۇپ نىكاھ ئەقدىسى قىلىنغان بولسا، نىكاھ توغرا بولۇۋېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِنْ طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ مَا لَمْ تَمَسُّوهُنَّ أَوْ تَفْرِضُوا لَهُنَّ فَرِيضَةً﴾ «ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلىمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا) ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»[①].

ئەر-ئايال ئۆزئارا رازى بولۇشسىلا مەھرى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن پۇلغا يارايدىغان نەرسە بولسىلا دۇرۇس بولىدىغانلىقى. چۈنكى، تۆمۈر ئۈزۈك ئەڭ تۆۋەن قىممەتتىكى نەرسىدۇر.

تۆمۈر ئۈزۈك سېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

قەسەم قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنمىغان ۋە زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدىمۇ قەسەم قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

كەمبەغەل كىشىنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ ۋە ئۇنىڭ توي قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

قەۋم ئىچىدىكى چوڭلارنىڭ پېقىرلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى

[①] سۈرە بەقەرە 236- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىشى كېرەكلىكى.

قۇرئان ئۆگىتىشكە ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا ياردەملىشىشكە قىزىقتۇراتتى**

عنْ أبِي موسى الأشعري رضي اللّه عنه قالَ: إن الأشعريين إذا أرملوا في الغزو، أو قل طعام عيالهم بالمدينة، جمعوا ما كان عندهم في ثوب واحد، ثم اقتسموه بينهم في إناء واحد بالسوية، فهم مني وأنا منهم»

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەشئەرىي قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قاچانكى جەڭدە ئوزۇقلۇقى ئاز قالسا ياكى مەدىنىدىكى ئايال ـ بالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى ئاز قالسا، ئۇلار ئۆزلىرىدە بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىر پارچە رەختكە يىغىپ، ئاندىن ئۆزئارا ھەربىر قاچىغا باراۋەر تەقسىم قىلاتتى. ئۇلار مەندىن، مەن ئۇلاردىن».[2]

**يۇقىرىقى ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئەشئەرىيلىكلەرنىڭ ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكى.

باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭكىدىن ئەلا بىلىشنىڭ ۋە باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى. سەپەرگە چىققاندا ھەممە كىشىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ۋە يۇرتتا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئاز قالغاندا، كىشىلەردە بار بولغان ھەممە ئوزۇق ـ تۈلۈكنى بىر يەرگە توپلاپ ئاندىن ئۇنى باراۋەر تەقسىملەشنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى.[3]

بۈگۈنكى كۈندىكى بەزى قەبىلە، جەمەت ۋە ئائىلىلەردە تەسىس قىلىنغان «ھەمكارلىق ساندۇقى» دەپ ئاتىلىدىغان ساندۇقلار بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ

---

[1] «فتح الباري» 9 ـ توم 214 ـ بەت. «شرح النووي على صحيح مسلم» 9 ـ توم 214 ـ بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 16 ـ توم 62 ـ بەت.

ياكى يېقىنلىشىدۇ. ئۇلاردىن ھەربىرى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە پۇل ـ مال توپلاپ، ئۇ پۇل ـ مالنى موھتاجلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىدۇ.

ئەسكەرتىش: كۆپىنچە ئىسلام يۇرتلىرىدا ھەرخىل ئورگان ۋە تەشكىلاتلار تەرىپىدىن «ئىجتىمائىي كاپالەت فوند ساندۇقلىرى» تەسىس قىلىنغان، ئەپسۇسكى، بۇ پۇللارغا مەسئۇل بولغانلار ئۇ پۇللارنى جازانە بانكىلىرىغا قويۇپ، موھتاجلارغا جازانە (ئۆسۈم) ماللىرى بىلەن ياردەم قىلىدۇ.

بۇنداق كىشىلەر الله تائالانىڭ: ﴿قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا ۞ الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا۞﴾ «سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ [103]. ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر [104]» [1] دېگەن سۆزىدىكى كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشلىرى كېرەك.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

سەدىقەڭ نە پايدا سالساڭمۇ مەسجىد،
تاپقان شۇ پۇللۇرۇڭ بولمىسا ھالال.
باقساڭمۇ يېتىمنى ھارام پۇل بىلەن،
دۇنيا ۋە ئاخىرەت تاپىسەن زاۋال.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ پېقىرلارنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇش يوللىرىغا باشلاپ قوياتتى**

ئۇنىڭ قاتارىدىن:
سىلە ـ رەھىم قىلىش
عنْ أنس بن مالك رضي اللَّه عنه قال: سمعت رسول اللَّه ﷺ يقول: «من أحب أن يبسط له في

[1] سۈرە كەھف 103 ـ ۋە 104 ـ ئايەت.

رزقه، وينسأ له في أثره، فليصل رحمه»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياقتۇرسا، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئۇلىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.[①]

**پايدىلىق مەزمۇن**

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ)تىن «رىزىقتا كۆپىيىش ۋە كېمىيىش بولامدۇ؟ ئۇ ئىشلىتىپ تۈگىگەن نەرسىمۇ ياكى بەندىنىڭ قولىدا بار بولغان نەرسىمۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «رىزىق تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. الله بىلىدىغان رىزىق بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

2. الله تائالا پۈتۈۋەتكەن ۋە ئۇنى پەرىشتىلەرگە بىلدۈرگەن رىزىق. بۇ رىزىق قىلىنغان سەۋەبلەرگە قاراپ كۆپىيىدۇ ياكى كېمىيىدۇ. الله تائالا پەرىشتىلەرنى بىر بەندىگە رىزىق پۈتۈشنى بۇيرۇيدۇ، ئەگەر ئۇ بەندە سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاپ تۇرسا، الله ئۇ بەندىنىڭ رىزقىنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

رىزىقنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرمۇ الله تائالا پۈتۈۋەتكەن ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. شۇڭلاشقا، الله تائالا بەندىگە تىرىشىش ۋە كەسىپ قىلىش ئارقىلىق رىزىق بېرىشنى پۈتۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە تىرىشىش ۋە كەسىپ قىلىشنى ئىلھام قىلىدۇ. الله تائالا <كەسىپ قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ» دەپ پۈتۈۋەتكەن رىزىقتا، بىر بەندە كەسىپ قىلماستىن ئېرىشەلمەيدۇ؛ الله تائالا <كەسىپ قىلماستىن ئېرىشەلەيدۇ> دەپ پۈتۈۋەتكەن رىزىقتا، خۇددى ۋاپات بولغان كىشىدىن مىراس ئالغانغا ئوخشاش كەسىپ قىلمىسىمۇ ئېرىشىۋېرىدۇ.

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رىزىققا تۈۋەندىكىدەك ئىككى خىل يول ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ: بىرى، ھۈنەر-كەسىپ، دېھقانچىلىق ۋە تىجارەتكە ئوخشاش رىزىققا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش؛ يەنە بىرى، الله قا دۇئا قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش ۋە الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. چۈنكى، بىر بەندە مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، الله تائالامۇ ئۇ بەندىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ».[1]

گۇناھ-مەئسىيەتتىن قول ئۈزۈش.

عن ثوبان رضي اللّٰه عنه قالَ: قال ﷺ: «إن الرجل ليحرم الرزق بالذنب يصيبه»

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۆتكۈزگەن گۇناھى سەۋەبلىك رىزىقتىن مەھرۇم قالىدۇ».[2]

وعن عبد اللّٰه بن عمر رضي اللّٰه عنهما قال: أقبل علينا رسول اللّٰه ﷺ فقال: «يا معشر المهاجرين! خمس إذا ابتليتم بهن وأعوذ باللّٰه أن تدركوهن: لم تظهر الفاحشة في قوم قط حتى يعلنوا بها إلا فشا فيهم الطاعون والأوجاع التي لم تكن مضت في أسلافهم الذين مضوا ولم ينقصوا المكيال والميزان إلا أخذوا بالسنين وشدة المؤنة وجور السلطان عليهم ولم يمنعوا زكاة أموالهم إلا منعوا القطر من السماء ولولا البهائم لم يمطروا ولم ينقضوا عهد اللّٰه وعهد رسوله إلا سلط اللّٰه عليهم عدوا من غيرهم فأخذوا بعض ما كان في أيديهم وما لم تحكم أئمتهم بكتاب اللّٰه عز وجل ويتخيروا فيما أنزل اللّٰه إلا جعل اللّٰه بأسهم بينهم»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىزگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! ئەگەر بەش ئىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنىپ قالساڭلار (سىلەرگە تۆۋەندىكى ئازابلار چۈشىدۇ). سىلەرنىڭ ئۇ بەش ئىشقا ئۇچراپ قېلىشىڭلاردىن

[1] «مجموع الفتاوى» 8- توم 540- ۋە 541- بەتلەر.
[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن. ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! قايسى بىر قەۋم ئىچىدە پاھىشە پەيدا بولۇپ ھەتتا ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردە بولۇپ باقمىغان يوقۇملۇق ۋە ئۇششاق كېسەللەر تارايدۇ؛ قايسى بىر قەۋم تارازىدا كەم بەرسە، ئۇلار ئاچارچىلىق ۋە پادىشاھنىڭ زۇلۇمى بىلەن جازالىنىدۇ؛ قايسى بىر قەۋم ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، ئۇلاردىن يامغۇر چەكلىنىدۇ. ئەگەر ھايۋاناتلار بولمىغان بولسىدى، ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇلمىغان بولاتتى؛ قايسى بىر قەۋم اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزسا، اللە تائالا ئۇلارغا باشقا بىر دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ ـ دە، دۈشمەنلەر ئۇ قەۋمنىڭ قوللىرىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ؛ دۆلەت رەھبەرلىرى اللە نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا ۋە اللە تائالا چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى تاللىمىسا، اللە تائالا ئۇلارنى ئۆزئارا جەڭگە سېلىپ قويىدۇ».①

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما أحد أكثر من الربا إلا كان عاقبة أمره إلى قلة» «بىر كىشى جازانىغا چۆككەنسېرى ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى شۇنچە ئازلاپ بارىدۇ».②

پەرز ۋە ئۆمرە ھەجنى ئارقىمۇئارقا ئادا قىلىش.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تابعوا بين الحج والعمرة فإنهما ينفيان الفقر والذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد» «پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى ئارقىمۇئارقا قىلىڭلار، چۈنكى بۇ ئىككىسى (يەنى ھەج بىلەن ئۆمرە) نامراتلىقنى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى خۇددى كۆرۈك تۆمۈرنىڭ داتلىرىنى يوق قىلغاندەك يوق قىلىدۇ».③

باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىماسلىق.

---

① ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ثلاثة أقسم عليهن، ما نقص مال عبد من صدقة، ولا ظلم عبد مظلمة صبر عليها إلا زاده اللّٰه عزا، ولا فتح عبد باب مسألة إلا فتح اللّٰه عليه باب فقر» «ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دەيمەنكى، بەندىنىڭ مېلى سەدىقە بەرگەن سەۋەبلىك كېمىيىپ قالمايدۇ؛ ھەرقانداق بىر بەندە يەتكەن زۇلۇمغا سەۋر قىلالىسا، الله ئۇنىڭ ئىززىتىنى كۆتۈرىدۇ؛ بىر بەندە تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالسا، الله ئۇنى پېقىرلىققا مەھكۇم قىلىدۇ».①

رىزىق تەلەپ قىلىشتا الله قا تەۋەككۇل قىلىش.

عن عمر بن الخطاب رضي اللّٰه عنه عن النبي ﷺ أنه قالَ: «لو أنكم كنتم توكلون على اللّٰه حق توكله لرزقتم كما يرزق الطير تغدو خماصا وتروح بطانا»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر الله قا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، قۇشلار ئەتىگەندە ئاچ چىقىپ كېتىپ كەچتە توق قايتقاندەك رىزىقلانغان بولاتتىڭلار».②

«لو أنكم كنتم توكلون على اللّٰه حق توكله» ـــ «سىلەر الله تىن باشقا رىزىق بەرگۈچىنىڭ ۋە رىزىقنى توسۇپ قويغۇچىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇساڭلار، ئاندىن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە الله قا تەۋەككۇل قىلىپ رىزىق ئىزدىسەڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ.③

شۇنداق تۇرۇپمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۈممىتىنىڭ پېقىر بولۇپ قېلىشىغا قارىغاندا دۇنيا تېپىشتا ئۆزئارا بەسلىشىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

عن عمرو بن عوف رضي اللّٰه عنه: أن رسول اللّٰه ﷺ بعث أبا عبيدة بن الجراح إلى البحرين

---

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ «تحفة الأحوذي» 7- توم 7- بەت.

يأتي بجزيتها وكان رسول اللّٰه ﷺ صالح أهل البحرين وأمر عليهم العلاء بن الحضرمي فقدم أبو عبيدة بمال من البحرين فسمعت الأنصار بقدوم أبي عبيدة فوافوا صلاة الفجر مع النبي ﷺ فلما انصرف تعرضوا له فتبسم رسول اللّٰه ﷺ حين رآهم وقال: «أظنكم قد سمعتم أن أبا عبيدة قدم بشيء»، قالوا: «أجل يا رسول اللّٰه». قال: «فأبشروا وأملوا ما يسركم فواللّٰه ما الفقر أخشى عليكم ولكن أخشى عليكم أن تبسط عليكم الدنيا كما بسطت على من كان قبلكم فتنافسوها كما تنافسوها وتهلككم كما أهلكتهم».

ئەمرى ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىندۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى بەھرەيىنگە جىزىيەنى[1] ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەھرەيىن خەلقى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ئۇ يەرگە ئەلا ئىبنى ھەزرەمىنى ئەمىر قىلىپ قويغان ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە بەھرەيىندىن كۆپ مال ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئەنسارىلار ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇشقا كەلدى. ئۇلار نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ: «سىلەر يېنىمغا ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ بەھرەيىندىن بىرنەرسىلەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كەلدىڭلارغۇ دەيمەن» دېدى، ئۇلار: «شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «خۇش بېشارەت ئېلىڭلار ۋە سىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىنى ئۈمىد قىلىڭلار! الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەمەس، بەلكى دۇنيا سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە قۇچىقىنى ئاچقاندەك سىلەرگىمۇ قۇچاق ئېچىپ، ئىلگىرىكىلەر دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەندەك سىلەرنىڭمۇ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشىڭلاردىن، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلغاندەك سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن

[1] مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشايدىغان باشقا دىندىكى كاپىرلاردىن ئېلىنىدىغان تۆلەم.

ئەنسىرەيمەن» دېدى.①

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، كۆپ مال-دۇنياغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ۋە پىتنىسىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەكلىكى، قولىدىكى مال-دۇنياغا ئىشەنچ قىلىپلا باشقىلار بىلەن بەس تالاشماسلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان».②

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «خرج علينا رسول الله ﷺ ، ونحن نذكر الفقر ونتخوفه، فقال: ‹آلفقر تخافون؟ والذي نفسي بيده، لتصبن عليكم الدنيا صبا، حتى لا يزيغ قلب أحدكم إزاغة إلا هيه، وايم الله، لقد تركتكم على مثل البيضاء، ليلها ونهارها سواء›» «بىز پېقىرلىق توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، پېقىر بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالدۇق. پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ: ‹پېقىرلىقتىن ئەنسىرەۋاتامسىلەر؟ الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر مال-دۇنياغا شۇنداق كۆمۈلۈپ كېتىسىلەركى، مال-دۇنيا قەلبىڭلارنى ئېگىلەپ سىلەرنى ھەقتىن بۇرىۋېتىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى كېچىسى كۈندۈزگە ئوخشاش ئېنىق روشەن يول ئۈستىدە قويۇپ كەتتىم› دېدى».③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 10- توم 155- بەت.
③ ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

## 4 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بالىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

ئىلگىرىكى بابلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پېقىرلار بىلەن بولغان مۇئامىلە ئەخلاقلىرىنى يورۇتۇپ ئۆتتۇق.

مەسىلەن: پەيغەمبەر ﷺ بەزىدە يېنىدىكى تاماقلارنى پېقىرلارغا بۆلۈپ بېرەتتى؛ بەزىدە ئۇلارنى ئۆيىگە ئېلىپ باراتتى؛ بەزىدە باشقىلارنى ئۇلارغا سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيتتى؛ بەزىدە ساھابىلىرىنىڭ ئۇلارنى مېھمان قىلىشىنى ئىلتىماس قىلاتتى؛ بەزىدە الله نىڭ ئۆز پەزلىدىن ئۇلارنى باي قىلىشىنى ۋە ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىنى تىلەپ الله قا دۇئا قىلاتتى؛ بەزىدە ئۇلارغا دۇنيا ماتالىرىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى، ئاخىرەت نېئمەتلىرىنىڭ بولسا مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۇلارنى سەۋرگە ئۈندەيتتى؛ بەزىدە ئۇلارغا ئاچلىق ۋە موھتاجلىق بىلەن سىنالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشىنىڭ پەزىلىتىنى ئەسلىتەتتى؛ يەنە بەزىدە ئۇلارغا تىرىشىپ كەسىپ قىلىشنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى.

ئەمما، ئۇلارنىڭ بايلىرىغا كەلسەك، ئۇلار ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر قاتلاملىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار شۇ جەمئىيەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

دېمەك، مال ـ مۈلۈكنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائى ھاياتتا رولى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇ ماددىي ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تُؤْتُوا السُّفَهَاءَ أَمْوَالَكُمُ الَّتِي جَعَلَ اللَّهُ لَكُمْ قِيَامًا وَارْزُقُوهُمْ فِيهَا وَاكْسُوهُمْ وَقُولُوا لَهُمْ قَوْلًا مَعْرُوفًا**﴾ «الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار»[1].

[1] سۈرە نىسا 5 ـ ئايەت.

بۇ، ئۇلارنىڭ تىجارەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىقتىسادقا ئالاقىدار ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.[1]

الله تائالا بىزلەرگە مال ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كاتتا ئىنئامىنى كۆرسەتكەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا بَنِي آدَمَ قَدْ أَنْزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْآتِكُمْ وَرِيشًا وَلِبَاسُ التَّقْوَى ذَلِكَ خَيْرٌ**﴾ «ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر»[2].

سۇفيان سەۋرى مۇنداق دېگەن: «10 مىڭ دەرھەمنى يېنىمدا ساقلاپ ئۇنىڭدىن ھېساب بېرىشىم، ماڭا نىسبەتەن كىشىلەرگە موھتاج بولۇپ قېلىشىمدىن سۆيۈملۈكتۇر».[3]

پەيغەمبەر ﷺ گە بايلارمۇ ۋە كەمبەغەللەرمۇ ئەگەشكەن بولۇپ، ئەبۇ بەكرى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئوسمان ئىبنى ئەففان، سەئىد ئىبنى رەبىئ، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر بايلار سېپىدىن ئورۇن ئالاتتى.

ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ﷺ بايلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلغان؟

**❖ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۇچۇن خىزمەت قىلىشتا بارلىقىنى بېغىشلىغان باي ساھابىلەرنىڭ پەزىلىتىگە گۇۋاھلىق بەرگەن**

عن أبي الدرداء رضي اللّٰه عنه قال: كانت بين أبي بكر وعمر محاورة، فأغضب أبو بكر عمر، فانصرف عنه عمر مغضبا، فاتبعه أبو بكر يسأله أن يستغفر له، فلم يفعل حتى أغلق بابه في وجهه، فأقبل أبو بكر إلى رسول اللّٰه ﷺ قال أبو الدرداء: كنت جالسا عند النبي ﷺ إذ أقبل أبو بكر آخذا بطرف ثوبه حتى أبدى عن ركبته، فقال ﷺ: أما صاحبكم فقد غامر فسلم، وقال: إني كان بيني

[1] «تفسير ابن كثير» 2- توم 214- بەت.
[2] سۈرە ئەئراف 26- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «حلية الأولياء» 6- توم 381- بەت.

وبين ابن الخطاب شيء فأسرعت إليه ثم ندمت، فسألته أن يغفر لي، فأبى علي، فأقبلت إليك، فقال: يغفر اللَّه لك يا أبا بكر ثلاثا، ثم إن عمر ندم وأتى منزل أبي بكر، فقال أثم أبو بكر؟ فقالوا: لا، فأتى النبي ﷺ فجعل وجه النبي ﷺ يتمعر حتى أشفق أبو بكر فجثى على ركبتيه فقال: يا رسول اللَّه واللَّه أنا كنت أظلم، واللَّه أنا كنت أظلم، فقال النبي ﷺ: إن اللَّه بعثني إليكم فقلتم كذبت وقال أبو بكر صدق، وواساني بنفسه وماله، فهل أنتم تاركوا لي صاحبي؟ فهل أنتم تاركوا لي صاحبي؟ فما أوذي بعدها.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىسىدا مۇنازىرە بولۇپ قېلىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خاپا قىلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپلەنگەن ھالدا قايتىپ ماڭغاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كەچۈرمەستىن، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، ئەبۇ بەكرى كىيىمىنى تىزىغىچە تۈرگەن ھالدا ئالدىراش يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۇرادىرىڭلار بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالامدىن كېيىن:

ــ ئۆمەر بىلەن ئارىمىزدا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ ئۆتتى، مەن ئىتتىكلىك قىلىپ قويۇپ كېيىن پۇشايمان قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىسام، ئۇ مېنى كەچۈرۈۋەتكىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ ئۈچ قېتىم:

ــ الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئى ئەبۇ بەكرى! ــ دېدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پۇشايمان قىلىپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەچۈرۈم

سوراش ئۈچۈن ئۆيىگە باردى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدە يوق ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇدۇل پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايىدىن غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەبۇ بەكرى ئۆمەرگە بىر نەرسە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قايتا-قايتا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشتا مەن ئورۇنسىزلىق قىلدىم، — دەپ يالۋۇردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

— الله مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسە، سىلەر ماڭا: «يالغان سۆزلىدىڭ» دېدىڭلار. لېكىن ئەبۇ بەكرى: «راست ئېيتتىڭ» دەپ تەستىقلىدى. ئۇ گاھ جېنىنى، گاھ مېلىنى ئاتاپ، ماڭا يار-يۆلەك بولۇپ كەلدى، بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟، بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟ — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن، ھېچكىم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئازار بېرىپ باقمىدى.[1]

وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «ما نفعني مال قط ما نفعني مال أبي بكر»، قال: «فبكى أبو بكر رضي اللّٰه عنه وقال ما أنا ومالي إلا لك».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھېچكىمنىڭ مېلى ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ پۇل-مېلىدەك ئەسقاتمىدى» دېگەنىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ۋە مېنىڭ بارلىق مال-بىساتىم ساڭا تەئەللۇق، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى.[2]

بۇنىڭدىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئىنتايىن كەمتەر ۋە ئەدەب-ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا قولىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرگەن ئىدى، شۇڭلاشقا

[1] بۇخارى توپلىغان،
[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇ: «مال ـ مۈلكۈملا ئەمەس، ھەتتا مەنمۇ سىلىگە تەئەللۇق، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇئمىنلەرگە نىسبەتەن ئۆز جانلىرىدىنمۇ قىممەتلىك بولۇشى كېرەك.

بۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. ئۇ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى الله يولىغا ئاتاپ، پۈتۈن ھاياتىنى پەيغەمبەر ﷺ گە يۆلەنچۈك بولۇشقا بېغىشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ پىداكارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن: «ھېچكىمنىڭ مېلى ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ پۇل ـ مېلىدەك ئەسقاتمىدى» دېيىش ئارقىلىق ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتىنى ئۈممەتكە ئەسلەتكەن.

**يۇقىرىقى ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھوزۇرىدا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ۋە كەمتەر بولۇش لازىملىقى.

ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشنىڭ گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.[1]

ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:

«جاء عثمان بن عفان إلى النبي ﷺ بألف دينار في ثوبه، حين جهز النبي ﷺ جيش العسرة، فصبها في حجر النبي ﷺ، فجعل النبي ﷺ، يقلبها بيده، ويقول: <ما ضر ابن عفان ما عمل بعد اليوم يرددها مرارا>» «پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتى ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغاندا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيىمىنىڭ ئېتىكىدە 1000 تىللا ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇچىقىغا تۆكتى. پەيغەمبەر ﷺ قۇچىقىدىكى تىللالارنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈگەن ھالدا بىرقانچە قېتىم: <بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوسمان قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ زىيىنى بولمايدۇ> دېدى».[2]

پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بايلارنىڭ مال ـ

[1] «حاشية السندي على سنن ابن ماجة» 1 ـ توم 85 ـ بەت. «التيسير بشرح الجامع الصغير» 2 ـ توم 57 ـ بەت.

[2] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مۈلكىدىن ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە شەخسىي ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدىن خىراجەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ففي قصة الهجرة قالت عائشة رضي اللّٰه عنها: لقل يومٌ كان يأتي على النبي ﷺ إلا يأتي فيه بيت أبي بكر أحد طرفي النهار، فلما أذن له في الخروج إلى المدينة لم يرعنا إلا وقد أتانا ظهراً فخبر به أبو بكر فقال ما جاء النبي ﷺ في هذه الساعة إلا لأمر حدث، فلما دخل عليه قال لأبي بكر «أخرج من عندك» قال إنما هما ابنتاي عائشة وأسماء قال «أشعرت انه قد أذن لي في الخروج» قال: الصحبة يا رسول اللّٰه قال: الصحبة. قال يا رسول اللّٰه إن عندي ناقتين أعددتهما للخروج فخذ إحداهما قال:«قد أخذتها بالثمن».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتىكى قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ھەر كۈنى ئەتىگەن ياكى كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش رۇخسەت بېرىلگەن كۈنى چۈشتە ئۇشتۇمتۇت بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. دادام (ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «پەيغەمبەر ﷺ بۇنداق ۋاقىتتا مۇھىم ئىشى بولمىسا كەلمەيتتى» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ دادامنىڭ يېنىغا كىرىپلا: «يېنىڭدىكىلەر سىرتقا چىقىپ تۇرسۇن» دېگەنىدى، دادام: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلار ئىككى قىزىم ئائىشە بىلەن ئەسما» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ دادامغا قاراپ: «ماڭا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلدى» دېگەنىدى. دادام: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھىجرەت يولۇڭدا ساڭا ھەمراھ بولسام بولامدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەئە، بولىدۇ» دېدى. دادام: «ئى رەسۇلۇللاھ! يېنىمدا ئىككى تۆگە بار، مەن ئۇلارنى ھىجرەت ئۈچۈن تەييارلاپ قويغانىدىم، بىرىنى تاللىۋالغىن» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنى سەندىن پۇلىنى بېرىپ سېتىۋالىمەن» دېدى.[1]

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئىسھاق تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ نەقىل قىلغان: «پەيغەمبەر ﷺ: <لا أركب بعيرا ليس هو لي> <ئۆزۈمنىڭ بولمىغان تۆگىگە مىنمەيمەن> دېگەندى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بۇ تۆگە سىنىڭ> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <لا ولكن بالثمن الذي ابتعتها به> <ياق، مەن ئۇنى سەن ئالغان پۇلغا سېتىۋالاي> دېدى».①

ئىمام تەبەرانى ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ﷺ: «بثمنها يا أبا بكر» «ئى ئەبۇ بەكرى! تۆگىنىڭ پۇلىنى بېرىپ مىنىمەن» دېگەندى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «خالىساڭ پۇلىنى بېرىپ مىنگىن» دېدى.②

**يۇقىرىقى ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

بەزى ئالىملاردىن «پەيغەمبەر ﷺ نېمە ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆگىسىنى قوبۇل قىلماي پۇل بېرىپ سېتىۋالماقچى بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مال-مۈلكىنى قوبۇل قىلغان ئەمەسمۇ؟» دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «پەيغەمبەر ﷺ الله يولىدىكى ھىجرەت ۋە جىھادقا جېنى ۋە مېلىنى ئاتاپ ئۇنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەجرىنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان».③

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلارنى يوقلاپ ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يەيتتى ۋە ئۇلارغا ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە يوللىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى**

عن أنس بن مالك رضي اللّٰه عنه قال: كان أبو طلحة أكثر الأنصار بالمدينة مالا من نخل، وكان

① ئىبنى ھىشامنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 3- توم 13- بەت. «فتح الباري» 7- توم 235- بەت.

② «فتح الباري» 7- توم 235- بەت.

③ «الروض الأنف» 4- توم 131- بەت.

أحب أمواله إليه بيرحاء، وكانت مستقبلة المسجد، وكان رسول اللّٰه ﷺ يدخلها- ويشرب من ماء فيها طيب، قال أنس: فلما أنزلت هذه الآية: ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ﴾ قام أبو طلحة إلى رسول اللّٰه ﷺ، فقال: يا رسول اللّٰه إن اللّٰه تبارك وتعالى يقول: ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ﴾، وإن أحب أموالي إلي بيرحاء، وإنها صدقة للّٰه؛ أرجو برها وذخرها عند اللّٰه؛ فضعها يا رسول اللّٰه حيث أراك اللّٰه قال: فقال رسول اللّٰه ﷺ: بخ ذلك مال رابح، ذلك مال رابح، وقد سمعت ما قلت، وإني أرى أن تجعلها في الأقربين فقال أبو طلحة: أفعل يا رسول اللّٰه. فقسمها أبو طلحة في أقاربه وبني عمه. وكان منهم: حسان, وأبي بن كعب.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئەڭ كۆپ خورمىلىق بېغى بار كىشى ئىدى. بەيرۇھا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان باغلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەسجىدنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ باغقا كىرىپ، تاتلىق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ چىقاتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر»[①] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى اللّٰه نىڭ رەسۇلى! اللّٰه تائالا: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر» دەيدۇ، مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېلىم بەيرۇھا ئاتلىق بېغىمدۇر. مەن ئۇنى اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ سەدىقە قىلدىم، بۇنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمەن ۋە اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئاخىرەتلىكىم بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. سەن بۇنى اللّٰه بۇيرۇغان يەرگە ئىشلەتكەيسەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ:

---

[①] سۈرە ئال ئىمران 92- ئايەت.

ــ پاھ! بۇ ھەقىقەتەن پايدىلىق مال. بۇ ھەقىقەتەن پايدىلىق مال. سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىدىم، بۇ باغنى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىلىشىڭنى توغرا دەپ قارايمەن، ــ دېدى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى الله نىڭ رەسۇلى! مەن چوقۇم ئېيتقىنىڭدەك قىلىمەن، ــ دېدى ۋە بېغىنى يېقىن تۇغقانلىرى ۋە تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى.

ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدە ھەسسان ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئب قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.[1]

بۇنىڭدىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بايلارنى ئېھتىياجلىق ئۇرۇنلارغا سەدىقە قىلىشقا قىزىقتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىدىن باشقىلارغا ئېھسان قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.

سەدىقە، تائەت ـ ئىبادەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەللەر توغرىسىدا ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مەسلىھەت سوراشنىڭ لازىملىقى.

ناۋادا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار كەمبەغەل بولسا سەدىقە بېرىشنى شۇلاردىن باشلاشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاشتا، يىراق تۇغقانلارنىڭ ھەققىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ لازىملىقى. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ تەلھەگە سەدىقىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بېرىشكە بۇيرۇغاندا، ئەبۇ تەلھە سەدىقىسىنى ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە ھەسسان ئىبنى سابىتقىمۇ بەرگەن. ئەبۇ تەلھە نەسەبتە ئۇ ئىككىسى بىلەن يەتتىنچى بوۋىسى ئارقىلىق تۇتۇشىدۇ.

باغ ـ بوستانلارنى ئەھيا قىلىشنىڭ، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۇ يەرگە كىرىپ مېۋىلىرىدىن يېيىشىنىڭ ۋە ئۇ يەردە سايىلە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىپ كۆڭلىنى ئارام ئالدۇرۇشىنىڭ دەرۋەس ئىكەنلىكى. باغ سەيلە قىلىشتىن ئىبادەتنىڭ ھارغىنلىقلىرىنى يەڭگىللىتىش ۋە تائەت-ئىبادەتلەرنى روھلۇق كەيپىياتتا ئادا قىلىش مەقسەت قىلىنسا، ئۇ ئەجىر بېرىلىدىغان مۇستەھەب ئىشقا ئايلىنىدۇ.

ناۋادا بىر كىشىنىڭ دوستى ئۆيىدە بولماي قېلىپ، ئۇ كىشى دوستىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ سۇ ئىچسە دوستىنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى بىلسە، دوستىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ سۇ ئىچىشىنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكى.

ئەبۇ تەلھەنىڭ پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكى. ئايەتتە ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىسىنى ئېھسان قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغان بولۇپ، ئەبۇ تەلھە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى الله يولىغا ئاتىغاندى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بۇ قارارىنى توغرا دەپ قاراپ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتقان ۋە ئۇنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئىشقا بولغان خۇرسەنلىكىنى «پاھ، پاھ!» دېيىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.[①]

بىر كىشى ئىبادەتنى ياخشى قىلىش ئۇچۇن ئارام ئالغان بولسا، بۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ تەقۋادار بايلارنىڭ باغلىرىغا كىرىپ، باغنىڭ سايىسىدا ئارام ئالاتتى، مېۋىلىرىدىن يەيتتى ۋە مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىناتتى.

ئەسكەرتىش:

ئەگەر ئۇرۇق-تۇغقانلار ھاجەتمەن كىشىلەر بولسا، سەدىقىنى ئۇلارغا بېرىش يات كىشىلەرگە بېرىشكە قارىغاندا ياخشىدۇر. بەزىلەر زاكىتىنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن، زاكات بەرگۈچى زاكىتىنى ئۆزىگە يېتەرلىك يېمەك-ئىچمىكى بار، تۇرمۇش شارائىتى نورمال بولغان ئۇرۇق-تۇغقىنىغا بەرمەكچى بولىدۇ،

---

[①] «فتح الباري» 3- توم 398- بەت. «الشرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 86- بەت.

ئەمما بۇ يەردە يەيدىغان ھېچنەرسىسى يوق يەنە بىر پېقىر كىشى بار بولۇپ، زاكات بەرگۈچىنىڭ ئۇ كىشى بىلەن ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا ئۇنىڭغا زاكاتتىن ھېچنەرسە بەرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس، زاكات بېرىشتە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا يان بېسىشقا بولمايدۇ.

ئەمما، ھاجەتمەن ئۇرۇق-تۇغقان بىلەن ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ھاجەتمەن يات بىر كىشىدىن ئىككىسىنىڭ بىرىگە سەدىقە بېرىش توغرا كەلگەندە، سەدىقە ۋە سىلە-رەھىمنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەدىقە ھاجەتمەن ئۇرۇق-تۇغقانغا بېرىلىدۇ.

سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الصدقة على المسكين صدقة، وهي على ذي الرحم ثنتان: صدقة، وصلة» «مىسكىنگە سەدىقە بېرىش پەقەت سەدىقىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. تۇغقانلارغا سەدىقە بېرىش سەدىقە ۋە سىلە-رەھىمنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ».[①]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ بايلار ئاغرىپ قالسا، ئۇلارنى يوقلايتتى ۋە ئۇلارنى مال-مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ ئازراقىنى ۋەسىيەت قىلىشقا قىزىقتۇراتتى.**

عن سعد بن أبي وقاص رضي اللّه عنه قال: عادني النبي ﷺ عام حجة الوداع من مرض أشفيت منه على الموت، فقلت: يا رسول اللّه، بلغ بي من الوجع ما ترى وأنا ذو مال ولا يرثني إلا ابنة لي واحدة، أفأتصدق بثلثي مالي؟ قال: «لا»، قلت فأتصدق بشطره؟ قال: «لا» قلت: الثلث قال: الثلث يا سعد والثلث كثير، إنك أن تذر ورثتك أغنياء خير من أن تذرهم عالة يتكففون الناس، ولست بنافق نفقة تبتغي بها وجه اللّه إلا آجرك اللّه بها حتى اللقمة تجعلها في في امرأتك قلت: يا رسول اللّه، أخلف بعد أصحابي؟ قال: «إنك لن تخلف فتعمل عملا تبتغي بها وجه اللّه إلا ازددت به درجة ورفعة، ولعلك تخلف حتى ينتفع بك أقوام ويضر بك آخرون، اللّهم أمض لأصحابي هجرتهم ولا تردهم على أعقابهم، لكن البائس سعد بن خولة» قال الزهري: يرثي له رسول ﷺ أن توفي بمكة.

[①] تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ۋىدالىشىش ھەججىدە قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدىم. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ﷺ مېنى يوقلاپ كەلدى. مەن:

ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن كېسىلىمنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن بولسام كۆپ ماللىق ئادەم، مېنىڭ بىر قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق، شۇڭا ماللىرىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ياق، ــ دېدى. مەن:

ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا ماللىرىمنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ يەنە:

ــ ياق، ــ دېدى. مەن:

ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداق بولسا، ماللىرىمنىڭ ئۈچتىن بىرى بولسۇنمۇ؟ ــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئى سەئد! ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ۋارىسلىرىڭنى باي ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر. الله نىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ سەرپ قىلغان ھەرقانداق خىراجىتىڭگە، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان بىر لوقمىغىمۇ چوقۇم ئەجىر ئالىسەن، ــ دېدى. مەن:

ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن كېسەل سەۋەبى بىلەن بۇرادەرلىرىمدىن ئايرىلىپ كەينىدە قالارمەنمۇ؟ ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ سەن ھەرگىز كەينىدە قالمايسەن، كەينىدە قالغان تەقدىردىمۇ، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قانداق بىر ئەمەلنى قىلىدىكەنسەن، شۇ ئەمەلىڭ بىلەن دەرىجەڭنى ۋە مەرتىۋەڭنى ئاشۇرۇۋېرىسەن. ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇشى، تېخى نۇرغۇن

كىشىلەر سەندىن پايدىلىنىشى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن زىيان تارتىشى مۇمكىن، ــ دېدى. ئارقىدىنلا: «ئى الله ! ساھابىلىرىمنىڭ ھىجرىتىنى داۋاملاشتۇرغىن، ئۇلارنى كەينىگە (يەنى ھىجرەت قىلىپ چىققان يۇرتىغا) قايتۇرۇۋەتمىگىن!» دەپ دۇئا قىلدى ۋە: «بىچارە سەئىد ئىبنى خەۋلە» دېگىنىچە، ئۇنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى بىلدۇردى.[①]

**يۇقىرىقى ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

كېسەل كىشىنى يوقلاشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى. كېسەل كىشىنى يوقلاش ئادەتتىكى كىشىلەرگە مۇستەھەب بولغىنىدەك ئىمام ئۈچۈنمۇ مۇستەھەب ئىكەنلىكى.

كېسەل كىشىنىڭ داۋالىنىش، سالىھ كىشىنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىش، ۋەسىيەت قالدۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا پەتىۋا سوراشقا ئوخشاش توغرا نىيەتتە كېسەلنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. ئەمما، ئاغرىققا چىدىماسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى كېسەلنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈشى مەكرۇھتۇر. بۇنداق قىلىش كېسەلنىڭ ئەجرىنى كېمەيتىۋېتىدۇ.

ۋارىسلىرى بار كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق ۋەسىيەت قىلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. بۇ، ئالىملار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.

سىلە-رەھىمنى ئۇلاش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈشكە قىزىقتۇرۇلغانلىقى.

ئەڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش ۋە ياخشىلىق

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىشنىڭ يىراق ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

ياخشىلىق يوللىرىغا چىقىم قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.

ئەمەللەرنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى ۋە نىيەتكە قارىتا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى.

الله رازىلىقى ئۈچۈن ئائىلە-بالىلىرىغا نەپىقە قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

الله تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش مەقسىتىدە يېيىش: ئىبادەتنى روھلۇق كەيپىياتتا ئادا قىلىش ئۈچۈن ئارام ئېلىش؛ نەپسى، كۆزى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەزالىرىنى حارامدىن ساقلاش، شۇنداقلا ئائىلىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە سالىھ پەرزەنتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئائىلى ۋە دېدىكىدىنلا مەنپەئەتلىنىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش مۇباھ ئىشلار الله نىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساۋاب بېرىلىدىغان ئىبادەتكە ئايلىنىدىغانلىقى.

ياخشى ئەمەلنى تېخىمۇ كۆپ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

ھەرقانداق ئەمەلنى الله نىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلارنى بالىلىرىغا ھەدىيە بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇيتتى**

ئەپسۇسلار بولسۇنكى، بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ھەدىيە بەرگەندە بەزى بالىلىرىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ

[1] «الشرح النووي على صحيح مسلم» 11- توم 76- بەت.

پەيغەمبەر ﷺ چەكلىگەن ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر.

عن النعمان بن بشير رضي اللّٰه عنهما: أن أمه عمرة بنت رواحة سألت أباه بعض الموهبة من ماله لابنها فالتوى بها سنة ثم بدا له فوهبها له فقالت لا أرضى حتى تشهد رسول اللّٰه ﷺ على ما وهبت لابني فأخذ أبي بيدي وأنا غلام يومئذ فأتى رسول اللّٰه ﷺ فقال يا رسول اللّٰه إن أم هذا بنت رواحة أعجبها أن أشهدك على الذي وهبت لابنها فقال رَسُولُ اللّٰه ﷺ يا بشير ألك ولد سوى هذا قال نعم فقال رَسُولُ اللّٰه ﷺ أفكلهم وهبت لهم مثل الذي وهبت لابنك هذا قال لا قال رَسُولُ اللّٰه ﷺ فلا تشهدني إذا فإني لا أشهد على جور.

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۇنىڭ ئانىسى ئەمرە بىنتى رەۋاھە يولدىشى بەشىردىن بەزى ماللىرىنى ئوغلىغا ھەدىيە قىلىپ بېرىشنى سورىدى. ئۇ كىشى ھەدىيەنى بىر يىل كېچىكتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەدىيەنى بەرمەكچى بولغانىدى. ئەمرە بىنتى رەۋاھە ئۇنىڭغا:

ــ ئوغلۇمغا بېرىدىغان نەرسەڭگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى گۇۋاھ قىلمىساڭ رازى بولمايمەن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادام قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. مەن ئۇ ۋاقىتلاردا كىچىك بالا ئىدىم. دادام پەيغەمبەر ﷺ گە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بالىنىڭ ئانىسى بىنتى رەۋاھە ئوغلىغا بېرىدىغان ھەدىيەگە سىزنى گۇۋاھچى قىلىشىمنى ياخشى كۆرىدىكەن، ــ دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئى بەشىر! بۇنىڭدىن باشقا بالىلىرىڭ بارمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، دادام:

ــ ھەئە، بار، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق نەرسە بەردىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى. دادام:

ــ ياق، ــ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنداقتا، مېنى بۇنىڭغا گۇۋاھ قىلمىغىن. چۈنكى، مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن، — دېدى.①

«سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن يەنە بىر نەقىلدە: «أيسرك أن يكونوا إليك في البر سواء؟ قال: بلى. قال: فلا إذا» «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇلارنىڭ ساڭا ياخشىلىق قىلىشتا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟> دېگەنىدى، دادام: <ھەئە> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداق ئىكەن، مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ بولمايمەن> دېدى» دەپ كەلگەن.

بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر نەقىلدە: «اتقوا الله واعدلوا في أولادكم، فرجع أبي، فرد تلك الصدقة» «پەيغەمبەر ﷺ: <الله تىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار> دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادام قايتىپ كېلىپ بەرگەن سەدىقىنى قايتۇرۇۋالدى» دەپ كەلگەن.

ئەبۇ داۋۇد توپلىغان يەنە بىر نەقىلدە: «إن لهم عليك من الحق أن تعدل بينهم كما أن لك عليهم من الحق أن يبروك» «<ئۇلارنىڭ ساڭا ياخشىلىق قىلىشى سېنىڭ ھەققىڭ بولغىنىدەك، سېنىڭمۇ ئۇلارغا ئادىللىق قىلىشىڭ ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر> دېدى» دەپ كەلگەن.

دېمەك، بالىلارغا بىرنەرسە بەرگەندە ئادىللىق قىلىش لازىم.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلارغا ئىنسانىنىڭ الله يولىدا چىقىم قىلىۋالغان مال-مۈلكىنىڭ ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.**

عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ أيكم مال وارثه أحب إليه من ماله» قالوا يا رسول الله ما منا أحدٌ إلا ماله أحب إليه من مال وارثه قال: «فإن ماله ما قدم ومال وارثه ما أخر».

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ:

— قايسىڭلارغا ۋارىسىنىڭ مېلى ئۆزىنىڭ مېلىدىن سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ؟ — دەپ سورىغان ئىدى، يېنىدىكىلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ھەربىرىمىزگە ۋارىسىنىڭ مېلىدىن ئۆزىمىزنىڭ مېلى سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا:

— ھايات ۋاقتىڭلاردا خەجلىۋالغىنىڭلار سىلەرنىڭ، قالغان مال ـ مۈلكۈڭلار ۋارىسىڭلارنىڭ مېلىدۇر، — دېدى.[1]

«فإن ماله ما قدم» — ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ھايات ۋاقتىدا ياخشىلىق يوللىرىغا چىقىم قىلىۋالغان مال ـ مۈلۈك دېگەنلىك بولىدۇ.

«ومال وارثه ما أخر» — ۋاپات بولغۇچە ساقلاپ سەدىقە قىلماي ۋارىسلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈك دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەدىستە، مال ـ مۈلۈكنى ئاخىرەتلىك مەنپەئەت ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق يوللىرىغا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە چىقىم قىلىۋېلىشقا قىزىقتۇرۇلغان. چۈنكى، مىراس قالدۇرغۇچى قالدۇرۇپ كەتكەن ھەرقانداق مال ـ مۈلۈك ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ شەخسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ۋارىسلىق قىلغۇچى ئۇ مالنى الله بۇيرۇغان ئىشلارغا ئىشلەتسە، ئۇنىڭ پۈتۈن ساۋابىنى ۋارىسلىق قىلغۇچى ئالىدۇ. ئۇ مالنى يىغىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن جاپا چەككەن مىراس قالدۇرغۇچىغا ھېچقانداق ساۋاب بولمايدۇ؛ ئەگەر ۋارىسلىق قىلغۇچى ئۇ مالنى اللهقا ئاسىي بولىدىغان يوللارغا ئىشلەتكەن بولسا، مالنى قالدۇرغۇچىغا مەئسىيەتكە ئىشلىتىلگەن شۇ مالنىڭ جىنايەتلىرى

[1] بۇخارى توپلىغان.

يۈكلەنمىگەن تەقدىردىمۇ، قالدۇرۇپ كەتكەن مال-مۈلكىنىڭ ھېچقانداق مەنپەئىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

بۇ ھەدىس، مال-مۈلۈكنى ياخشىلىق يوللىرىغا چىقىم قىلىشنىڭ ئۇنى ۋارىسلىرىغا قالدۇرۇپ كېتىشتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئۇنداقتا، بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <شەك-شۈبھىسىزكى، ۋارىسلىرىڭنى باي ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج ھالەتتە كەمبەغەل قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر> دېگەن سۆزىگە زىت كېلىدىغۇ؟» دېيىلسە، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى، بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ﷺ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋارىسلىرىغا مال قالدۇرۇپ قويۇشقا قىزىقتۇرغان، چۈنكى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى كېسىلىدە مال-مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋەتمەكچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىپ قالغىنىنى ۋارىسلىرىغا قالدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ يۇقىرىقى سۆزىنى ساھابىلىرىنىڭ تېنى ساغلام ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق ماللىرىغا بېخىللىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋارىسلىرى مال-مۈلۈكنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولۇپ، مالنىڭ ئىگىسى بولسا سەدىقە قىلىشنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قالمىسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى بېخىللىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ياخشىلىق يوللىرىغا مال چىقىم قىلىشقا قىزىقتۇرغان. دېمەك، بۇ ھەدىستە مال-مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋېتىشكە بۇيرۇمىغان. شۇڭا بۇ ھەدىس سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىگە زىت كەلمەيدۇ.

خۇلاسە شۇكى، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى كېسەل ۋاقتىدا مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپرەك قىسمىنى سەدىقە قىلماقچى بولغان كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ؛ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بولسا، ئۆزى ساغلام، ئەمما مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ.[①]

ئابدۇللاھ ئىبنى شەخخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: أتيت النبي ﷺ وهو يقرأ: ﴿أَلْهَاكُمُ التَّكَاثُرُ﴾، قال: «يقول ابن آدم: <مالي، مالي>، قال: وهل لك يا ابن آدم من مالك إلا ما أكلت فأفنيت، أو لبست فأبليت، أو تصدقت فأمضيت» پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلسەم، پەيغەمبەر ﷺ «سۈرە تەكاسۇر»نى ئوقۇۋاتقانىكەن، پەيغەمبەر ﷺ: «ئادەم بالىسى: <مال ـ مۈلكۈم، مال ـ مۈلكۈم> دەيدۇ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن پەقەت ئۈچ نەرسىلا ئەسقاتىدۇ. يەنى يەپ ـ ئىچىپ تۈگەتكىنى، كىيىپ كونىراتقىنى ۋە سەدىقە بېرىپ، ئاخىرەتكە ساقلاپ قويغىنى>» دېدى.[②]

شۇنىڭدەك، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس نەقىل قىلىنغان. ئۇ ھەدىستە: «وما سوى ذلك فهو ذاهب وتاركه للناس» «ئۇلاردىن باشقىسىنى كىشىلەرگە تاشلاپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز قوشۇپ نەقىل قىلىنغان.[③]

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

بۇ دۇنيادا يىغساڭمۇ ھېسابسىز پۇل ـ مال،
ئاقىۋەتتە مىراسخورۇڭ كۈيئوغۇل، كېلىنىڭ.
ئالالمايسەن قەبرەڭگە بىر تىيىن تەڭگە،
قالۇر سەندىن پەقەتلا خەيرى ئېھسانىڭ.

[①] «الشرح ابن بطال على صحيح البخاري» 19 ـ توم 216 ـ بەت.
[②] مۇسلىم توپلىغان.
[③] مۇسلىم توپلىغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ باي كىشىنىڭ ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋېتىشىنى خالىمايتتى**

شۇنىڭ ئۈچۈن، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «تەۋبەم قوبۇل بولغانلىقى ئۈچۈن مال ـ مۈلكۈمنىڭ ھەممىسى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «أمسك عليك بعض مالك فهو خير لك» «مېلىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزۈڭگە ئېلىپ قالغىن! بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن.[1]

عن عبد اللّٰه بن مسعود رضي اللّٰه عنه: كنا عند رسول اللّٰه ﷺ إذ جاءه رجل بمثل بيضة من ذهب، فقال: يا رسول اللّٰه أصبت هذه من معدن فخذها فهي صدقة ما أملك غيرها، فأعرض عنه رسول اللّٰه ﷺ ، ثم أتاه من قبل ركنه الأيمن، فقال مثل ذلك فأعرض عنه، ثم أتاه من قبل ركنه الأيسر فأعرض عنه، ثم أتاه من خلفه، فأخذها رسول اللّٰه ﷺ فخذفه بها، فلو أصابته لأوجعته أولعقرته، فقال رسول اللّٰه ﷺ: «يأتي أحدكم بما يملك فيقول هذه صدقة، ثم يقعد يستكف الناس، خير الصدقة ما كان عن ظهر غنى».

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا تۇراتتۇق، بىر ئادەم قولىدا تۇخۇم چوڭلۇقىدا بىر ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ:

ـــ ئى الله نىڭ رەسۇلى! مەن بۇ ئالتۇننى بىر كاندىن تېپىۋالدىم، يېنىمدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق، بۇنى سەدىقە قىلاي، بۇنى ئالغىن! ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ سۆزىنى تەكرارلىغانىدى، يەنە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئۇ يەنە سول تەرىپىگە ئۆتكەنىدى، يەنە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئاندىن ئارقا تەرەپتىن كېلىپ، سۆزىنى تەكرارلىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئېلىپ، ئۇ كىشىگە قارىتىپ ئاتتى.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەگەر ئالتۇن ئۇنىڭغا تېگىپ كەتكەن بولسا، چوقۇم ئۇنى ئەلەملەندۈرگەن ياكى جاراھەتلەندۈرگەن بولاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ:

— سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەممە مال-مۈلكىنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇ سەدىقىدۇر» دەپ (قولىدىكى ھەممىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىپ)، ئاندىن ئولتۇرۇپ باشقىلاردىن تىلەشكە باشلايدۇ. سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقاندا بېرىلگىنىدۇر، — دېدى.[①]

پەيغەمبەر ﷺ بەزىدە پېقىرلىقتا سەۋر قىلىپ باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىمايدىغان بىر قىسىم تەۋەككۈلچى بايلارنىڭ سەدىقە قىلغان مال-مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلغان.

زەيد ئىبنى ئەسلەمدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أمرنا رسول اللّٰه ﷺ أن نتصدق، ووافق ذلك عندي مالا فقلت: ‹اليوم أسبق أبا بكر إن سبقته يوما، فجئت بنصف مالي›، فقال رسول اللّٰه ﷺ: ‹ماذا أبقيت لأهلك؟›، فقلت: ‹مثله›. قال: ‹وأتى أبو بكر بكل ما عنده›، فقال: ‹يا أبا بكر ماذا أبقيت لأهلك؟›، قال: ‹أبقيت لهم اللّٰه ورسوله›. قلت: «لا أسابقك إلى شيء أبدا».

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى (الله يولىدا) مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كۈنلەردە قول ئىلكىمدە خېلى كۆپ مال بار ئىدى. ئىچىمدە: «بۈگۈن ئەبۇ بەكرىدىن ئۆتۈپ كەتسەم ئەجەب ئەمەس» دېدىم-دە، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «يەنە مۇشۇنچىلىك قالدۇردۇم» دېدىم. ئەبۇ بەكرى سىددىق بولسا ئۆزىدىكى بار بولغان بارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قالدۇردۇم» دېدى. مەن: «الله

[①] ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن. ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئېشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەسكەن» دېدىم.[1]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدىكى بارلىق مال-مۈلكىنى ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى قوبۇل قىلغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نىيىتىنىڭ ساپ ۋە ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ۋە باشقىلارغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بىرنەرسە سوراپ بېرىشىدىن خاتىرجەم ئىدى.[2]

ئىمام تەبەرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: كۆپچىلىك ئالىملار «كىمكى قەرزى يوق، تېنى ۋە ئەقلى ساغلام، ئۆزى قىيىنچىلىققا سەۋر قىلالايدىغان، ئايال-بالىلىرى يوق ياكى بار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارمۇ قىيىنچىلىققا سەۋر قىلالايدىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى سەدىقە قىلىۋېتىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر بۇ شەرتلەر تېپىلمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى سەدىقە قىلىۋېتىشى مەكرۇھتۇر» دېگەن.[3]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلارنى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ئاشكارا قىلىپ تۇرۇشقا يېتەكلەيتتى**

الله نىڭ ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئاشكارىلاش شۇ نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېئمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېئمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېئمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)»[4].

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ باي ساھابىلىرىنى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] ئەينىنىڭ «شرح أبي داود» ناملىق كىتابى 6- توم 432- بەت.
[3] «فتح الباري» 3- توم 259- بەت.
[4] سۈرە زۇھا 11- ئايەت.

الله نىڭ نېئمەتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئاشكارىلاشقا قىزىقتۇرغان.

مالىك ئىبنى نەدلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رآني رسول اللّه ﷺ علي أطمار، فقال: ‹هل لك مال؟›، قلت: ‹نعم›، قال: ‹من أي المال؟›، قلت: ‹من كل المال قد آتاني اللّه، من الإبل والرقيق والخيل والغنم›، قال: ‹إذا آتاك اللّه مالا فلير عليك›» «ئۇچامدا كونىراپ كەتكەن كىيىم بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى كۆرۈپ: ‹پۇل ـ مېلىڭ بارمۇ؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ھەئە، بار› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹قانداق ماللىرىڭ بار؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ الله ماڭا تۆگە، قوي، ئات ۋە قۇل قاتارلىق ماللارنى بەردى› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹الله ساڭا مال بەرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ تەسىرى سەندە كۆرۈلسۇن› دېدى.[1] يەنە بىر نەقىلدە: «فلتر نعم اللّه وكرامته عليك» «الله ساڭا مال بەرگەن ئىكەن، الله نىڭ نېئمەتلىرى ئۈستۈڭدە كۆرۈلۈشى كېرەك» دېگەن.

بۇنىڭ مەنىسى ــ «كىشىلەر ساڭا قاراپ سېنىڭ باي ئىكەنلىكىڭنى ۋە الله تائالانىڭ ساڭا تۈرلۈك نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى بىلەلىشى ئۈچۈن يېڭى كىيىم كىيگىن» دېگەنلىك بولىدۇ.[2]

ئەمىر ئىبنى شۇئەيب بوۋىسىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «إن اللّه تعالى يحب أن يرى أثر نعمته على عبده» «شۈبھىسىزكى، الله تائالا بەندىسىگە ئاتا قىلغان نېئمىتىنىڭ تەسىرىنىڭ شۇ بەندىنىڭ ئۈستى ـ بېشىدا كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ».[3]

دېمەك، ئىسراپچىلىق ۋە باشقىلارغا تەكەببۇرلۇق قىلماستىن ئۆزىدىكى نېئمەتنى ئاشكارىلاش الله تائالانىڭ ئاتا قىلغان نېئمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «مرقاة المفاتيح» 13 ـ توم 99 ـ بەت.

[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: عن النبي ﷺ قال: «لا يدخل الجنة من كان في قلبه مثقال ذرة من كبر!» فقال رجل: إن الرجل يحب أن يكون ثوبه حسنا، ونعله حسنة؟ قال: «إن اللّٰه جميل يحب الجمال، الكبر: بطر الحق وغمط الناس» پەيغەمبەر ﷺ: «دىلىدا زەررىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەنىدى، بىر كىشى: «ئادەم چىرايلىق كىيىم-كېچەكلەرنى ۋە چىرايلىق ئاياغلارنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇمۇ كىبىرلىك بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. كىبىر دېگەن ھەقكە قارشى چىقىش ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دېدى.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ بايلارنى ياخشى ئىشلارغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلىشىغا مەدەت بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنى ماختىغان.**

عن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه: أن رسول اللّٰه ﷺ قال: «من أنفق زوجين في سبيل اللّٰه نودي من أبواب الجنة يا عبد اللّٰه هذا خير، فمن كان من أهل الصلاة دعى من باب الصلاة، ومن كان من أهل الجهاد دعى من باب الجهاد، ومن كان من أهل الصيام دعي من باب الريان، ومن كان من أهل الصدقة دعى من باب الصدقة»، فقال أبو بكر رضي اللّٰه عنه: بأبي أنت وأمي يا رسول اللّٰه ما على من دعي من تلك الأبواب من ضرورة، فهل يدعى أحد من تلك الأبواب كلها، قال: «نعم وأرجو أن تكون منهم».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ نەپىقە قىلسا، ئۇ جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن: <ئى الله نىڭ بەندىسى! بۇ يەر بەكمۇ ياخشى> دەپ چاقىرىلىدۇ. كىمكى ناماز ئەھلى بولسا، ناماز ئىشىكىدىن؛ جىھاد ئەھلى بولسا، جىھاد ئىشىكىدىن؛ روزا ئەھلى بولسا، رەييان دېگەن ئىشىكتىن؛ سەدىقە ئەھلى بولسا، سەدىقە

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن. بىر كىشىنىڭ بىرلا ئىشىكتىن چاقىرىلىشى شەرتمۇ؟ يەنى، بىر كىشىنىڭ ھەممە ئىشىكتىن چاقىرىلىش مۇمكىنچىلىكى يوقمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئەبۇ بەكرى! بار، مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[①]

عن أبي هريرة رضي اللّه عنه قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من أصبح منكم اليوم صائما؟»، قال أبو بكر: «أنا». قال: «فمن تبع منكم اليوم جنازة؟»، قال أبو بكر: «أنا». قال: «فمن أطعم منكم اليوم مسكينا؟»، قال أبو بكر: «أنا». قال: «فمن عاد منكم اليوم مريضا؟»، قال أبو بكر: «أنا». فقال رسول اللّه ﷺ: «ما اجتمعن في امرئ، إلا دخل الجنة».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان:

پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۈگۈن قايسىڭلار روزا تۇتتۇڭلار؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۈگۈن قايسىڭلار جىنازا نامىزىغا قاتناشتىڭلار؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۈگۈن قايسىڭلار بىرەر مىسكىنگە تائام بەردىڭلار، ــ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۈگۈن قايسىڭلار كېسەل يوقلىدىڭلار؟ ــ دەپ سورىغانىدى، يەنە ئەبۇ

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ:

ــ كىمكى مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندە قىلالىغان بولسا جەننەتكە كىرىدۇ، ــ دېدى.[1]

ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «جاء عثمان بن عفان إلى النبي ﷺ بألف دينار في ثوبه، حين جهز النبي ﷺ جيش العسرة، فصبها في حجر النبي ﷺ، فجعل النبي ﷺ، يقلبها بيده، ويقول: ‹ما ضر ابن عفان ما عمل بعد اليوم يرددها مرارا›» «پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتى ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغاندا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيىمىنىڭ ئېتىكىدە 1000 تىللا ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇچىقىغا تۆكتى. پەيغەمبەر ﷺ قۇچىقىدىكى تىللالارنى ئۆرۈپ-چۆرۈگەن ھالدا ئىككى قېتىم: ‹بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوسمان قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ زىيىنى بولمايدۇ› دېدى».[2]

وعن الأحنف بن قيس قال: خرجنا حجاجا فقدمنا المدينة ونحن نريد الحج فبينا نحن في منازلنا نضع رحالنا إذ أتانا آت فقال إن الناس قد اجتمعوا في المسجد وفزعوا فانطلقنا فإذا الناس مجتمعون على نفر في وسط المسجد وفيهم علي والزبير وطلحة وسعد بن أبي وقاص فإنا لكذلك إذ جاء عثمان رضى اللّٰه تعالى عنه عليه ملاءة صفراء قد قنع بها رأسه فقال أهاهنا طلحة أهاهنا الزبير أهاهنا سعد قالوا نعم قال فإني أنشدكم باللّٰه الذي لا إله إلا هو أتعلمون أن رسول اللّٰه ﷺ قال من يبتاع مربد بني فلان غفر اللّٰه له فابتعته بعشرين ألفا أو بخمسة وعشرين ألفا فأتيت رسول اللّٰه ﷺ فأخبرته فقال اجعله في مسجدنا وأجره لك, قالوا اللّٰهم نعم قال أنشدكم باللّٰه الذي لا إله إلا هو أتعلمون أن رسول اللّٰه ﷺ قال من ابتاع بئر رومة غفر اللّٰه له فابتعتها بكذا وكذا فأتيت رسول اللّٰه ﷺ فقلت قد ابتعتها بكذا وكذا قال اجعلها سقاية للمسلمين وأجرها لك قالوا اللّٰهم نعم قال أنشدكم باللّٰه الذي لا إله إلا هو أتعلمون أن رسول اللّٰه ﷺ نظر في وجوه القوم فقال من يجهز هؤلاء غفر اللّٰه له يعني

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

جيش العسرة فجهزتهم حتى لم يفقدوا عقالا ولا خطاما فقالوا اللّهم نعم قال اللّهم اشهد اللّهم اشهد اللّهم اشهد.

ئەھنەف ئىبنى قەيستىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ھەج قىلىش مەقسىتى بىلەن (يولغا چىقىپ) مەدىنىگە كېلىپ چۈشتۇق، يۈك-تاقلىرىمىزنى قويۇپ تۇرۇشىمىزغا بىر توپ كىشىنىڭ مەسجىدكە يىغىلىۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يېتىپ كەلدى. (بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىشىدىن) ئەنسىرەپ مەسجىدكە قاراپ يۈگۈردۇق. قارىساق، مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ئادەم توپلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئارىسىدا ئەلى، زۇبەير، تەلھە ۋە سەئد ئىبنى ۋەققاسلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارغا قاراپ تۇرساق، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە سېرىق يېپىنچا بار بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۆگىۋالغان ئىدى. ئۇ:

ــ تەلھە، زۇبەير، سەئدلەر بۇ يەردىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا:

ــ ھەئە، بۇ يەردە، ــ دەپ جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ:

ــ ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان الله نىڭ نامى بىلەن سىلەردىن سورايمەنكى، پەيغەمبەر ﷺ: «پالانى قەۋمنىڭ يېرىنى سېتىۋالغان كىشىنى الله مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەندە، مەن ئۇ يەرنى 20 مىڭ ياكى 25 مىڭغا سېتىۋېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇ يەرنى سېتىۋالغانلىقىمنى بىلدۈرگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ يەرنى مەسجىدىمىزگە ئاتىۋەتكىن، ئەجرى ساڭا بولسۇن!» دېمىگەنمىدى؟! ــ دېدى، ئۇلار:

ــ شۇنداق، ــ دېيىشتى. ئوسمان يەنە:

ــ مەن ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان الله نىڭ نامى بىلەن سىلەردىن سورايمەنكى، پەيغەمبەر ﷺ: «كىم رۇمە قۇدۇقىنى سېتىۋالسا، الله ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەندە، مەن ئۇنى مۇنچىلىك پۇلغا سېتىۋېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇ قۇدۇقنى سېتىۋالغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنى

مۇسۇلمانلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان جايى قىلغىن، ئەجرى ساڭا بولسۇن!» دېمىدىمۇ؟ ـــ دېگەنىدى، ئۇلار:

ـــ شۇنداق، ـــ دېيىشتى. ئوسمان يەنە:

ـــ مەن سىلەردىن ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە: «كىم بۇ قوشۇننى جابدۇپ قويسا، الله ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەندە، مەن ئۇلارنى ئارغامچا ۋە نوختىلىرى تولۇق سەپلەنگەن ئۇلاغلار بىلەن جابدۇمىدىمۇ؟ ـــ دېگەنىدى، ئۇلار:

ـــ شۇنداق قىلدىڭ، ـــ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ:

ـــ ئى الله ! گۇۋاھ بولغىن، ئى الله ! گۇۋاھ بولغىن، ئى الله ! گۇۋاھ بولغىن، ـــ دېدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلارنى الله بىلەن تىجارەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرەتتى، چۈنكى ئۇ ئەڭ پايدىلىق تىجارەتتۇر**

الله بىلەن قىلىنغان تىجارەت پايدىسى ئەڭ كۆپ چىقىدىغان تىجارەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَابَ اللَّهِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَارَةً لَنْ تَبُورَ۝ لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُمْ مِنْ فَضْلِهِ إِنَّهُ غَفُورٌ شَكُورٌ۝﴾ «شۈبھىسىزكى، الله نىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەرگە [29] الله ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر [30]»[2].

---

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] سۈرە فاتىر 29 ـ ، 30 ـ ئايەت.

سەئدى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «﴿تِجَارَةً لَنْ تَبُورَ﴾ <كاسات بولمايدىغان تىجارەت> دېگەن ـــ كاساتلىشىپ قالمايدىغان ۋە زىيان چىقمايدىغان تىجارەتتۇر، بەلكى ئۇ ئەڭ ياخشى، ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئەڭ ئەۋزەل تىجارەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تىجارەتنى قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى، الله تەييارلىغان بۈيۈك ساۋاب ۋە بەختكە ئېرىشكىلى، شۇنداقلا الله نىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ».[1]

عن أنس بن مالك رضي اللّٰه عنه: أن رجلا قال: يا رسول اللّٰه، إن لفلان نخلة، وأنا أقيم حائطي بها، فأمره أن يعطيني حتى أقيم حائطي بها. فقال له النبي ﷺ: «أعطها إياه بنخلة في الجنة» فأبى وأتاه أبو الدحداح فقال بعني نخلك بحائطي، ففعل، فأتى النبي ﷺ فقال: يا رسول اللّٰه إني قد ابتعت النخلة بحائطي فاجعلها له, فقد أعطيتكها, فقال رسول اللّٰه ﷺ كم من عذق راح لأبي الدحداح في الجنة قالها مرارا, قال: فأتى امرأته فقال يا أم الدحداح اخرجي من الحائط فإني قد بعته بنخلة في الجنة, فقالت: ربح البيع.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ گە:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆيۈمنىڭ يېنىدا پالانىنىڭ بىر تۈپ خورما دەرىخى بار. مەن شۇ خورما دەرىخىنى يۆلەنچۈك قىلىپ تام سالماقچى ئىدىم، شۇڭا ئۇ كىشىگە دېسەڭ خورما دەرىخىنى ماڭا بېرىۋەتكەن بولسا، ئۇ خورما دەرىخىنى يۆلەنچۈك قىلىپ تام سېلىۋالغان بولسام ـــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ خورما دەرىخىنىڭ ئىگىسىگە:

ـــ جەننەتتە بېرىلىدىغان بىر تۈپ خورما دەرىخى بەدىلىگە بۇ خورما دەرىخىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتكىن، ـــ دېۋىدى. ئۇ كىشى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ دەھداھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا

[1] «تفسير السعدي» 1- توم 689- بەت.

كېلىپ:

ــــ بۇ خورما دەرىخىنى بېغىمنىڭ بەدىلىگە ماڭا سېتىپ بەرگىن ــــ دېگەنىدى، ئۇ كىشى بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ دەھداھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا بېغىمنى بېرىپ، خورما دەرىخىنى سېتىۋالدىم، ئەمدى بۇ خورما دەرىخىنى ھېلىقى كىشىگە بەرگىن، ئۇنى مەن ساڭا بېرىۋەتتىم، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىرقانچە قېتىم:

ــ ئەبۇ دەھداھقا جەننەتتە سانجاق-سانجاق خورمىلار بېرىلىدۇ، ــ دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كېيىن ئەبۇ دەھداھ ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى ئۇممۇ دەھداھ! باغدىن چىقىپ كېتىڭ، مەن ئۇنى جەننەتتە بىزگە بېرىلىدىغان خورما دەرىخىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋەتتىم، ــ دېگەنىدى، ئايالى:

ــ بۇ سودىمىزدا پايدا ئالدۇق، ــ دېدى.[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلار ئىچىدىكى تىجارەتچىلەرنى چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتايتتى ۋە ئۇلارنى سەدىقە بېرىشكە قىزىقتۇراتتى**

قەيس ئىبنى ئەبۇ غەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كنا في عهد رسول الله ﷺ نسمى السماسرة فمر بنا النبي ﷺ فسمانا باسم هو أحسن منه فقال يا معشر التجار إن البيع يحضره اللغو والحلف فشوبوا بيعكم بالصدقة» «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانىدا <بېدىكلەر> دەپ ئاتىلاتتۇق، بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ يېنىمىزغا كېلىپ، بىزنى ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقراق بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ: <ئەي سودىگەرلەر! تىجارەت دېگەندە بىھۇدە گەپ، بىھۇدە قەسەم قىلىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا پات-پات سەدىقە بېرىپ تۇرۇڭلار!> دېدى».[②]

---

① ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

خەتتابى مۇنداق دېگەن: «‹السماسرة› دېگەن چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزدۇر. چۈنكى، تىجارەتچىلەر ئىچىدە ھەرخىل مىللەتتىن كىشىلەر بار بولۇپ، ساھابىلەر بۇ نامنى شۇلارنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ نامنى «تىجارەت» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىپ قويغان.[1]

«فشوبوا بيعكم بالصدقة» پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ بەزى ۋاقىتتا تىجارەت ئارىسىدا قۇرۇق گەپ-سۆز ۋە بىھۇدە قەسەملەرنى قىلىپ سالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا: «بىھۇدە گەپ-سۆز ۋە بىھۇدە قەسەملەرگە سەدىقىنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭلار، چۈنكى سەدىقە الله نىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ» دېگەن.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بازارلاردا تىجارەتچىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توساتتى**

رىفائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «خرجنا مع رسول الله ﷺ، فإذا الناس يتبايعون بكرة، فناداهم: ‹يا معشر التجار فلما رفعوا أبصارهم ومدوا أعناقهم›، قال: ‹إن التجار يبعثون يوم القيامة فجارا، إلا من اتقى الله وبر وصدق›» «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە چىققان ئىدۇق، كىشىلەر ئەتىگەندە سودا قىلىشىۋاتقانىكەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئى سودىگەرلەر!› دەپ توۋلىدى، كىشىلەر دەرھال باشلىرىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ﷺ گە قاراشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا: ‹سودىگەرلەر قىيامەت كۈنى پاسىقلار قاتارىدا ھەشر قىلىنىدۇ، پەقەت الله تىن قورققان، قىلغان قەسىمىنى ئورۇندىغان ۋە تىجارەتلىرىدە راستچىل بولغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا› دېدى».[3]

«إلا من اتقى الله» ــــ تىجارەتتە ئالدامچىلىق ۋە خىيانەتكە ئوخشاش چوڭ-

[1] «معالم السنن» 2- توم 131- بەت.
[2] «مرقاة المفاتيح شرح مشكاة المصابيح» 9- توم 281- بەت.
[3] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلمىغان، تىجارىتىدە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان ۋە شۇ تىجارىتى ئارقىلىق الله قا تائەت ـ ئىبادەت قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېگەنلىك بولىدۇ.[1]

قازى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: تىجارەتچىلەر مۇئامىلىدە ساختىلىق ئىشلىتىش، يالغان قەسەم قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئارقىلىق ماللىرىنى يۇرۇشتۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغاچقا، ئۇلارنى پاسىق دەپ ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھارامدىن ساقلانغان، قىلغان قەسىمىگە ئەمەل قىلغان ۋە سۆزىدە راستچىل بولغانلار بۇ ھۆكۈمنىڭ سىرتىدىدۇر.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ تىجارەتچىلەرنى ئىلىم ـ سېتىمدا ئالدامچىلىق قىلىشتىن توسقان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رسول اللَّه ﷺ مر على صبرة طعام فأدخل يده فيها فنالت أصابعه بللا، فقال: ‹ما هذا يا صاحب الطعام؟›، قال: ‹أصابته السماء يا رسول اللَّه›. قال: ‹أفلا جعلته فوق الطعام كي يراه الناس! من غش فليس مني›» «پەيغەمبەر ﷺ بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قولىنى ئارىسىغا تىقىپ باققانىدى، قولى نەملىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاشلىق ئىگىسىگە: ‹بۇ نېمە ئىش؟› دېگەنىدى، ئۇ كىشى: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! يامغۇردا قالغانىدى› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ھۆل ئاشلىقنى ئادەملەرنىڭ كۆرۈپ ئېلىشى ئۈچۈن ئۈستىگە چىقىرىپ قويساڭ بولمامدۇ؟ كىمكى ئالدامچىلىق قىلسا، بىزدىن ئەمەس› دېدى».[3]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «يەنى، ئۇ مېنىڭ يولۇمدا ماڭغان، مېنىڭ ئىلمىم، ئەمەلىم ۋە توغرا يولۇمغا ئەگەشكەن كىشىلەر قاتارىدىن

[1] «تحفة الأحوذي» 4 ـ توم 336 ـ بەت.
[2] «تحفة الأحوذي» 4 ـ توم 336 ـ بەت.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ».

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە «من غش فليس مني» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى تەپسىرلىمەيتتى ۋە: «بۇنداق سۆزلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن ئۇنى تەپسىر قىلىشتىن توختاش كېرەك» دەيتتى.①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تصروا الإبل والغنم فمن ابتاعها بعد فإنه بخير النظرين بعد أن يحلبها إن شاء أمسك وإن شاء ردها وصاع تمر» «تۆگە ۋە قويلارنىڭ يېلىنلىرىنى چىڭقاپ ساتماڭلار، كىمكى شۇنداق مالنى (ئۇقماي) سېتىۋالسا، سۈتىنى ساغقاندىن كېيىن مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ ياخشىسىنى قىلىدۇ: ئەگەر مالغا رازى بولسا، سېتىۋالغىنى سېتىۋالغان بولىدۇ. ئەگەر نارازى بولسا، بىر سا خورما بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ».②

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «تۆگە، قوي، ئات، ئېشەككە ئوخشاش ماللارنىڭ يېلىنلىرىنى شۇنىڭدەك، دېدەكنىڭ سۈتىنى چىڭقاپ سېتىش ھارامدۇر. چۈنكى، ئۇ ــ مالغا ھىيلە ئىشلەتكەنلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلىپ ساتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش ھارام بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سودىسى سودا بولۇۋېرىدۇ، ئەمما سېتىۋالغۇچىنىڭ ئۇنى ئىلىپ قېلىش ياكى قايتۇرۇۋېتىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ».③

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا مىننەتدارلىقنى بىلدۈرەتتى**

وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: خرج النبي ﷺ في ساعة لا يخرج فيها ولا يلقاه فيها أحد، فأتاه أبو بكر، فقال: ما جاء بك يا أبا بكر؟ فقال: خرجت ألقى رسول الله ﷺ وأنظر في وجهه

① «شرح النووي على صحيح مسلم» 1 ـ توم 109 ـ بەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 10 ـ توم 162 ـ بەت.

والتسليم عليه، فلم يلبث أن جاء عمر، فقال: ما جاء بك يا عمر؟ قال: الجوع يا رسول اللّه، قال: فقال رسول اللّه ﷺ: وأنا قد وجدت بعض ذلك، فانطلقوا إلى منزل أبي الهيثم بن التيهان الأنصاري وكان رجلا كثير النخل والشاء ولم يكن له خدم فلم يجدوه، فقالوا لامرأته: أين صاحبك؟ فقالت: انطلق يستعذب لنا الماء، فلم يلبثوا أن جاء أبو الهيثم بقربة يزعبها فوضعها ثم جاء يلتزم النبي ﷺ ويفديه بأبيه وأمه، ثم انطلق بهم إلى حديقته فبسط لهم بساطا، ثم انطلق إلى نخلة فجاء بقنو فوضعه، فقال النبي ﷺ: أفلا تنقيت لنا من رطبه؟ فقال: يا رسول اللّه إني أردت أن تختاروا، أو قال: تخيروا من رطبه وبسره، فأكلوا وشربوا من ذلك الماء، فقال رسول اللّه ﷺ: هذا والذي نفسي بيده من النعيم الذي تسألون عنه يوم القيامة، ظل بارد، ورطب طيب، وماء بارد، فانطلق أبو الهيثم ليصنع لهم طعاما، فقال النبي ﷺ: لا تذبحن ذات در، قال: فذبح لهم عناقا أو جديا فأتاهم بها فأكلوا، فقال النبي ﷺ: هل لك خادم؟ قال: لا، قال: فإذا أتانا سبي فأتنا فأتي النبي ﷺ برأسين ليس معهما ثالث فأتاه أبو الهيثم، فقال النبي ﷺ: اختر منهما، فقال: يا نبي اللّه اختر لي، فقال النبي ﷺ: إن المستشار مؤتمن، خذ هذا فإني رأيته يصلي واستوص به معروفا، فانطلق أبو الهيثم إلى امرأته فأخبرها بقول رسول اللّه ﷺ، فقالت امرأته: ما أنت ببالغ ما قال فيه النبي ﷺ إلا أن تعتقه، قال: فهو عتيق، فقال النبي ﷺ: إن اللّه لم يبعث نبيا ولا خليفة إلا وله بطانتان بطانة تأمره بالمعروف وتنهاه عن المنكر، وبطانة لا تألوه خبالا، ومن يوق بطانة السوء فقد وقي.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ سىرتقا ھېچقانداق ئادەم چىقمايدىغان ۋە ئۇچراپمۇ قالمايدىغان بىر ۋاقىتتا ئۆيدىن چىققان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ سىرتقا چىقىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەبۇ بەكرى! نېمە سەۋەبتىن سىرتقا چىقتىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— سەن بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ساڭا سالام قىلىش ئۈچۈن چىقتىم، — دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئۆمەر! سەن نېمىشقا چىقتىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئاچلىق سەۋەبىدىن، ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ مەنمۇ شۇ سەۋەبتىن چىقتىم، ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تەيھان ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ خورمىلىرى ۋە قويلىرى كۆپ، ئەمما خىزمەتكارى يوق كىشى ئىدى. ئۇلار ئۇ ئەنسارىنىڭ ئۆيىدە يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ ئايالىغا:

ــ يولدىشىڭىز قەيەرگە كەتتى؟ ــ دەپ سورىغانىدى. ئۇ ئايال:

ــ بىزگە تاتلىق سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى، ــ دېدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئەبۇ ھەيسەم سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇمنى كۆتۈرگەن ھالەتتە يېتىپ كەلدى ۋە تۇلۇمنى يەردە قويۇپلا پەيغەمبەر ﷺ نى قۇچاقلاپ:

ــ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ــ دېدى. كېيىن ئۇلارنى بېغىغا باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى ۋە نەچچە ساپاق خورما ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قويدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بىزگە ھۆل خورمىلاردىنلا ئەكەلسەڭ بولماسمىدى، ــ دېگەنىدى. ئۇ ئەنسارى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سىلەرنى خورمىنىڭ ھۆل ۋە توڭلىرىدىن تاللاپ يېسۇن دېدىم، ــ دېدى. ئۇلار خورمىلاردىن يەپ، ئۇسسۇلۇق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر قىيامەت كۈنى بۇ سالقىن سايە، تاتلىق ھۆل خورما ۋە سوغۇق سۇ قاتارلىق نېئمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر، ــ دېدى. ئەبۇ ھەيسەم ئۇلارغا تاماق تەييارلاش ئۈچۈن ماڭغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ سۈت چىقىۋاتقان مالنى سويۇۋەتمىگىن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى پاقلان ياكى ئوغلاقتىن بىرنى سويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

ئۇلار ئۇنىڭدىن يېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

خىزمەتكارىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇ:

— يوق، — دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

بىزگە ئەسىرلەر كەلتۈرۈلگەندە يېنىمىزغا كەلگىن، — دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئىككى ئەسىر ئېلىپ كېلىندى. ئەبۇ ھەيسەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

— ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىۋالغىن، — دېدى. ئۇ:

— ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن تاللاپ بەرگىن، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

مەسلىھەت سورالغۇچى ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كىشىدۇر. بۇنى ئالغىن! مەن ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ۋەسىيەت قىلغىن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھەيسەم ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دېگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزگەنىدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر ﷺ ئۇ خىزمەتكار ھەققىدە ھەقىقەتەن سەن يەتكۈزگەن سۆزلەرنى قىلغان بولسا، ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكىن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھەيسەم:

— ئۇنداقتا، ئۇ ئازاد، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ:

— الله بىرەر پەيغەمبەرنى ئەۋەتسە ياكى بىرەر كىشىنى خەلىپە قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى سىرداش دوستنى ھەمراھ قىلىدۇ: بىرى ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدۇ؛ يەنە بىرى ئۇ كىشىنى يامانلىققا قىزىقتۇرىدۇ. كىمكى يامان ھەمراھىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنالىسا، ئۇ پۈتۈن يامانلىقلاردىن ساقلانغان بولىدۇ، — دېدى.[1]

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ بايلارنىڭ ماللىرىغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغان**

پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ مال-مۈلكىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ رأى على عبد الرحمن بن عوف أثر صفرة قال: ‹ما هذا؟›، قال: ‹إني تزوجت امرأة على وزن نواة من ذهب، قال: بارك الله لك، أولم ولو بشاة›» «پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنى ئۈستى-بېشىغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى سۈرگەن ھالەتتە كۆرۈپ: ‹بۇ نېمە ئىش؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇ: ‹بىر ئۆكچىدەك ئېغىرلىقتىكى ئالتۇن مەھرى بېرىپ، بىر ئايالغا ئۆيلەندىم› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹الله مېلىڭغا بەرىكەت بەرسۇن! ئۇنداقتا، بىر قوي بولسىمۇ سويۇپ زىياپەت بەرگىن› دېدى».[1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن، باي كىشىنىڭ ئاز دېگەندە بىر قوي بىلەن بولسىمۇ توي زىياپىتى بېرىشىنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

قازى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) ‹توي زىياپىتى بېرىش ئۈچۈن مۇقىم بىر تۈردىكى تاماق شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى ھەرقانداق تۈردىكى تاماق بىلەن زىياپەت بەرسە توي زىياپىتى دۇرۇس بولىدۇ› دېگەنلىككە ئىجمائ نەقىل قىلغان.

ئىمام مۇسلىم يۇقىرىقى ھەدىستىن كېيىن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ توي زىياپىتىنىڭ گۆشسىز تاماق بىلەن بېرىلگەنلىكىنى ۋە ‹بىز زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ توي زىياپىتىدە نان بىلەن گۆشكە تويغان ئىدۇق› دېگەن ھەدىسنى بايان قىلغان. بۇلار توي زىياپىتى ئادا بولىدىغان تاماقلار قاتارىدىن بولۇپ، ئەمما توي زىياپىتى ئەرنىڭ ئىقتىساد ئەھۋالىغا قارىتا بولۇشى مۇستەھەبتۇر».[2]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 9-توم 217-بەت.

ئۇرۋە بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «عرض للنبي ﷺ جلب فأعطاني دينارا وقال: ‹ائت الجلب فاشتر لنا شاة› فأتيت الجلب فساومت صاحبه فاشتريت منه شاتين بدينار فجئت أسوقهما، فلقيني رجل فساومني فبعته شاة بدينار فجئت بالدينار وجئت بالشاة فقلت يا رسول اللَّه هذا ديناركم وهذه شاتكم وحدثته الحديث. فقال اللَّهم بارك له في صفقة يمينه، فلقد رأيتني أقف بكناسة الكوفة فاربح أربعين ألفا قبل ان أصل إلى أهلي» «پەيغەمبەر ﷺ گە تۇرلۇك مال ـ چارۋىلارنىڭ (مەدىنىگە سېتىش ئۈچۈن) ئېلىپ كېلىنگەنلىك خەۋىرى يەتكەندى. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا بىر دىنار بېرىپ: ‹سەن مال ـ چارۋىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىزگە بىر قوي سېتىۋالغىن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ يەرگە بېرىپ مال ئىگىسى بىلەن سودىلىشىپ ئاخىرى بىر دىنارغا ئىككى قوي سېتىۋالدىم. كېيىن ئۇ ئىككى قوينى ھەيدەپ كېتىۋاتسام، بىر ئادەم ئۇچراپ قېلىپ قوينى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا بىر قوينى بىر دىنارغا ساتتىم. ئاندىن بىر دىنار بىلەن بىر قوينى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ بىر دىنار، بۇ بىر قوي› دەپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى الله ! ئۇنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بەرگىن› دەپ ماڭا دۇئا قىلدى.

ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ‹مەن كېيىن كۇفەدىكى كۇناسە دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۆيگە قايتىشتىن ئىلگىرى شۇ يەردىلا 40 مىڭ پايدىسىغا سودا قىلدىم›» .①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا كەڭ قورساق بولغانلارغا دۇئا قىلغان.**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «رحم اللَّه رجلا سمحا إذا باع، وإذا اشترى، وإذا اقتضى»

① بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

«بىرنەرسە ساتقان، سېتىۋالغاندا ۋە قەرز سۈيلىگەندە كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە الله تائالا رەھمەت قىلسۇن!».①

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە كەڭ قورساق ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇشقا، جېدەل ـ ماجىرا قىلماسلىققا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.

كىشىلەردىن قەرز سۈيلىگەندە چىڭ تۇرۇۋالماسلىققا ۋە ئۇلاردىن قەرزنى كەچۈرۈم قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.②

❖ **پەيغەمبەر ﷺ الله تائالانىڭ كەڭ قورساق كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللَّه يحب سمح البيع، سمح الشراء، سمح القضاء» «الله تائالا نەرسە ساتقاندا، سېتىۋالغاندا ۋە قەرز سۈيلىگەندە كەڭ قورساق بولغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ».③

پەيغەمبەر ﷺ كەڭ قورساقلىقنىڭ جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان سۈپەتلەردىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أدخل اللَّه الجنة رجلا كان سهلا بائعا ومشتريا ومقتضيا» «ساتقاندا، سېتىۋالغاندا ۋە قەرز سۈيلىگەندە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىنى الله جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».④

❖ **پەيغەمبەر ﷺ سەدىقە ۋە زاكات بەرگەن بايلارغا دۇئا قىلغان.**

① بۇخارى توپلىغان.
② «فتح الباري» 4 ـ توم 307 ـ بەت.
③ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
④ ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ إذا أتاه قوم بصدقتهم قال: ‹اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى آلِ فُلانٍ›، فأتاه أبي بصدقته فقال: ‹اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى آلِ أَبِي أَوْفَى›» «بىرەر قەۋم پەيغەمبەر ﷺ گە زاكاتلىرىنى ئېلىپ كەلسە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: ‹ئى الله ! پالانچىنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن› دەپ دۇئا قىلاتتى. دادام زاكىتىنى ئېلىپ كەلگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى الله ! ئەبۇ ئەۋفا ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن› دەپ دۇئا قىلدى».[1]

شۇنداق دۇئا قىلىش الله تائالانىڭ: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ والله سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[2] دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلغانلىقتۇر.[3]

يۇقىرىقى ھەدىس زاكات ئالغۇچىنىڭ زاكات بەرگۈچىگە دۇئا قىلىشىنىڭ مۇستەھەبلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.[4]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلاردىن تەكەببۇرلۇق قىلغانلارغا غەزەپ قىلاتتى

عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنه قال: أتى النبي ﷺ أعرابي، عليه جبة من طيالسة، مكفوفة بديباج، أو مزرورة بديباج، فقال: إن صاحبكم هذا [يقصد النبي ﷺ] يريد أن يرفع كل راع ابن راع، ويضع كل فارس ابن فارس فقام النبي ﷺ مغضبا، فأخذ بمجامع جبته، فاجتذبه، وقال: لا أرى عليك ثياب من لا يعقل، ثم رجع رسول الله ﷺ، فجلس، فقال: إن نوحا عليه السلام لما حضرته

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە تەۋبە 103- ئايەت.

[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 185- بەت.

[4] «فتح الباري» 3- توم 362- بەت.

الوفاة، دعا ابنيه، فقال: إني قاصر عليكما الوصية، آمركما باثنتين، وأنهاكما عن اثنتين، أنهاكما عن الشرك والكبر، وآمركما بلا إله إلا اللّٰه، فإن السماوات والأرض وما فيهما لو وضعت في كفة الميزان، ووضعت لا إله إلا اللّٰه في الكفة الأخرى، كانت أرجح، ولو أن السماوات والأرض كانتا حلقة، فوضعت لا إله إلا اللّٰه عليهما، لفصمتها، أو لقصمتها، وآمركما بسبحان اللّٰه وبحمده، فإنها صلاة كل شيء، وبها يرزق كل شيء.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا يىپەك بىلەن كەشتىلەنگەن ياكى تەبىئىي يىپەكتىن جۇۋا كىيىۋالغان بىر سەھرالىق كىشى كېلىپ:

— سىلەرنىڭ بۇ ھەمراھىڭلار (پەيغەمبەر ﷺ نى دېمەكچى) پۈتۈن پادىچىلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چەۋەندازلارنىڭ ئورنىنى چۈشۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ غەزەپلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ سەھرالىقنىڭ جۇۋىسىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تارتتى ۋە:

— سېنى ئۇچاڭدىكى كىيىمگە قاراپ ئەقلىڭ باردەك كۆرمىدىم — دېدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ جايىدا ئولتۇرۇپ:

— نۇھ ئەلەيھىسسالام سەكراتتىكى ۋاقتىدا ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ: «مەن سىلەرگە قىسقىغىنە بىر ۋەسىيەت قىلاي، سىلەرنى ئىككى ئىشقا بۇيرۇپ ئىككى ئىشتىن توسىمەن: سىلەرنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە كىبىرلىكتىن توسىمەن؛ سىلەرنى ‹لا إله إلا اللّٰه› ‹بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر› دېگەن زىكىرگە (يەنى ئۇنى كۆپ ئوقۇشقا) بۇيرۇيمەن. شەك-شۈبھىسىزكى، ئەگەر ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى بارچە نەرسىلەر تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ۋە ‹لا إله إلا اللّٰه› يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلسا، ئەلۋەتتە، ‹لا إله إلا اللّٰه› بېسىپ چۈشكەن بولاتتى. ئەگەر ئاسمان-زېمىنلار بىر ھالقا بولۇپ ‹لا إله إلا اللّٰه› ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىغان بولاتتى. سىلەرنى ‹سبحان اللّٰه وبحمده› ‹الله نى پاك دەپ ئېتقاد

قىلىمەن ۋە مەدھىيىلەيمەن» دېگەن زىكرنى كۆپ ئوقۇشقا بۇيرۇيمەن، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەسبىھىدۇر. شۇ سەۋەبلىك ھەرقانداق نەرسىگە رىزىق بېرىلىدۇ» دېگەن، — دېدى.[1]

كەئب ئىبنى سەۋرنىڭ ئازادگەردىسى سەئىد ئىبنى ئەيمەن مۇنداق دېگەن: «بينما رسول اللّٰه ﷺ يحدث أصحابه، إذ جاء رجل من الفقراء، فجلس إلى جنب رجل من الأغنياء، فكأنه قبض من ثيابه عنه. فتغير رسول اللّٰه ﷺ فقال: أخشيت يا فلان أن يعدو غناك عليه و أن يعدو فقره عليك؟ قال: يا رسول اللّٰه وشر الغنى؟ قال: «نعم إن غناك يدعوك إلى النار وإن فقره يدعوه إلى الجنة» قال: فما ينجيني منه قال «تواسيه» قال: إذا أفعل. فقال الآخر: لا أرب لي فيه قال «فاستغفر وادع لأخيك» «پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىغا سۆز قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، سىرتتىن بىر پېقىر كىشى كېلىپلا بىر باي كىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى باي ئۇ پېقىر كىشىنى ياقتۇرمىغاندەك كەيپىياتتا كىيىمىنى يىغىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە:

— ئى پالانى! بايلىقىڭنىڭ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ پېقىرلىقىنىڭ ساڭا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ — دېگەنىدى. ھېلىقى باي كىشى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! باي بولۇش يامان ئىشمۇ؟ — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— شۇنداق، سېنىڭ بايلىقىڭ سېنى دوزاخقا، ئۇنىڭ پېقىرلىقى ئۇنى جەننەتكە چاقىرىدۇ، — دېدى. ھېلىقى باي كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداقتا، مېنى دوزاختىن نېمە قۇتقۇزالايدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنىڭغا خەير-ئېھسان قىلىشىڭ، — دېدى. ھېلىقى باي كىشى:

— ئەمىسە شۇنداق قىلاي، — دېۋىدى. پېقىر كىشى:

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

— ئۇنىڭ خەير-ئېھسانىغا ئېھتىياجىم يوق، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ پېقىر كىشىگە:

— ئۇنداق بولسا، قىرىندىشىڭغا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويغىن، — دېدى.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن بايلارغا غەزەپلەنگەنىدى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بعث رسول اللّٰه ﷺ عمر على الصدقة، فقيل: منع ابن جميل وخالد بن الوليد والعباس عم النبي ﷺ. فقال رسول اللّٰه ﷺ: ‹ما ينقم ابن جميل إلا أنه كان فقيرا فأغناه اللّٰه وأما خالد فإنكم تظلمون خالدا وقد احتبس أدراعه وأعتاده في سبيل اللّٰه وأما العباس فهي علي ومثلها معها. ثم قال: يا عمر! أما شعرت أن عم الرجل صنو أبيه›» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئىبنى جەمىل، خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ قاتارلىقلار زاكات بەرمىدى› دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئىبنى جەمىل نېمىشقا زاكات بەرمىگۈدەك؟ ئۇ بۇرۇن پېقىر ئىدى، الله كېيىن ئۇنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇردى. خالىد ئىبنى ۋەلىدكە كەلسەك، سىلەر ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىپسىلەر، چۈنكى ئۇ مال-مۈلكىنى الله نىڭ يولىغا ئاتىۋەتكەن. ئەمما، ئاباسقا كەلسەك، ئۇنىڭ مېلىنىڭ زاكىتىنى مەن بىر ھەسسە ئارتۇقى بىلەن بېرىمەن. ئى ئۆمەر! بىر كىشىنىڭ تاغىسى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟› دېدى».[2]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ‹هي علي ومثلها معها› دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ‹مەن تاغام ئاباستىن ئىككى يىللىق زاكاتنى ئالدىن ئېلىپ بولغانىدىم› دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما، زاكاتنى ئالدىن بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ دەپ قارايدىغان ئالىملار بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ‹ئاباسنىڭ

[1] ئەھمەد توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

زاكىتىنى مەن بېرىمەن› دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار: ‹ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېلىنىڭ زاكىتىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكىتىنى مەلۇم ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈپ تۇرغان› دېگەن.

بۇلاردىن ئەڭ توغرىسى شۇكى، ‹مەن ئابباستىن زاكاتنى ئالدىن ئېلىپ بولدۇم› دېگىنىدۇر. ‹سەھىھ مۇسلىم›دا نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: ‹بىز ئابباسنىڭ مېلىنىڭ ئىككى يىللىق زاكىتىنى ئالدىن ئېلىپ بولدۇق› دەپ كەلگەن».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ الله تائالاغا سېغىنىپ بايلىقنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الكَسَلِ وَالهَرَمِ، وَالمَأْثَمِ وَالمَغْرَمِ، وَمِنْ فِتْنَةِ القَبْرِ، وَعَذَابِ القَبْرِ، وَمِنْ فِتْنَةِ النَّارِ وَعَذَابِ النَّارِ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الغِنَى، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الفَقْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ المَسِيحِ الدَّجَّالِ، اللَّهمَّ اغْسِلْ عَنِّي خَطَايَايَ بِمَاءِ الثَّلْجِ وَالبَرَدِ، وَنَقِّ قَلْبِي مِنَ الخَطَايَا كَمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الأَبْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ، وَبَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ المَشْرِقِ وَالمَغْرِبِ» «ئى الله! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، گۇناھتىن، قەرزدارلىقتىن، قەبرىنىڭ پىتنىسى ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن، دوزاخنىڭ پىتنىسى ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن، بايلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە كەمبەغەللىك پىتنىسىدىن، دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! گۇناھلىرىمنى قار ۋە مۆز سۈيى بىلەن يۇغىن، ئاق كىيىمنى كىرلەردىن پاكلىغىنىڭدەك، قەلبىمنى گۇناھلاردىن پاكلىغىن. مەن بىلەن گۇناھلىرىمنىڭ ئارىسىنى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك يىراق قىلغىن».[2]

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 57- بەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بايلىق ۋە پېقىرلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلىگەن، چۈنكى بۇ ئىككى خىل ھالەتتە غەزەپلىنىش ياكى سەۋرسىزلىك كۆپ يۈز بېرىدۇ، شۇنداقلا موھتاجلىق سەۋەبىدىن ھارام ياكى شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلىپ سېلىپ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار.

بايلىقنىڭ پىتنىسىگە كەلسەك، ئۇ سەۋەبلىك يامان يولغا كىرىپ كېتىش، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ماللىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا بېخىللىق قىلىش، ئۇنى ئىسراپ قىلىش ۋە خاتا يوللارغا ئىشلىتىش ياكى ئۇزىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان ئورۇنلارغا ئىشلىتىشتىن ئەندىشە قىلىنىدۇ.

ئەمما، ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەشكە كەلسەك، ئۇ قەلبىنىڭ ياخشى ئەمەللەرگە ئىنتىلمەسلىكى ۋە قىلالايدىغان تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا قىزىقماسلىقىدۇر.

خەتتابى مۇنداق دېگەن: <پەيغەمبەر ﷺ پاناھ تىلىگەن پېقىرلىق مال-مۈلۈكنىڭ ئازلىقى بولماستىن، بەلكى قەلبىنىڭ پېقىرلىقىدۇر>. قازى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: <پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پېقىرلىقتىن پاناھ تىلىشىدىن پېقىرلىقتىكى موھتاجلىقتا سەۋر قىلالماسلىق ۋە ئۇنىڭغا رازى بولماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ>.

ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەرزدارلىقتىن پاناھ تىلىشىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ بۇنى باشقا ھەدىستە چۈشەندۈرۈپ <قەرزدار كىشى سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ> دېگەن. چۈنكى قەرزدار كىشى بەزىدە قەرزنى ئىگىسىگە بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا قايتۇرالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبى قەرز بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇ قەرزلىرىنى قايتۇرماستىن زىممىسىگە ئارتقان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىپ قالىدۇ».[①]

---

[①] «شرح النووي على صحيح مسلم» 17-توم 28- بەت.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ھەقىقىي بايلىقنىڭ قەلبتە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ليس الغنى عن كثرة العرض، ولكن الغنى غنى النفس» «پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولغىنى بايلىق ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ قانائەتچان بولۇشى بايلىقتۇر».[①]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ــــ ھەقىقىي ماختىلىدىغان بايلىق نەپسىنىڭ قانائەتچان بولۇپ، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولماسلىقىدۇر. چۈنكى، تېخىمۇ كۆپ مال ـ مۈلۈككە ئېرىشىشنى ئويلايدىغان كىشى ئۆزىدىكى مال ـ دۇنياغا قانائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن باي ھېسابلانمايدۇ».[②]

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ــــ مال ـ مۈلۈكنىڭ كۆپ بولغانلىقى ھەقىقىي بايلىق ئەمەس، چۈنكى اللە كۆپ مال ـ مۈلۈككە ئىگە قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قولىدىكى مال ـ مۈلۈككە قانائەت قىلمايدۇ. ئۇلار مال ـ مۈلكىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ ۋە مالىلىرىنىڭ قايسى خىل يوللاردىن كېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمايدۇ. دېمەك، بۇنداق كىشىلەر مال ـ دۇنياغا قاتتىق ھېرىسمەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پېقىر كىشىلەردىن پەرقى يوقتۇر.

ھەقىقىي بايلىق قەلبنىڭ بايلىقىدۇر. ئۇ بولسا اللە تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن مال ـ مۈلۈككە قانائەت قىلىپ رازى بولىدىغان، ئۇنى تېخىمۇ كۆپەيتىشكە ئۆزىنى ئۇرمايدىغان، مال تاپلاشتا چەكتىن ئېشىپ كەتمىگەن

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 7 ـ توم 140 ـ بەت.

كىشىدۇر. بۇنداق كىشى ھەقىقىي باي كىشىدۇر».[①]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قال رسول الله ﷺ: ‹يا أبا ذر أترى كثرة المال هو الغنى›، قلت: ‹نعم يا رسول الله›، قال: ‹فترى قلة المال هو الفقر›، قلت: ‹نعم يا رسول الله›. قال: ‹إنما الغنى غنى القلب والفقر فقر القلب›» «پەيغەمبەر ﷺ مەندىن: ‹ئى ئەبۇ زەر! مالنىڭ كۆپلۈكىنى بايلىق دەپ قارامسەن؟› دەپ سورىغانىدى، مەن: ‹ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ!› دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ يەنە: ‹مالنىڭ ئازلىقىنى كەمبەغەللىك دەپ قارامسەن؟› دەپ سورىغانىدى، مەن: ‹ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ!› دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى ئەبۇ زەر! ھەقىقىي بايلىق قەلبنىڭ بايلىقى، ھەقىقىي كەمبەغەللىكمۇ قەلبنىڭ كەمبەغەللىكىدۇر› دېدى».[②]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بايلىقنىڭ تەقۋادارلىق بىلەن بىرلىشىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ بەرگەن**

ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «كنا في مجلس فطلع علينا رسول الله ﷺ وعلى رأسه أثر ماء، فقلنا: يا رسول الله، نراك طيب النفس قال: أجل الحمد لله، ثم خاض القوم في ذكر الغنى، فقال رسول الله ﷺ: «لا بأس بالغنى لمن اتقى الله، والصحة لمن اتقى الله خير من الغنى، وطيب النفس من النعيم» «بىز بىر سورۇندا ئولتۇراتتۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ چاچلىرى ھۆل ھالەتتە قېشىمىزغا كەلدى. بىز: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بۈگۈن بەك خۇشال كۆرۈنىسەنغۇ!؟› دېسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹شۇنداق، الله قا ھەمدىلەر بولسۇن!› دېدى. ئاندىن كىشىلەر مال-دۇنيا توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹الله قا تەقۋادار بولغان كىشىلەرگە بايلىق ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. الله قا تەقۋادار

① «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 10- توم 156- بەت.

② ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بولغان كىشىلەرگە ساغلاملىق بايلىقتىن ياخشىدۇر. كۆڭۈل خۇشاللىقىمۇ نېئمەتتۇر› دېدى».[1]

دېمەك، تەقۋادارلىق بولمىغان ھالەتتە ئېرىشكەن بايلىق ئىنساننى ھالاكەتكە باشلايدۇ. ئۇنداق كىشى بايلىقنى ناتوغرا يوللاردىن ئىزدەيدۇ، قولىدىكى بايلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايدۇ ۋە بايلىقنى نامۇۋاپىق ئورۇنلارغا ئىشلىتىدۇ. ناۋادا باي كىشى تەقۋادار بولسا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ناچار ئەخلاقلار يۇيۇلۇپ ئورنىغا ياخشى ئەخلاقلار ئورۇنلىشىدۇ.[2]

«والصحة لمن اتقى الله خير من الغنى» ـــ تەن سالامەت بولسا ئىبادەتنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ، ساغلاملىق بىباھا بايلىقتۇر. كېسەللىك ياخشى ئەمەل قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئاجىزلىقتۇر. ئاجىز كىشى ئۆلۈمگە يېقىن بولۇپ، ساغلام ھالەتتە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئاجىز ھالەتتە بايلىققا ئېرىشىشتىن ياخشىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ.

«وطيب النفس من النعيم» ـــ يەنى، قەلبنىڭ خۇشال بولۇشى شۈكۈر قىلىشنى ۋە باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن سەۋر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ نېئمەت جۈملىسىدىندۇر دېگەنلىك بولىدۇ.[3]

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «حاشية السندي على سنن ابن ماجة» 4- توم 370- بەت.

[3] «مرقاة المفاتيح» 15- توم 201- بەت.

## 5- باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىر، باي ياكى كەمبەغەل، ئەمىر ياكى پۇقرا بولسۇن، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىسىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان يۈكسەك گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭ ھايات كارتىنىسىدا پارلاپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر، مەرتىۋىلىك ۋە ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئالاتتى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى مەرتىۋىلىرىدىن چۈشۈرۈۋەتمەيتتى، بەلكى ئۇلارنىڭ قەۋمىدىكى خاس ئورنىنى ساقلاپ قالاتتى ۋە ساھابىلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

ئىمام مۇسلىم ھەدىس نەقىل قىلغانلارنىڭ مەرتىۋىلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە: «كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇيلۇق كىشى مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈلمەيدۇ؛ ئىلىم جەھەتتە مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشى ئۆز ئورنىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ؛ ھەربىر كىشىگە ئۆزىگە تېگىشلىك ھەققى بېرىلىدۇ ۋە ئۇ ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويۇلىدۇ» دېگەن ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «أمرنا رسول اللَّه ﷺ أن ننزل الناس منازلهم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى كىشىلەرگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قەۋمى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ قەۋمىدىكى ئورنى ۋە يۈز-ئابرۇيىنى ساقلاپ قالاتتى**

---

[1] «مقدمة صحيح مسلم» 1- توم 2- بەت. مۇسلىم بايان قىلغان بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇدمۇ نەقىل قىلغان بولۇپ، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ سۇفيان قۇرەيش چوڭلىرىدىن بولۇپ، قۇرەيش ئاقساقاللىرى ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن قۇرەيشلەرنىڭ داھىيسىغا ئايلانغان. ئۇ ئۇھۇد جېڭىدە قۇرەيش قوشۇنلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئەبۇ سۇفيان مەككە فەتھىسىدە مۇسۇلمان بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ شانۇشەۋكىتىنى ساقلاپ قالغانىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: مەككە فەتھ بولغان يىلى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفياننى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمان بولدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سۇفيان پەخىرلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭغا پەخىرلەنگۈدەك بىرەر ئىلتىپات كۆرسەتكىن!» دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «نعم من دخل دار أبي سفيان فهو آمن ومن أغلق عليه بابه فهو آمن» «كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكىنى تاقىۋالغانلارمۇ ئامان بولىدۇ» دېدى.[①]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە فەتھىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ سەفا تېغىغا چىقتى، ئەنسارىلارمۇ كېلىپ سەفا تېغىنى تاۋاپ قىلغىلى تۇردى. ئەبۇ سۇفيان كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرەيش قىرىپ تاشلاندى، بۈگۈندىن تارتىپ قۇرەيش دېگەن نەرسە بولمايدۇ» دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «من دخل دار أبي سفيان فهو آمن ومن ألقى السلاح فهو آمن ومن أغلق بابه فهو آمن» «كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ. قورال- ياراغلىرىنى تاشلىغان كىشىمۇ ئامان قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكىنى تاقىۋالغانلارمۇ ئامان بولىدۇ» دېدى.[②]

[①] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[②] مۇسلىم توپلىغان.

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قەلبى ئىسلامغا قىزىقتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى ئۆز ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن».[1]

خەزرەج قەبىلىسىنىڭ رەھبىرى سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى قۇرەيزەلىكلەرگە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەرنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈشكە بۇيرۇغان.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. پەيغەمبەر ﷺ سەئىدنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ئېشەككە مىنگەن ھالەتتە يېتىپ كەلدى. مەسجىدكە يېقىن كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلارغا: «قوموا إلى سيدكم أو خيركم» «قېنى، خوجاڭلار ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئېشەكتىن يۆلەپ چۈشۈردى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئولتۇردى.[2]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەشنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ».[3]

مانا بۇ شەكىلدىكى ئورۇندىن تۇرۇش چەكلەنگەن ئورۇندىن تۇرۇش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

ئورۇندىن تۇرۇش تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ:

1. پەزىلەتلىك بىر كىشى كەلسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇش. مەسىلەن: ئالىم، دىندار، مېلىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان باي... لارغا ئوخشاش پەزىلەتلىك كىشىلەر كەلسە، ئۇنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئورۇندىن تۇرۇش

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 12 ـ توم 127 ـ بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «فتح الباري» 11 ـ توم 49 ـ بەت.

سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ. «قوموا إلى سيدكم» «قېنى، خوجاڭلار ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» دېگەن ھەدىس مۇشۇ خىل ھۆرمەتلەشنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ياخشى ئەمەل ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

2. بىر كىشىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇش. مانا بۇ چەكلەنگەن تۇرۇش شەكلى بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ بۇنداق تۇرۇشتىن توسقان. پەيغەمبەر ﷺ ئولتۇرۇپ ساھابىلەر ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە: «إن كدتم آنفا لتفعلون فعل فارس والروم يقومون على ملوكهم وهم قعود فلا تفعلوا» «سىلەر بايا پارس ۋە رۇملۇقلارنى دورىغىلى تاس قالدىڭلار. ئۇلار پادىشاھلىرى ئولتۇرسا پادىشاھلىرىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇشىدۇ، شۇڭا سىلەر بۇنداق قىلماڭلار» دېگەن.[1]

3. بىر كىشى ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇش. بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر كىشى يېنىمىزغا كىرسە بىز ئۇنىڭغا ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرىمىز. بۇنداق قىلىش دۇرۇس، ئەمما ئورۇندىن تۇرماسلىق ياخشىدۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنىڭ ئۆزىگە ئورنىدىن تۇرۇشىنى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرنىڭ يېنىغا كىرسە ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرمايتتى. گەرچە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ شەرەپلىك ئىنسان بولسىمۇ، بىرەر سورۇنغا كىرسە قەيەردە بوش ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا قىزىقىپ، ئۇلارنى دەۋەت**

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ «لقاء الباب المفتوح» ناملىق لېكسىيەسىدىن خۇلاسىلەپ ئېلىندى.

قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

پەيغەمبەر ﷺ ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان بولۇپ، ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ رەھبىرى ۋە چوڭلىرىدىن ھېسابلىناتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلغان.

پەيغەمبەر ﷺ ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن، پەيغەمبەر ﷺ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا قارىماي ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەگە ئالدىنى قىلىپ تۇرغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «أنزل ﴿عَبَسَ وَتَوَلَّىٰ﴾ في بن أم مكتوم الأعمى أتى رسول اللّٰه ﷺ فجعل يقول يا رسول اللّٰه أرشدني وعند رسول اللّٰه ﷺ رجل من عظماء المشركين فجعل رسول اللّٰه ﷺ يعرض عنه ويقبل على الآخر ويقول أترى بما أقول بأسا فيقول لا ففي هذا أنزل» «‹يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى›[1] دېگەن ئايەت ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە نازىل بولغان، ئۇ ئەما ئىدى. ئۇ بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا يول كۆرسەتكىن› دېگىلى تۇردى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بار بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، مۇشرىكقا قاراپ: ‹مېنىڭ سۆزلىرىمدىن بىرەر نۇقسان تاپتىڭمۇ؟› دېسە، ئۇ مۇشرىك: ‹ياق› دەيتتى. اللّٰه تائالا بۇ ئايەتنى مۇشۇ ۋەقە ھەققىدە نازىل قىلدى».[2]

تۆۋەندىكىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رەھبەر بولغانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

پەيغەمبەر ﷺ: «اللّهم أعز الإسلام بأحب هذين الرجلين إليك بأبي جهل أو بعمر بن

[1] سۈرە ئەبەسە 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

الخطاب» قال: فكان أحبهما إلى اللّه عمر بن الخطاب» «ئى اللّه ! ئىسلامنى مۇشۇ ئىككى كىشى، يەنى ئەبۇ جەھىل ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ساڭا ئەڭ يېقىن بولغىنى بىلەن كۈچلەندۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «(ئۇ ئىككىسىدىن) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللّه تائالاغا ئەڭ يېقىنى بولۇپ چىقتى» دېگەن.[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «اللّهم أعز الإسلام بعمر بن الخطاب خاصة» «ئى اللّه ئىسلامنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن كۈچلەندۈرگىن» دەپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خاس دۇئا قىلغان.[2]

بۇ ئىككى ھەدىس بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. ئەلبانى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ دەسلەپتە ئىككىلىسىگە دۇئا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ﷺ كېيىن ئەبۇ جەھىلنىڭ بويۇنتاۋلىقىنى ۋە ئىزچىل دۈشمەنلىكتىن يانمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈنلا دۇئا قىلغان. اللّه تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق ئۆز دىنىنى كۈچلەندۈرگەن. بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەممىگە مەلۇم بولغان ۋەقەلىكتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى «ما زلنا أعزة منذ أسلم عمر بن الخطاب رضي اللّه عنه» «بىز (مۇسۇلمانلار) ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كۈچلىنىپ كەتتۇق»[3] دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۇچۇق ئىپادىلىگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ گە قۇرەيشلەردىن كېلىدىغان ئەزىيەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. شۇڭلاشقا

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ تائىف خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئورۇن بېرىشى، قۇرەيشلەرگە قارشى ياردەم بېرىشى ۋە رەبىنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇرەيشلەردىن قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىپ تائىفقا چىققانىدى. ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ تائىف خەلقىنى الله تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىپ، نە ئۆزىگە جاي، نە ياردەم بەرگۈدەك بىرەر كىشىنىمۇ تاپالمىدى، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ گە قەۋمىدىن كەلمىگەن ئەزىيەتلەرنى بېرىپ، ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 10 كۈن تۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئابرۇيلۇق بىرەرنى ئۇچراتسىلا ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى.[①]

چۈنكى ئابرۇيلۇق ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭمۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەبچى بولاتتى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن تۇفەيل ئىبنى ئەمرنى دەۋەت قىلغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

عن محمد بن إسحاق، قال: كان الطفيل بن عمرو الدوسي يحدث أنه قدم مكة ورسول اللَّه ﷺ بها فمشى إليه رجال من قريش وكان الطفيل رجلاً شريفاً شاعراً لبيباً فقالوا له يا طفيل إنك قدمت بلادنا وهذا الرجل الذي بين أظهرنا قد أعضل بنا وقد فرق جماعتنا وشتت أمرنا وإنما قوله كالسحر يفرق بين المرء وبين أبيه وبين الرجل وبين أخيه وبين الرجل وبين زوجته وإنا نخشى عليك وعلى قومك ما قد دخل علينا فلا تكلمنه ولا تسمعن منه شيئا قال فواللَّه ما زالوا بي حتى أجمعت أن لا أسمع منه شيئاً ولا أكلمه حتى حشوت في أذني حين غدوت إلى المسجد كرسفاً فرقاً من أن يبلغني شيء من قوله وأنا لا أريد أن أسمعه قال فغدوت إلى المسجد فإذا رسول اللَّه ﷺ قائم يصلي عند الكعبة فقمت منه قريباً فأبى اللَّه إلا أن يسمعني بعض قوله فسمعت كلاماً حسناً فقلت في نفسي واثكل أمي واللَّه إني لرجل لبيب شاعر ما يخفي عليّ الحسن من القبيح فما يمنعني أن أسمع من هذا

[①] «زاد المعاد» 3- توم 28- بەت.

الرجل ما يقول فإن كان الذي يأتي به حسناً قبلت وإن كان قبيحاً تركت فمكثت حتى انصرف رسول اللّه ﷺ إلى بيته فتبعته حتى إذا دخل بيته دخلت عليه فقلت يا محمد إن قومك قالوا لي كذا وكذا فواللّه ما برحوا يخوفونني أمرك حتى سددت أذني بكرسف لئلا أسمع قولك ثم أبى اللّه عز وجل إلا أن يسمعني قولك فسمعته قولاً حسناً فاعرض عليّ أمرك فعرض عليّ رسول اللّه ﷺ الإسلام وتلا عليّ القرآن فلا واللّه ما سمعت قولاً قط أحسن منه ولا أمراً أعدل منه فأسلمت وشهدت شهادة الحق وقلت يا نبي اللّه إني امرؤ مطاع في قومي وأنا راجع إليهم وداعيهم إلى الإسلام فادع اللّه أن يجعل لي آية تكون لي عوناً عليهم فيما أدعوهم إليه فقال اللّهم أجعل له آيةً, فخرجت إلى قومي حتى إذا كنت بثنية تطلعني على الحاضر وقع نور بين عيني مثل المصباح فقلت اللّهم في غير وجهي إني أخشى أن يظنوا أنها مثلة وقعت في وجهي لفراق دينهم فتحول فوقع في رأس سوطي فجعل الحاضر يتراءون ذلك النور في سوطي كالقنديل المعلق وأنا أهبط إليهم من الثنية حتى جئتهم فأصبحت فيهم فلما نزلت أتاني أبي وكان شيخا كبيرا فقلت إليك عني يا أبتي فلست منك ولست مني قال ولم يا بني قلت أسلمت وتابعت دين محمد ﷺ قال أي بني فديني دينك فقلت فاذهب فاغتسل وطهر ثيابك ثم تعال حتى أعلمك ما علمت فذهب فاغتسل وطهر ثيابه ثم جاء فعرضت عليه الإسلام فأسلم ثم أتتني صاحبتي فقلت إليك عني فلست منك ولست مني قالت لم بأبي أنت وأمي قلت قد فرق بيني وبينك الإسلام وتابعت دين محمد ﷺ قالت فديني دينك قلت فاذهبي فتطهري فاغتسلت ثم جاءت فعرضت عليها الإسلام فأسلمت ثم دعوت دوسا إلى الإسلام فأبطأوا علي ثم جئت رسول اللّه ﷺ بمكة فقلت له يا نبي اللّه أنه قد غلبني على دوس الزنى فادع اللّه عليهم فقال اللهم اهد دوسا ارجع إلى قومك فادعهم وارفق بهم قال فلم أزل بأرض دوس أدعوهم إلى الإسلام حتى هاجر رسول اللّه ﷺ إلى المدينة ومضى بدر وأحد والخندق ثم قدمت على رسول اللّه ﷺ بمن أسلم معي من قومي ورسول اللّه ﷺ بخيبر حتى نزلت المدينة بسبعين أو ثمانين بيتا من دوس ثم لحقنا برسول اللّه ﷺ بخيبر فأسهم لنا مع المسلمين. حتى إذا فتح اللّه عليه مكة قلت يا رسول اللّه ابعثني إلى ذي الكفين صنم عمرو بن حممة حتى أحرقه, فخرج اليه, فجعل طفيل يوقد عليه النار ويقول:

يا ذا الكفين لست من عبادكا *

ميلادنا أقدم من ميلادكا*

اني حشوت النار في فؤادكا*

ثم رجع الى رسول اللّٰه ﷺ , فكان معه بالمدينة, حتى قبض اللّٰه رسوله ﷺ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: تۇفەيل ئىبنى ئەمرى دەۋسى پەيغەمبەر ﷺ مەككىدىكى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مەككىگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. تۇفەيل ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تالانتلىق شائىر بولۇپ، ئۇ مەككىگە كەلگەندە بىر توپ قۇرەيشلەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــــ ئى تۇفەيل! سەن بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭ. ئارىمىزدىن چىققان بۇ ئادەم بىزگە نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى. ئۇ بىرلىكىمىزنى پارچىلاپ، ئىشلىرىمىزنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى سېھىرنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاتا ـ بالا، قېرىنداشلار، ۋە ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ. بىز سېنىڭ ۋە قەۋمىڭنىڭ بىزگە ئوخشاش كۆڭۈلگە قېلىشىشلاردىن ئەنسىرەيمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا گەپ قىلما ۋە سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق سالما! ــــ دېدى.

تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا سۆزلەۋېرىپ، ئاخىرى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىق ۋە ئۆزۈممۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم، ھەتتا ئۇنىڭ گېپىنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن مەسجىدكە بارغاندا قۇلىقىمنى ئېتىپ باردىم.

ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتىگەندىلا مەسجىدكە بارسام، پەيغەمبەر ﷺ كەئبىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا يېقىن يەرگە بېرىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى الله ماڭا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى سۆزلىرىنى ئاڭلاتتى. قۇلىقىمغا ئاجايىپ تەسىرلىك سۆزلەر ئاڭلاندى، كۆڭلۈمدە: «ۋاي سېنى! ئانىسىدىن قارغىش ئالغان. الله بىلەن قەسەمكى، مەن بىر ئەقىل ئىگىسى، شېئىرىيەتتىن خەۋىرىم بار ئادەم تۇرسام، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئېتەلمەسمەنمۇ؟ نېمىشقا بۇ كىشىنىڭ

سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقمايمەن؟ ياخشى گەپ قىلسا قوبۇل قىلارمەن، يامان گەپ قىلسا ئۆز پېتى قالار» دېدىم. ئاندىن ساقلاپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىگە قايتقاندا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىگە كىرگەندە مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭ ماڭا مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى دېدى. الله بىلەن قەسەمكى، كىشىلەر مېنى سەندىن بەك قورقىتىۋېرىپ، سۆزۈڭنى ئاڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىمغا پاختا تىقىۋالغانىدىم، شۇنداقتىمۇ الله ماڭا سۆزلىرىڭنى ئاڭلاتتى. ماڭا سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ بەك تەسىر قىلدى، شۇڭا سەن تەشەببۇس قىلىۋاتقان ھېلىقى ئىشلىرىڭنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ باققىن، ــ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ماڭا ئىسلامنى ئۆگەتتى ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەردى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ ھۆزۈرلۇق ۋە توغرا بىرەر سۆزنى ئاڭلاپ باققان ئەمەس ئىدىم. شۇڭا مەن دەرھاللا شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم ۋە:

ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن قەۋمىم ئىچىدە ئىناۋەتلىك ئادەممەن، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاي دەيمەن. شۇڭا الله قا دۇئا قىلغان بولساڭ، الله ماڭا بىر مۆجىزە ئاتا قىلغان بولسا، مەن بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلسام، ــ دېگەنىدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئى الله ئۇنىڭغا بىرەر مۆجىزە ئاتا قىلغىن، ــ دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قەۋمىم تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ سەنىيە (تاغ ئارىسىدىكى يول) غا كەلگەندە سۇ ئېلىشقا كەلگەن كىشىلەر مېنى كۆردى، شۇ چاغدا ئىككى كۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىراغقا ئوخشاش نۇر پەيدا بولدى. مەن:

ــ ئى الله ! بۇ نۇرنى يۈزۈمدىن باشقا جايدا قىلساڭ. ئۇلارنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ نۇرنى يۈزۈمگە چۈشكەن ئازاب دەپ گۇمان قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ــ دېدىم. شۇئان ھېلىقى نۇر قولۇمدىكى

قامچىغا يۆتكەلدى.

سۇ ئىبلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر قامچامدىكى ئىپسىقلىق پانۇسقا ئوخشاش نۇرنى كۆردى، مەن سەنيەدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدىم.

مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا داداممۇ يېتىپ كەلدى، دادام ياشىنىپ قالغانىدى. مەن دادامغا:

— ئى دادا! مەندىن يىراق تۇرغىن. مەن سەندىن، سەنمۇ مەندىن ئەمەس (يەنى ئىككىمىز بىر يولدا ئەمەس)، — دېدىم، دادام:

— نېمىشقا؟ ئى بالام! — دېگەنىدى، مەن:

— مەن مۇسۇلمان بولۇپ مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، — دېدىم. دادام:

— ئى بالام! مەنمۇ سېنىڭ دىنىڭنى قوبۇل قىلىمەن، — دېگەنىدى، مەن:

— ئۇنداقتا بېرىپ يۇيۇنۇپ، پاكىز كىيىملىرىڭنى كىيىپ قېشىمغا كېلىڭ! ماڭا ئۆگەتكەن دىنىنى سىزگىمۇ ئۆگىتىپ قوياي، — دېدىم. دادام يۇيۇنۇپ، پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈردۈم، ئۇ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن كېيىن ئايالىم كەلدى، ئۇنىڭغا:

— مەندىن يىراق تۇرغىن! مەن سەندىن، سەنمۇ مەندىن ئەمەس، — دېدىم، ئۇ:

— نېمىشقا؟ ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! — دېدى، مەن:

— ئىسلام ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى، مەن مۇھەممەد ﷺ نىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، — دېدىم، ئايالىممۇ:

— ئۇنداقتا، مەنمۇ سېنىڭ دىنىڭنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى. مەن:

— ئۇنداقتا، بېرىپ يۇيۇنۇپ كېلىڭ، — دېدىم، ئۇ يۇيۇنۇپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈرگەنىدىم، ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن دەۋس

قەبىلىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدىم، ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. مەن كېيىن مەككىگە بېرىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دەۋسلىكلەر ئىچىدە زىنا يامراپ كەتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلغان بولساڭ، ـــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئى الله ! دەۋس قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلغىن، ــــ دەپ دۇئا قىلدى ۋە:

ـــ سەن قەۋمىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن، ـــ دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بەدر، ئۇھۇد ۋە خەندەك جەڭلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنگە قەدەر دەۋس زېمىنىدا تۇرۇپ دەۋس خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم. كېيىن قەۋمىمدىن مۇسۇلمان بولغانلارنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلسەم، پەيغەمبەر ﷺ خەيبەردە ئىكەن. مەن شۇ ۋاقىتتا دەۋسلىكلەردىن 70 ياكى 80 ئائىلىلىك كىشى بىلەن مەدىنىگە كەلگەنىدىم. ئاندىن بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن خەيبەردە ئۇچراشتۇق، پەيغەمبەر ﷺ بىزگىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدا غەنىيمەتتىن بىر ئۇلۇش ئايرىپ بەردى.

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مەككىنى فەتىھ قىلىپ بەرگەندە مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئەمرى ئىبنى ھەمەمەنىڭ بۇتى زۇلكەففەيننى كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئەۋەتسەڭ، ـــ دېدىم. تۇفەيل بۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئوت قويۇپ:

«ئى زۇلكەففەين! مەن مۇرىتىڭ ئەمەسمەن،
بىز سەندىن بۇرۇنلا تۇغۇلغان.
يۈرىكىڭگە ئوت يېقىۋەتتىم،
قۇربىڭ يەتسە ئۆزەڭنى قۇتقۇزغىن» دېدى.

ئاندىن كېيىن تۇفەيل رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ مەدىنىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىدى.[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقى ھەم شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمان بولسا خەلقىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولاتتى. ھىجرىيە ئالتىنچى يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كەلدى ۋە ئەتراپتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى.[2]

ئىبنى ھىشام مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەتراپتىكى پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن ئەلچى تەيىنلەپ ئۇلارغا مەكتۇپ يوللىغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ رۇم ھۆكۈمرانى قەيسەرگە دىھيە ئىبنى خەلىفە ئەلكەلبىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.

پارىس ھۆكۈمرانى كىسراغا ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزەيفەنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.

ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا ئەمرى ئىبنى ئۇمەييەنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.

مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىسقا ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.[3]

ئەبۇ سۇفيانىنىڭ رۇم پادىشاھى ھىرەقلى بىلەن بولغان ۋەقەلىكىدە ھىرەقلى ئەبۇ سۇفيانغا: «ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست بولىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم

---

[1] بەيھەقى توپلىغان.

[2] «رحيق المختوم» 320- بەت.

[3] «السيرة النبوية» 2- توم 607- بەت.

پەيغەمبەر ئىكەن. مەن بۇ ئارىدا بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما سىلەردىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئەگەر ئۇنىڭ مەملىكىتىگە يېتىپ بارالىسام ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە نائىل بولالىسام، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇپ قويغان بولاتتىم. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭ سەلتەنىتى مەن دەسسەپ تۇرغا بۇ زېمىنلارغىچە كېڭىيىپ كېلىدۇ دېدى. ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە مەكتۇپنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى. مەكتۇپتا مۇنۇلار يېزىلغانىدى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رۇم كاتتىسى ھىرەقلىگە: توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. مەقسەتكە كەلسەك: مەن سېنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان قالىسەن. الله ساڭا قوشلاپ ساۋاب بېرىدۇ. مۇسۇلمان بولمىساڭ، پۇتكۇل خەلقىڭنىڭ گۇناھى ئۆز گۇناھىڭ بىلەن بىللە ساڭا يۈكلىنىدۇ».[1]

**❖ نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەيغەمبەر ﷺ نى بەكمۇ خۇرسەن قىلاتتى**

ئىبنى شىھاب زۇھرىدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن أم حكيم بنت الحارث بن هشام، كانت تحت عكرمة بن أبي جهل، فأسلمت يوم الفتح بمكة، وهرب زوجها عكرمة بن أبي جهل من الإسلام، حتى قدم اليمن، فارتحلت أم حكيم، حتى قدمت عليه باليمن، فدعته إلى الإسلام: فأسلم، فقدم على رسول الله ﷺ يوم الفتح، فلما رآه رسول الله ﷺ وثب إليه فرحا، وما عليه رداء، حتى بايعه» «ھارىس ئىبنى ھىشامنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەكىم ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىلنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ مەككە فەتھە بولغان كۈنى مۇسۇلمان بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېرى ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل ئىسلامدىن قېچىپ (مەككىنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تاشلاپ) يەمەنگە كەتتى. ئۇمۇ ھەكىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەمەنگە بېرىپ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى ۋە مەككە فەتھى بولغان شۇ يىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كۆرگەندە خۇشاللىقىدىن ئۇچىسىغا تونىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۇنىڭدىن بەيئەت ئالدى». [1]

ئەبۇ ۋەلىدىلباجى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىبنى شىھابنىڭ <خۇشاللىقىدىن ئۇچىسىغا تونىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۇنىڭدىن بەيئەت ئالدى> دېگەن سۆزىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا نەقەدەر قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىكرەمەگە ئوخشاش قەۋمى ئىچىدە تەسىرى چوڭ كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلاتتى. ئىكرەمە بەنى مەخزۇم جەمەتىنىڭ چوڭلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن ئىدى». [2]

شۇنىڭدەك، دادىسىنىڭ ئۆرنىغا تەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەيغەمبەر ﷺ نى ئىنتايىن خۇرسەن قىلغان.

عن عدي بن حاتم رضي الله عنه قال: ما من رجل من العرب كان أشد كراهية لرسول الله ﷺ حين سمع به مني، أما أنا فكنت امرأ شريفا، وكنت نصرانيا، وكنت أسير في قومي بالمرباع، فكنت في نفسي على دين، وكنت ملكا في قومي، لما كان يصنع بي. فلما سمعت برسول الله ﷺ كرهته، فقلت لغلام كان لي عربي، وكان راعيا لإبلي: لا أبا لك، أعدد لي من إبلي أجمالا ذللا سمانا، فاحتبسها قريبا مني، فإذا سمعت بجيش لمحمد قد وطئ هذه البلاد فآذني؛ ففعل؛ ثم إنه أتاني ذات غداة، فقال: يا عدي، ما كنت صانعا إذا غشيتك خيل محمد، فاصنعه الآن، فإني قد رأيت رايات، فسألت عنها، فقالوا: هذه جيوش محمد. فقلت: فقرب إلي أجمالي، فقربها، فاحتملت بأهلي وولدي، ثم قلت: ألحق

[1] مالىك توپلىغان.
[2] «المنتقى شرح المؤطأ» 3- توم 346- بەت.

بأهل ديني من النصارى بالشام وخلفت بنتا لحاتم في الحاضر؛ فلما قدمت الشام أقمت بها. وتخالفني خيل لرسول اللّه ﷺ فتصيب ابنة حاتم، فيمن أصابت، فقدم بها على رسول اللّه ﷺ في سبايا من طيئ، وقد بلغ رسول اللّه ﷺ هربي إلى الشام، فجعلت بنت حاتم في حظيرة بباب المسجد، كانت السبايا يحبسن فيها، فمر بها رسول اللّه ﷺ فقامت إليه، وكانت امرأة جزلة، فقالت: يا رسول اللّه، هلك الوالد، وغاب الوافد. وأنا عجوز كبيرة ما بي من خدمة، فمن علي من اللّه عليك. قال: ومن وافدك؟ قالت: عدي بن حاتم. قال: الفار من اللّه ورسوله؟ قالت: ثم مضى رسول اللّه ﷺ وتركني، حتى إذا كان من الغد مر بي، فقلت له مثل ذلك، وقال لي مثل ما قال بالأمس. حتى إذا كان بعد الغد مر بي وقد يئست منه، فأشار إلي رجل من خلفه أن قومي فكلميه؛ فقمت إليه، فقلت: يا رسول اللّه هلك الوالد، وغاب الوافد، فامنن علي من اللّه عليك؛ فقال قد فعلت، فلا تعجلي بخروج حتى تجدي من قومك من يكون له ثقة، حتى يبلغك إلى بلادك، ثم آذنيني. فسألت عن الرجل الذي أشار إلي أن أكلمه، فقيل: علي بن أبي طالب رضوان اللّه عليه، وأقمت حتى قدم ركب من قضاعة، فجئت رسول اللّه ﷺ فقلت: يا رسول اللّه، قد قدم رهط من قومي، لي فيهم ثقة وبلاغ. قالت: فكساني رسول اللّه ﷺ وحملني، وأعطاني نفقة، فخرجت معهم حتى قدمت الشام. قال عدي: فواللّه إني لقاعد في أهلي، إذ نظرت إلى ظعينة تصوب إلي تؤمنا، فقلت ابنة حاتم، قال: فإذا هي هي، فلما وقفت علي انسحلت تقول: القاطع الظالم، احتملت بأهلك وولدك، وتركت بقية والدك عورتك، قلت: أي أخية، لا تقولي إلا خيرا، فواللّه ما لي من عذر، لقد صنعت ما ذكرت. ثم نزلت فأقامت عندي، فقلت لها: وكانت امرأة حازمة، ماذا ترين في أمر هذا الرجل؟ قالت: أرى واللّه أن تلحق به سريعا، فإن يكن الرجل نبيا فللسابق إليه فضله، وإن يكن ملكا فلن تذل في عز اليمن، وأنت أنت. قلت: واللّه إن هذا الرأي. فخرجت حتى أقدم على رسول اللّه ﷺ المدينة، فدخلت عليه، وهو في مسجده، فسلمت عليه، فقال القوم: هذا عدي بن حاتم؛ وجئت بغير أمان و لا كتاب. فلما دفعت إليه أخذ بيدي، وقد كان قال قبل ذلك: «إني لأرجو أن يجعل اللّه يده في يدي فقام رسول اللّه ﷺ فانطلق بي إلى بيته، فواللّه إنه لعامد بي إليه، إذ لقيته امرأة ضعيفة كبيرة، فاستوقفته، فوقف لها طويلا تكلمه في حاجتها، قلت في نفسي: واللّه ما هذا بملك؛ ثم مضى بي رسول اللّه ﷺ حتى إذا دخل بي بيته، تناول وسادة من أدم محشوة ليفا، فقذفها إلي؛ فقال: اجلس على هذه،: قلت: بل أنت فاجلس عليها، فقال: بل أنت،

فجلست عليها، وجلس رسول اللّٰه ﷺ بالأرض؛ فقلت في نفسي: واللّٰه ما هذا بأمر ملك، فقال لي: يا عدي بن حاتم أسلم تسلم قلت: إني من أهل دين، قال: يا عدي بن حاتم أسلم تسلم قلت: إني من أهل دين، قال: أنا أعلم بدينك منك، قلت أنت أعلم بديني مني؟ قال: نعم ثم قال: إيه يا عدي بن حاتم ألم تك ركوسيا؟ قلت: بلى. قال: أو لم تكن تسير في قومك بالمرباع؟ قلت: بلى، قال: فإن ذلك لم يكن يحل لك في دينك؛ قلت: أجل واللّٰه، وعرفت أنه نبي مرسل، يعلم ما يجهل؛ قال وبينا أنا عند النبي ﷺ إذ أتاه رجل فشكى إليه الفاقة، ثم أتاه آخر فشكى إليه قطع السبيل، ثم قال: لعلك يا عدي إنما يمنعك من دخول في هذا الدين ما ترى من حاجتهم، فواللّٰه ليوشكن المال أن يفيض فيهم حتى لا يوجد من يأخذه؛ ولعلك إنما يمنعك من دخول فيه ما ترى من كثرة عدوهم وقلة عددهم، فواللّٰه ليوشكن أن تسمع بالمرأة تخرج من القادسية على بعيرها حتى تزور هذا البيت، لا تخاف؛ فقلتُ: فيما بيني وبين نفسي فأين دعارُ طيء الذين قد سعروا البلادَ؟ قال: ولعلك إنما يمنعك من دخول فيه أنك ترى أن الملك والسلطان في غيرهم، وايم اللّٰه ليوشكن أن تسمع بالقصور البيض من أرض بابل قد فتحت عليهم؛ قال: فأسلمت فرايت وجهه استبشر [وفي رواية: فرايت وجهه تبسط فرحا] قال عدي: فرأيت الظعينةَ ترتحلُ من الحيرةِ حتى تطوفَ بالكعبةِ لا تخافُ إلا اللّٰه، وكنتُ فيمن افتتح كنوز كسرى ابن هرمز، ولئن طالت بكم حياةٌ لترونَّ ما قالَ النبي أبو القاسم ﷺ وايم اللّٰه لتكونن الثالثة، ليفيضن المال حتى لا يوجد من يأخذه.

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان چېغىمدا ئەرەبلەر ئىچىدە ئۇنى مەندىنمۇ بەكرەك يامان كۆرىدىغان يەنە بىر كىشى يوق ئىدى. مەن شەرەپلىك بىر كىشى بولۇپ خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتىم، مېنى قەۋمىمدىكىلەر ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى ۋە غەنىيمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى (جاھىلىيەتتىكى ئاقساقاللار شۇنداق ئالاتتى) ئالاتتىم، كۆڭلۈمدە مەن ھەق ئۇستىدە دەپ ئويلايتتىم. ماڭا قىلىنىغان ئىززەت ـ ئىكراملار سەۋەبلىك قەۋمىم ئىچىدە ئورنۇم ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قوشۇن باشلاپ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، شۇنىڭ بىلەن تۆگىلىرىمنى

بىقىپ بېرىدىغان ئەرەب خىزمەتكارىمغا:

ــــ ھەي ئۆلگۈر يېتىمەك! چاققان بىرنەچچە تۆگە تەييارلاپ ئۇنى ماڭا يېقىنراق جايغا ئەكىلىپ قويغىن، ناۋادا مۇھەممەدنىڭ قوشۇنىنىڭ بۇ شەھەرلەرگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ، ماڭا دەرھال خەۋەر قىلغىن، ــــ دېدىم، ئۇ دېگىنىمدەك قىلدى. ئۇ خىزمەتكارىم بىر كۈنى ئەتىگىنى يېنىمغا كېلىپ:

ــــ ئى ئەدىي! تېزدىن تەييارلىقىڭنى پۈتتۈرگىن، مەن نۇرغۇنلىغان بايراقلارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىسام، كىشىلەر: «ئۇ مۇھەممەدنىڭ قوشۇنى دېيىشتى»، ــــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن خىزمەتكارىمغا:

ــــ تەييارلىغان تۆگىلەرنى يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن! ــــ دېدىم. ئۇ تۆگىلەرنى يېنىمغا ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن بىر قىز قېرىندىشىمنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئايال ـ بالىلىرىمنى ئېلىپ شامدىكى خىرىستىئان دوستلىرىمنىڭ يېنىغا قاراپ يولغا چىقتىم. شامغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. مەن كەتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاتلىق قوشۇنى باستۇرۇپ كېلىپ كىشىلەرنى ئەسىر ئالغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىز قېرىندىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇ تەي قەبىلىسىنىڭ ئەسىرلىرى بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. مېنىڭ شامغا قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرىم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قۇلىقىغا يەتكەچكە، قىز قېرىندىشىم مەسجىدنىڭ يېنىدىكى ئەسىرلەر قاماپ قويۇلىدىغان چېدىرغا قاماپ قويۇلۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى زېرەك ۋە سۆزمەن ئايال بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ چېدىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ماڭا كېپىل بولىدىغان كىشى قېچىپ كەتتى، مەن بولسام خىزمەتكارى يوق ياشىنىپ قالغان بىر ئايالمەن. شۇڭا ماڭا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ﷲ ساڭا كۆپلەپ ياخشىلىق ئاتا

قىلسۇن! ــ دېگەنىكەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ ساڭا كېپىل بولىدىغان كىشى كىم ئىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ، ئۇ:

ــ ئەدىي ئىبنى ھاتەم، ــ دېگەنىكەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن قاچقان كىشىمۇ؟ ــ دەپتۇ. سىڭلىم بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇپلا يولىغا كېتىۋەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەتىسى يەنە يېنىمدىن ئۆتكەنىدى، مەن ئوخشاشلا سۆزنى قىلدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ ئالدىنقى كۈنى دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچىنچى كۈنى يەنە قېشىمدىن ئۆتكەنىدى، مەن گەپ قىلغىنىمنىڭ پايدىسى يوق دەپ ئويلاپ سۈكۈت قىلىپ تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر كىشى ماڭا ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە گەپ قىلىڭ دەپ ئىشارەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ماڭا كېپىل بولىدىغان كىشى يوق، شۇڭا ماڭا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، الله ساڭا كۆپلەپ ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! ــ دېدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ بولىدۇ، ساڭا ياخشىلىق قىلاي. ئەمما، قەۋمىڭدىن سېنى يۇرتۇڭغا سالامەت ئاپىرىپ قويىدىغان ئىشەنچلىك كىشى كەلگۈچە ئالدىراپ كەتمە، ئەگەر ئىشەنچلىك بىرەرسىنى تاپالىساڭ ماڭا خەۋەر قىل! ــ دېدى.

ماڭا گەپ قىلىشقا ئىشارەت قىلغان كىشىنى سورۇشتۇرگەنىدىم، ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىكەن. مەن قۇزائە قەبىلىسىدىن كارۋانلار كەلگۈچە ساقلاپ تۇردۇم، ئۇلار كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىپ:

ئى رەسۇلۇللاھ! قەۋمىمدىن مەن ئىشەنچ قىلىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر كەلدى، ــ دېدىم، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا كىيىم ـ كېچەك، مىنىدىغان ئۇلاغ ۋە يول خىراجىتى بەردى، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە شامغا

يېتىپ كەلدىم.

ئەدىي مۇنداق دەيدۇ: اللە بىلەن قەسەمكى، ئايال ـ بالىلىرىم بىلەن ئولتۇراتتىم، بىز تەرەپكە كېلىۋاتقان كاجۇدىكى بىر ئايالنى كۆرۈپلا ئىچىمدە «كاشكى، كاجۇدىكى ھاتەمنىڭ قىزى بولسىچۇ!» دېدىم، دېگەندەك ئۇ سىڭلىم ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن سىڭلىم ئالدىمغا كېلىپلا يىغلاپ تۇرۇپ:

ـــ سەن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزدۈڭ. ئايال ـ بالىلىرىڭنىلا ئېلىپ ئاتا ـ ئاناڭدىن ئامانەت قالغان سىڭلىڭنى تاشلاپ قويدۇڭ، ـــ دەپ تىللاپ كەتتى. مەن:

ـــ ئى سىڭلىم! چىرايلىق گەپ قىلغىن. اللە بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشتا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق ئىدى. توغرا، مەن سەن دېگەندەك قىلدىم، ـــ دېدىم. ئاندىن كاجۇدىن چۈشۈپ يېنىمغا كەلدى، سىڭلىم ناھايىتى زېرەك ئايال ئىدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـــ بۇ كىشىنىڭ (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ) ئىشلىرىغا قانداق قارايسىز؟ ـــ دېسەم، ئۇ:

ـــ اللە بىلەن قەسەمكى، سېنى ئۇنىڭ سېپىغا تېزراق قوشۇلسىكەن دەيمەن. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئەگەشكۈچىلەرنىڭ پەزىلىتى ئەڭ كاتتا بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ پادىشاھ بولىدىغان بولسا، سەن يەمەندە ئىززەتلەنگەندەك ئىززەتلىنىسەن. سەن دېگەن يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشى تۇرساڭ، ـــ دېدى. مەن:

ـــ اللە بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ گېپىڭ توغرا، ـــ دېدىم ـ دە، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتىم ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم. مەن ئامانلىقمۇ ئالماستىن، ئەھدىنامىمۇ تۈزۈشمەستىن ئۇدۇللا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ مەسجىدتە ئولتۇرغان ئىكەن. كىشىلەر مېنى كۆرۈپ:

ـــ بۇ ئەدىي ئەمەسمۇ؟ ـــ دېيىشكىنىچە مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا

ئېلىپ كىردى. پەيغەمبەر ﷺ قولۇمدىن تۇتتى. بۇرۇن پەيغەمبەر ﷺ: «اللە نىڭ ئەدىيىنىڭ قولىنى مېنىڭ قولۇمدا قىلىشنى (يەنى ماڭا بەيئەت قىلىشنى) ئاززۇ قىلىمەن» دېگەنىكەن. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا بىر ياشانغان ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئېھتىياجىنى بايان قىلدى. مەن كۆڭلۈمدە «اللە بىلەن قەسەمكى، بۇ كىشى ھەرگىز پادىشاھ ئەمەس» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بولغاندىن كېيىن يولىمىزغا ماڭدۇق، ئۇ مېنى ئۆيىگە باشلاپ ئىچى خورما قوۋزاقلىرى بىلەن تولدۇرۇلغان تېرە ياستۇقتىن بىرنى ماڭا سۇندى ۋە:

ــ بۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىن! ــ دېدى. مەن:

ــ ياق، سەن ئولتۇرغىن! ــ دېگەنىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ سەن ئولتۇرغىن! ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ مەن ياستۇق ئۈستىدە ئولتۇردۇم، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەردىلا ئولتۇردى. مەن يەنە كۆڭلۈمدە «اللە بىلەن قەسەمكى، بۇنى پادىشاھلار قىلالمايدۇ» دېدىم. ئاندىن ئۇ ماڭا:

ــ ئى ئەدىي ئىبنى ھاتەم! مۇسۇلمان بولغىن، سالامەت قالىسەن، ــ دېگەنىدى، مەن:

ــ مېنىڭ ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىم بار، ــ دېدىم. ئۇ يەنە:

ــ ئى ئەدىي ئىبنى ھاتەم! مۇسۇلمان بولغىن، ئامان قالىسەن، ــ دېدى، مەن يەنە:

ــ مېنىڭ ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىم بار، ــ دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ مەن سېنىڭ دىنىڭنى سەندىن ياخشى بىلىمەن، ــ دېگەنىدى. مەن:

ــ سەن راستىنلا مېنىڭ دىنىمنى مەندىنمۇ ياخشى بىلەمسەن؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ ھەئە، ــ دېدى. ئاندىن ئۇ:

— ئى ئەدىي ئىبنى ھاتەم! سەن رەكۇسى ئەمەسمىدىڭ؟ (يەنى خىرىستىئانلار ئىچىدىكى بىر تائىپىنىڭ نامى)، — دېگەنىدى، مەن:

— ھەئە، شۇنداق، — دېسەم، يەنە ئۇ:

— سەن قەۋمىڭ ئىچىدە غەنىيمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى. مەن:

— ھەئە، شۇنداق، — دېسەم، ئۇ:

— بۇنداق قىلىشىڭ سېنىڭ دىنىڭدا چەكلەنگەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى، مەن:

— الله بىلەن قەسەمكى، شۇنداق، — دېدىم. مەن بۇلاردىن ئۇنىڭ غەيب بىلدۈرۈلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بىر ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە كەمبەغەللىكتىن شىكايەت قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر ئادەم كېلىپ، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلاردىن شىكايەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئى ئەدىي! بۇ كۆرگەنلىرىڭ سېنى بۇ دىنغا كىرىشتىن توسۇپ قويۇشى مۇمكىن، ئەمما الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پات يېقىندا ئۇلارنىڭ مال-دۇنيالىرى كۆپىيىپ ئۇنىڭ زاكىتىنى ئالىدىغان ئادەم تاپالمايدۇ. ئى ئەدىي! سېنى ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ دىنغا كىرىشتىن توسۇپ قويۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پات يېقىندا بىر ئايال كىشىنىڭ قادىسىيەدىن (باغدادتىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى) يولغا چىقىپ الله تىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي (خاتىرجەم ھالدا) تۆگىسىگە مىنىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئاڭلايسەن، — دېدى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە:

— پۈتۈن شەھەرلەرنى تالان-تاراج قىلىدىغان تەي قەبىلىسى ئۇ چاغدا نەدە قالار؟! — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بەلكىم، سەن باشقىلاردا كۆرۈۋاتقان پادىشاھلىق ۋە شاھلىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولماسلىقى سېنى بۇ دىنغا كىرىشتىن توسۇپ قويۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇزاققا قالماي بابىلدىكى (ئىراقتىكى بىر جاي) ئاق سارايىنى مۇسۇلمانلارنىڭ فەتھە قىلغانلىقىنى ئاڭلايسەن، ــ دېدى.

ئەدىي ئىبنى ھاتەم مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى. يەنە بىر نەقىلدە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىدە كۈلكە چاقنىغانلىقىنى كۆردۇم» دېيىلگەن.

ئەدىي مۇنداق دەيدۇ: (دەرۋەقە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دېگەنلىرى يۈز بەردى) بىر ئايال كىشىنىڭ ھىرەدىن يولغا چىقىپ، الله تىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان ھالدا يول يۈرۈپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلىكىنى كۆردۇم. كىسرانىڭ خەزىنىسىنى پەتھە قىلغانلار ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ئەگەر ئۆمرۈڭلار يار بەرسە، پەيغەمبەر ﷺ بېشارەت بەرگەن ھەممە ئىشلارنى كۆرۈسىلەر. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «مال ـ دۇنيا كۆپىيىپ ئۇنىڭ زاكىتىنى ئالىدىغان ئادەم تېپىلمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى چوقۇم كۆرىسىلەر.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قىلاتتى ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى**

عن المسور بن مخرمة رضي اللَّه عنهما: أن أباه مخرمة قال له يا بني إنه بلغني أن النبي ﷺ قدمت عليه أقبية فهو يقسمها فاذهب بنا إليه فذهبنا فوجدنا النبي ﷺ في منزله فقال لي يا بني ادع لي النبي ﷺ فأعظمت ذلك فقلت أدعو لك رسول اللَّه ﷺ فقال يا بني إنه ليس بجبار فدعوته فخرج وعليه قباء من ديباج مزرر بالذهب فقال يا مخرمة هذا خبأناه لك فأعطاه إياه.

[1] ئىبنى ھىشامنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 580 ـ بەت.

مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: دادام مەخرەمە ماڭا:

ـــ ئى ئوغلۇم! يۈر، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بارايلى، مەن پەيغەمبەر ﷺ گە بىرمۇنچە تون كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىۋېتىپتۇ، ـــ دېدى. بىز يېتىپ بارغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۆيدە ئىكەن. ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، دادام:

ـــ ئوغلۇم! پەيغەمبەر ﷺ نى چاقىرغىن، ـــ دېدى. بۇ سۆز ماڭا بەكمۇ هار كەلدى. مەن:

ـــ پەيغەمبەر ﷺ نى سىنىڭ ئۈچۈن چاقىرىپ چىقامدىم؟ ـــ دېدىم. دادام:

ـــ ئى ئوغلۇم! پەيغەمبەر ﷺ ئۇنداق مۇتەكەببىرلەردىن ئەمەس، ـــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر ﷺ نى چاقىردىم. پەيغەمبەر ﷺ سىرتقا چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۈگمىلىرى ئالتۇندىن قىلىنغان، قېلىن يىپەك تون تۇراتتى. دادامغا:

ـــ ئى مەخرەمە! بۇنى ساڭا ساقلاپ قويغان ئىدۇق، ـــ دېدى ۋە ئۇنى دادامغا بەردى.[1]

مىسۋەر ئىبنى مەخرەمەنىڭ «وعليه قباء» دېگەن سۆزى ھەققىدە ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنى ئۇدۇللا چۈشەنسەك، بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يىپەكتىن بولغان تون كىيگەنلىكى بىلىنىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: <بۇ ۋەقە يىپەكتىن كىيىم كىيىش چەكلىنىشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى پەيغەمبەر ﷺ تونىنىڭ ھەممە تەرىپىنى مەخرەمەگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىشنى مەقسەت قىلماستىن دولىسىغا ئارتىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن> دېگەن.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مېنىڭ كۆزقارىشىمدا، بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تونىنى كىيىپ چىققانلىقى ئېنىق ئۇقۇلمايدۇ. چۈنكى، تونىنىڭ ھەممە يېرىنى قولدا ئېچىپمۇ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق چۈشەنگەن ۋاقىتتا <ئۇنىڭ ئۈستىدە تون بار ئىدى> دېگەن سۆز تونىنىڭ بىر قىسمىنى ئارتىۋالغان دېگەنلىك بولىدۇ. ھاتەمنىڭ نەقلىدە <پەيغەمبەر ﷺ چىرايلىق بىر تونىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى مەخرەمەگە كۆرسەتكەن> دەپ كەلگەن».[①]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەخرەمەگە «بۇ تونىنى ساڭا ساقلاپ قويغان ئىدۇق» دېگەن سۆزىدىن ئۇنى ئىسلامغا قىزىقتۇرغانلىق مەقسەت قىلىنىدۇ.[②]

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە مۇلايىم ۋە سىلىق-سىپايە بولۇش ۋە گەپ-سۆزدە قوپاللىق قىلماسلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدىن بولۇپ، ئۇ دوستلىشىش ۋە ئاداۋەتنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سەۋەبلىرىدىندۇر.[③]

بۇ ھەدىستىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىنتايىن كەمتەر ۋە ساھابىلەرگە ناھايىتى مۇلايىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.[④]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى ھەم بۇنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

عن محمد بن كعب القرظي قال: أن عتبة بن ربيعة، وكان سيداً، قال يوماً وهو جالس في نادي قريش ورسول الله ﷺ جالس في المسجد وحده: يا معشر قريش ألا أقوم إلى محمد فأكلمه وأعرض عليه أموراً، لعله أن يقبل بعضها فنعطيه أيها شاء ويكف عنا؟ وذلك حين أسلم حمزة رضي الله عنه، ورأوا أصحاب رسول الله ﷺ يزيدون ويكثرون، فقالوا: بلى يا أبا الوليد، فقم إليه فكلمه، فقام إليه

---

[①] «فتح الباري» 10- توم 270- بەت.

[②] «شرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 148- بەت.

[③] «شرح صحيح البخاري لإبن بطال» 9- توم 305- بەت.

[④] «فتح الباري» 10- توم 315- بەت.

عتبة حتى جلس إلى رسول اللّٰه ﷺ فقال: يا ابن أخي إنك منا حيث قدعلمت من السلطة في العشيرة والمكان في النسب، وإنك قد أتيت قومك بأمر عظيم فرقت به جماعتهم، وسفهت به أحلامهم، وعبت به آلهتهم ودينهم، وكفَّرت به من مضى من آبائهم، فاسمع مني أعرض عليك أموراً تنظر فيها لعلك تقبل منها بعضها، قال: فقال له رسول اللّٰه ﷺ: "قل يا أبا الوليد أسمع، قال: يا ابن أخي إن كنت إنما تريد بما جئت به من هذا الأمر مالاً جمعنا لك من أموالنا حتى تكون أكثرنا مالاً، وإن كنت تريد به شرفاً سودناك علينا حتى لا نقطع أمراً دونك، وإن كنت تريد به ملكاً ملكناك علينا، وإن كان هذا الذي يأتيك رئياً تراه لا تسطيع رده عن نفسك، طلبنا لك الأطباء وبذلنا فيه أموالنا حتى نبرئك منه، فإنه ربما غلب التابع على الرجل حتى يداوى منه، حتى إذا فرغ عتبة ورسول اللّٰه ﷺ يستمع منه قال: أ قد فرغت يا أبا الوليد؟ قال: نعم، قال: فاستمع مني، قال: أفعل، قال: ﴿**بسم الله الرحمن الرحيم حم۞ تَنْزِيلٌ مِنَ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ۞ كِتَابٌ فُصِّلَتْ آيَاتُهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ۞ بَشِيرًا وَنَذِيرًا فَأَعْرَضَ أَكْثَرُهُمْ فَهُمْ لَا يَسْمَعُونَ۞ وَقَالُوا قُلُوبُنَا فِي أَكِنَّةٍ مِمَّا تَدْعُونَا إِلَيْهِ وَفِي آذَانِنَا وَقْرٌ وَمِنْ بَيْنِنَا وَبَيْنِكَ حِجَابٌ فَاعْمَلْ إِنَّنَا عَامِلُونَ۞ قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَاسْتَقِيمُوا إِلَيْهِ وَاسْتَغْفِرُوهُ وَوَيْلٌ لِلْمُشْرِكِينَ۞**﴾، ثم مضى رسول اللّٰه ﷺ فيها وهو يقرؤها عليه، فلما سمعها منه عتبة أنصت لها وألقى يديه خلف ظهره معتمداً عليها يستمع منه، حتى انتهى رسول اللّٰه ﷺ إلى السجدة منها فسجد، فقام عتبة إلى أصحابه، فقال بعضهم لبعض: نحلف باللّٰه لقد جاءكم أبو الوليد بغير الوجه الذي ذهب به، فلما جلس إليهم قالوا: ما وراءك يا أبا الوليد؟ قال: ورائي أني سمعت قولاً واللّٰه ما سمعت مثله قط، واللّٰه ما هو بالشعر ولا بالسحر، ولا بالكهانة. يا معشر قريش أطيعوني واجعلوها لي، خلوا بين الرجل وبين ما هو فيه، فاعتزلوه، فواللّٰه ليكونن لقوله الذي سمعت منه نبأ عظيم، فإن تصبه العرب فقد كفيتموه بغيركم، وإن يظهر على العرب فملكه ملككم، وعزه عزكم وكنتم أسعد الناس به، قالوا: سحرك واللّٰه يا أبا الوليد بلسانه، قال: هذا رأيي فيه، فاصنعوا ما بدا لكم.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى مۇنداق دېگەن: ئۇتبە ئىبنى رەبىئە قۇرەيش ئىچىدە تەسىرى بىرقەدەر زور شەخس ئىدى. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدتە يالغۇز ئولتۇرۇۋاتقاندا، ئۇتبە قۇرەيشلەرنىڭ سورۇنىدا سۆز قىلىپ:

ــــ ئى قۇرەيش جامائەسى! مەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي ۋە ئۇنىڭغا بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي. ئۇ بۇلارنىڭ بىرەرىنى بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ قالسا، بىزمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرساق، ئاندىن ئۇمۇ دەۋىتىدىن توختاپ قالار، ــــ دېدى. بۇ ھەمزە مۇسۇلمان بولغان مەزگىل بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. قۇرەيشلەر بۇ ھالەتنى كۆرۈپ:

ــــ ئى ئەبۇ ۋەلىد! (ئۇتبەنىڭ كۇنىيىتى) شۇنداق قىلغىن، بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كەلگىن، ــــ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى ۋە:

ــــ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سىز بىلىسىز، قەبىلە ئىچىدە ئىناۋەت ۋە ئورنىڭىز ئالاھىدە يۇقىرى، نەسەبىڭىزمۇ ئۈستۈن. سىز قەۋمى-قېرىنداشلىرىڭىزغا شۇنداق بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدىڭىزكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جامائىتىنىڭ بىرلىكىنى بۇزدىڭىز، ئەقىللىق كىشىلىرىنى دۆتكە چىقاردىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ۋە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىنى ئەيىبلىدىڭىز، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۇفۇرلۇق دېدىڭىز. قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇڭ، مەن سىزگە بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشنى ئوتتۇرىغا قوياي، قاراپ بېقىڭ، بىرەرسى سىزگە يېقىپ قالار، ــــ دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــــ ئى ئەبۇ ۋەلىد! قۇلىقىم سەندە، ــــ دېۋىدى، ئۇتبە:

ــــ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئەگەر سىز بۇ ئىشلارنى مال-دۇنيانى مەقسەت قىلىپ قىلغان بولسىڭىز، بىز سىزگە كۆپلەپ مال-دۇنيا يىغىپ بېرىپ سىزنى ئارىمىزدىكى ئەڭ بايلاردىن قىلىۋېتەيلى؛ ئەگەر ئورنىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسىڭىز، بىز سىزنى ئۆزىمىزگە باشلىق

قىلىۋالايلى. سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالماي ھېچبىر ئىش بېجىرمەيلى؛ ئەگەر پادىشاھ بولغۇڭىز بولسا، بېشىڭىزغا تاج كىيدۈرۈپ سىزنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالايلى؛ ئەگەر سىزدىكى ئىللەت جىن-شەيتانلارنىڭ ئاپىتىدىن بولسا، بىز دوختۇر تەكلىپ قىلىپ سىز ساقايغۇچە مال-دۇنيالىرىمىزنى سەرپ قىلايلى. نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ خىلدىكى كېسەلدىن داۋالىنىپ قۇتۇلغان، ـــ دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ:

ـــ ئى ئەبۇ ۋەلىد! گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ئۇتبە:

ـــ ھەئە، تۈگىدى، ـــ دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا:

ـــ ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ باقامسەن؟ ـــ دېگەنىدى، ئۇتبە:

ـــ ئەلۋەتتە ئاڭلايمەن، ـــ دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. حامىم [1]. (بۇ) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان اﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھيىدۇر) [2]. ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان ئەرەبچە قۇرئاندۇر [3]. (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر، (كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى. ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ [4]. ئۇلار (پەيغەمبەرگە): <بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)> دەيدۇ [5]. سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): <مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت-ئىبادەت بىلەن)

يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!> دېگىن، مۇشرىكلارغا ۋاي! [6]»① دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى. ئۇتبە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىرائىتىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، ئىككى قولىنى كەينىگە تايانغان ھالەتتە داڭ قېتىپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشۇ سۈرىدىكى سەجدە ئايىتىگىچە ئوقۇپ، سەجدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئاڭغىچە ئۇلار بىر-بىرىگە:

— قەسەم قىلالايمىزكى، ئەبۇ ۋەلىد چوقۇم ئۆزگىرىپ كەلدى، — دېيىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇتبە ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېدى، ئۇلار:

— ئى ئەبۇ ۋەلىد! قانداق خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېگىلى تۇردى. ئۇتبە:

— مەن بىرىپ قەتئىي ئاڭلاپ باقمىغان تەسىرلىك سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. الله بىلەن قەسەمكى ئۇ شېئىرمۇ ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس ۋە جىنكەشلىكمۇ ئەمەس. ئى قۇرەيش خەلقى! ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، گېپىمنى ئاڭلاڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭلار. الله بىلەن قەسەمكى، بايام ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان سۆزلەر چوقۇم زور بىر ۋەقە پەيدا قىلىدىكەن، ئەگەر ئۇنى ئەرەبلەر (مەككىلىكتىن باشقا ئەرەبلەر) بىر تەرەپ قىلىۋەتسە، ئۇنى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق يوقاتقان بولىسىلەر؛ ئەگەر ئۇ پۈتۈن ئەرەبلەرگە باش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى سىلەرنىڭ پادىشاھلىقىڭلاردۇر ۋە ئۇنىڭ ئىززىتى سىلەرنىڭ ئىززىتىڭلاردۇر. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، سىلەر ئۇ ئارقىلىق ئەڭ بەختلىك كىشىلەرگە ئايلىنىسىلەر، — دېگەنىدى، ئۇلار:

— الله بىلەن قەسەمكى، ئى ئەبۇ ۋەلىد! مۇھەممەد سېنى تىلى بىلەن

① سۈرە فۇسسىلەت 1- ئايەتتىن 6- ئايەتكىچە.

سېھىرلەپتۇ، ــ دېيىشتى. ئۇتبە ئۇلارغا:

ــ بۇ مېنىڭ قارىشىم، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، شۇڭا سىلەر نېمە قىلغۇڭلار كەلسە شۇنى قىلىڭلار! ــ دېدى.[①]

وعن أنس بن مالك رضي اللّٰه عنه قال: بينما نحن جلوس مع النبي ﷺ في المسجد دخل رجل على جمل فأناخه في المسجد ثم عقله ثم قال لهم: أيكم محمد؟ والنبي ﷺ متكيء ظهرانيهم فقلنا: هذا الرجل الأبيض المتكئ، فقال له الرجل: يا ابن عبدالمطلب، فقال النبي ﷺ: قد أجبتك فقال الرجل للنبي ﷺ إني سائلك فمشدد عليك في المسألة، فلا تجد علي في نفسك. قال: سل عما بدا لك. فقال: أسألك بربك ورب من قبلك اللّٰه أرسلك إلى الناس كلهم؟ قال: اللّٰهم نعم قال: أنشدك باللّٰه اللّٰه أمرك أن نصلي الصلوات الخمس في اليوم والليلة؟ قال: اللّٰهم نعم قال: أنشدك باللّٰه اللّٰه أمرك أن نصوم هذا الشهر من السنة؟ قال: اللّٰهم نعم قال: أنشدك باللّٰه اللّٰه أمرك أن تأخذ هذه الصدقة من أغنيائنا فتقسمها على فقرائنا؟ فقال النبي ﷺ: اللّٰهم نعم قال: آمنت بما جئت به وأنا رسول من ورائي من قومي، وأنا ضمام بن ثعلبة أخو بني سعد بن بكر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، تۆگە مىنگەن بىر كىشى مەسجىدكە كىردى-دە، تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ باغلىغاندىن كېيىن:

ــ قايسىڭلار مۇھەممەد بولىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ ئارىمىزدا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. بىز:

ــ ماۋۇ يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئاقپىشماق كىشى شۇ، ــ دېدۇق. ئۇ كىشى:

ــ ئى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلى! ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ قۇلىقىم سەندە، ــ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ مەن سەندىن سوئال سورىماقچى، سوئالنى ئىنچىكىلىك بىلەن سورايمەن، كۆڭلۈڭگە ئالمىغايسەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

[①] بەيھەقى توپلىغان.

— خالىغىنىڭچە سورىغىن! — دېدى.

— سەن ۋە سەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ نامى بىلەن سەندىن سورايكى، الله ھەقىقەتەن سېنى بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە:

— الله نىڭ نامى بىلەن سورايكى، الله تائالا سەن ئارقىلىق بىزنى بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە:

— الله نىڭ نامى بىلەن سورايكى، الله تائالا سەن ئارقىلىق بىزنى ھەر يىلنىڭ بۇ ئېيىدا روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە:

— الله نىڭ نامى بىلەن سورايكى، الله تائالا سېنى بايلىرىمىزدىن سەدىقىلەرنى يىغىپ، كەمبەغەللىرىمىزگە تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

— سەن الله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بارلىق تەلىماتلارغا ئىمان كەلتۈردۇم. مەن بەنى سەئىد ئىبنى بەكىر قەبىلىسى ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچى بولىمەن، ئىسمىم زىمام ئىبنى سەئلەبە، — دېدى.[①]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىگە سەۋر قىلىپ، ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە كىشىلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىدىن ئۆتۈۋېتىشكە چاقىراتتى.**

[①] بۇخارى توپلىغان.

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشكە قىزىقتۇرغان. چۈنكى بەزىلەر ئېيتقاندەك، ھەرقانداق يۈگۈرۈك ئاتنىڭمۇ يىقىلىدىغان، ئالىمنىڭمۇ خاتالىشىدىغان ۋە قىلىچنىڭمۇ كارغا كەلمەيدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرى بۇنى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ:

گەر دوستۇڭ سەممىي ۋاپادار بولسا،

قەدىرلە سەن ئۇنى جاندىن ئەزىزلەپ.

پەزىلەت ساھىبى بولۇشقا يېتەرلىك،

ئۇنىڭدا ساناقلىق كەمچىلىك بولسا.

ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أقيلوا ذوي الهيئات عثراتهم إلا الحدود» «ئاراڭلاردىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ ھەد كېلىدىغان خاتالىقلىرىدىن باشقا خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىڭلار».[1]

«ذوي الهيئات» — ئادەمگەرچىلىكى ۋە ياخشى كۆرۈلىدىغان خىسلەتلىرى بار كىشىلەر دېگەنلىك بولىدۇ. ئىبنى مەلىك مۇنداق دېگەن: «هيئة» دېگەن ئىنساننىڭ گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن بېزەلگەن ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

«عثراتهم» — بىلىپ-بىلمەستىن الله نىڭ بىرەر ھەقلىرىنى ئادا قىلمىغان سەۋەبلىك تەئزىر كېلىدىغان خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ.[2]

«إلا الحدود» — ھەد تۇرغۇزۇشنى ۋاجىب قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن بىلىنىپ

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «عون المعبود» 12- توم 25- بەت.

تۇرۇپتىكى، ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيلۇق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە قەۋمىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ﷲ تائالا ئۇلارنى باشقىلاردىن ئىززەت-ئىكرام ۋە پەزىلەتتە بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلغان. شۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان بىر كىشىنى ئۇنىڭ مەردلىكى خاتالاشتۇرغان ۋە شەيتان ئازدۇرغان بولسا، ئۇنى ئەيىبلەشكە ۋە جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. ئۇنىڭ خاتالىقى ﷲ نىڭ ھەدلىرى[1] قاتارىدىن بولمىسىلا ئەپۇ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ خاتالىقى ھەد كېلىدىغان جازا بولسا، ئۇلارغا ئادەتتىكى كىشىلەرگە ھەد ئىجرا قىلىنغانغا ئوخشاشلا ھەد ئىجرا قىلىنىدۇ». [2]

بۇ ھەدىستىن، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرەر خاتالىق ياكى سەۋەنلىك سادىر بولسا، ئۇلارنى جازالىماسلىقنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ﷲ نىڭ ھەدلىرىدىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ ھاكىمغا يەتكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھەد ئىجرا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. [3]

عن أبي هريرة رضي اللّه عنه: أن سعد بن عبادة قال يا رسول اللّه أرأيت الرجل يجد مع امرأته رجلاً أيقتله قال رسول اللّه ﷺ لا. قال سعد بلى والذي أكرمك بالحق فقال رسول اللّه ﷺ اسمعوا إلى ما يقول سيدكم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: سەئىد ئىبنى ئۇبادە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشى ئايالىنى باشقا بىر ئەر بىلەن تۇتۇۋالسا، ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بولامدۇ؟ — دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

---

[1] ئوغرىلىق ۋە زىناغا ئوخشاش شەرىئەتتە ئېنىق جازاسى بېكىتىلگەن جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.
[2] «بدائع الفوائد» 3- توم 661- بەت.
[3] «فتاوى اللجنة الدائمة» 22- توم 56- بەت.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى. سەئىد:

— سىنى ھەق دىن بىلەن ھۆرمەتلىك قىلغان الله بىلەن قەسەمكى، بەلكى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— سەييىدىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى.[1]

وفي رواية لمسلم: قال سعد ابن عبادة يا رسول اللّٰه لو وجدت مع أهلي رجلاً لم أمسه حتى آتي بأربعة شهداء قال رسول اللّٰه ﷺ نعم قال كلاً والذي بعثك بالحق إن كنت لأعالجه بالسيف قبل ذلك قال رسول اللّٰه ﷺ اسمعوا ما يقول سيدكم إنه لغيور وأنا أغير منه واللّٰه أغير مني.

«سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن يەنە بىر نەقىلدە: سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئايالىمنى بىرسى بىلەن تۇتۇۋالسام، تۆت گۇۋاھچىنى ئۇ جايغا ھازىر قىلمىغۇچە ئۇنىڭغا چېقىلالمامدىم؟ — دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— شۇنداق، — دېگەندى، سەئىد ئىبنى ئۇبادە:

— ياق، سىنى ھەق دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ قالسام، تۆت گۇۋاھچىنى ھازىر قىلماستىنلا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەييىدىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن بەك كۈنلەمچى ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كۈنلەيمەن، الله تائالا مەندىنمۇ بەكرەك كۈنلەيدۇ، — دېدى.

موللا ئەلى قارى مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئۇ سۆزنى ئايالىدىن كۈنلەپ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن».[2]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «مرقاة المفاتيح» 5- توم 2163- بەت.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «سېنى ھەق دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ قالسام، تۆت گۇۋاھچىنى ھازىر قىلماستىنلا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دېگەن سۆزى ھەققىدە ماۋەردى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالىملار مۇنداق دېگەن: «سەئىدنىڭ بۇ سۆزى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققانلىق ئەمەس، بەلكى بۇ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ قېشىدا يات بىر ئەرنى كۆرگەندە غەزىپى تېشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش چوڭ خاتالىق ھېسابلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن ئۆزىنى تۇتالمايدىغان بىر ھالەتتىن خەۋەر بېرىشتۇر».[①]

وعن أبي الدرداء رضي اللّٰه عنه قال: كانت بين أبي بكر وعمر محاورة، فأغضب أبو بكر عمر، فانصرف عنه عمر مغضبا، فاتبعه أبو بكر يسأله أن يستغفر له، فلم يفعل حتى أغلق بابه في وجهه، قال أبو الدرداء: كنت جالسا عند النبي ﷺ إذ أقبل أبو بكر آخذا بطرف ثوبه حتى أبدى عن ركبتيه، فقال ﷺ: أما صاحبكم فقد غامر فسلم، فقال: إني كان بيني وبين ابن الخطاب شيء فأسرعت إليه ثم ندمت، فسألته أن يغفر لي، فأبى علي، فأقبلت إليك، فقال: يغفر اللّٰه لك يا أبا بكر، يغفر اللّٰه لك يا أبا بكر، يغفر اللّٰه لك يا أبا بكر.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىسىدا مۇنازىرە بولۇپ قېلىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خاپا قىلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپلەنگەن ھالدا قايتىپ ماڭغاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كەچۈرمەستىن، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتتى.

---

[①] «الشرح النووي على صحيح مسلم» 10 ـ توم 131 ـ بەت.

مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، شۇ پەيتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيىمىنى تىزىغىچە تۈرگەن ھالدا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇرادىرىڭلار جېدەللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالام قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئۆمەر بىلەن ئارىمىزدا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ ئۆتتى، مەن ئىتتىكلىك قىلىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىسام، ئۇ مېنى كەچۈرۈۋەتكىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ئەبۇ بەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئى ئەبۇ بەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئى ئەبۇ بەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.[1]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ساھابىلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى

عن جابر بن عبد اللّه رضي اللّه عنهما: دخل جرير بن عبد اللّه البجلي [كان سيد قومه] على رسول اللّه ﷺ وعنده أصحابه فضن الناس بمجالسهم, فلم يوسع له أحد فأخذ رسول اللّه ﷺ رداءه فألقاه إليه وقال: اجلس عليها, فتلقاه جرير بنحره ووجهه فقبله ووضعه على عينيه وقال: أكرمك اللّه كما أكرمتني، ثم وضعه على ظهر رسول اللّه ﷺ ، فقال رسول اللّه ﷺ: «من كان يؤمن باللّه واليوم الآخر فإذا أتاه كريم قوم فليكرمه».

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇ قەۋمىنىڭ رەئىسى ئىدى) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كىردى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەتراپىدا ساھابىلەر بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرىمۇ كىشى ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بەرمىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا تونىنى سۇنۇپ بېرىپ:

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

ـــ بۇنى سېلىپ ئۆلتۈرگىن! ـــ دېدى. لېكىن جەرىر تونىنى ئېلىپ سۆيدى ۋە كۆزلىرىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مېنى ئىززەتلىگەندەك، اللہ مۇ سېنى ئىززەتلىسۇن! ـــ دېدى، ئاندىن ئۇ تونىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇچىسىغا ئارتىپ قويدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ كىمكى اللہ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، قەۋمى ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى كەلگەندە ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلسۇن! ـــ دېدى.[1]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا أتاكم كريم قوم فأكرموه» «قېشىڭلارغا قەۋمىدە مەرتىۋىسى يۇقىرى كىشى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىڭلار!».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.**

عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه قال: بعث رسول اللَّه ﷺ خيلا قبل نجد فجاءت برجل من بني حنيفة لا يشعرون من هو حتى أتوا به رسول اللَّه ﷺ فقال: «أتدرون من أخذتم؟» هذه ثمامة بن أثال الحنفي [وكان سيد أهل اليمامة] أحسنوا إساره»، فربطوه بسارية من سوار المسجد ورجع رسول اللَّه ﷺ إلى أهله فقال: اجمعوا ما كان عندكم من طعام فابعثوا به إليه، وأمر بلقحته أن يغدى عليه بها ويراح، فجعل لا يقع من ثمامة موقعا، فخرج إليه رسول اللَّه ﷺ، فقال: «ماذا عندك يا ثمامة؟»، فقال: عندي يا محمد خير إن تقتل تقتل ذا دم، وإن تنعم تنعم على شاكر، وإن كنت تريد المال فسل تعط منه ما شئت، فتركه رسول اللَّه ﷺ حتى كان بعد الغد، فقال «ما عندك يا ثمامة؟» فاعاد عليه مقالته, فتركه رسول اللَّه ﷺ حتى كان من الغد فقال له كما قال له في اليوم الاول, فاعاد عليه ثمامة

[1] ھاكىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مقالته, فقال رسول اللَّه ﷺ أطلقوا ثمامة فانطلق إلى نخلٍ قريب من المسجد فاغتسل ثم دخل المسجد فقال أشهد أن لا إله إلا اللَّه وأشهد أن محمداً عبده ورسوله, يا محمد، واللَّه ما كان على الأرض وجه أبغض إلي من وجهك، فقد أصبح وجهك أحب الوجوه إلي، واللَّه ما كان من دين أبغض إلي من دينك، فأصبح دينك أحب الدين إلي، واللَّه ما كان من بلد أبغض إلي من بلدك فأصبح بلدك أحب البلاد إلي، وإن خيلك أخذتني، وأنا أريد العمرة، فماذا ترى؟ فبشره رسول اللَّه ﷺ، وأمره أن يعتمر، فلما قدم مكة قال له قائل: صبوت؟ قال: لا ولكني أسلمت مع محمد رسول اللَّه ﷺ، واللَّه لا تأتينكم من اليمامة حبة حنطة حتى يأذن فيها النبي ﷺ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ نەجد تەرەپكە بىر ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار بەنى ھەنىفە جەمەتىدىن بولغان بىر كىشىنى تۇتۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ سىلەر كىمنى تۇتۇپ كەلگىنىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ دېگەن سۇمامە ئىبنى ئۇسال ھەنەفى بولىدۇ. (ئۇ يەمامە ئەھلىنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى) ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۇنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە:

ــ يېنىڭلاردىكى تاماقلارنى جەملەپ سۇمامەگە ئەۋەتىڭلار، ــ دېدى ۋە سېغىن تۆگىنى سېغىپ ئەتىگەن-كەچتە سۇمامەگە ئۇسسۇلۇق بېرىشكە بۇيرۇدى.

بۇ تائاملارغا سۇمامەنىڭ قورسىقى تويمىغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سۇمامەنىڭ يېنىغا چىقىپ:

ــ ئى سۇمامە! مېنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئويلايسەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ئى مۇھەممەد! مەن سېنى ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئەگەر

مېنى ئۆلتۈرسەڭ، قان ئىگىسىنى ئۆلتۈرگەن بولىسەن؛ ئەگەر ئەپۇ قىلساڭ، سەندىن مىننەتدار بولىمەن؛ ئەگەر پۇل ـ مال تەلەپ قىلساڭ، خالىغان مىقداردا بېرىمەن، ــ دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى شۇ پېتى تاشلاپ كەتتى. ئەتىسى يەنە كېلىپ سورىغانىدى، ئۇ يەنە ئالدىنقى كۈنىدىكىگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. ئىككىنچى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى يەنە تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ئەتىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە كېلىپ:

ــ ئى سۇمامە! ئەمدى نېمە دەيسەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ يەنە ئالدىنقى كۈنىدىكىگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ مەسجىدكە يېقىن جايدىكى خورمىلىققا بېرىپ يۇيۇنغاندىن كېيىن، مەسجىدكە كىرىپ: «الله تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دەپ شاھادەت ئېيتتى. ئاندىن:

ــ ئى مۇھەممەد! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە ماڭا نىسبەتەن سېنىڭ چىرايىڭدىنمۇ كۆرۈمسىز يەنە بىر چىراي يوق ئىدى، مانا ئەمدى سېنىڭ چىرايىڭ ماڭا ئەڭ يېقىملىق يۈزگە ئايلاندى؛ يەنە شۇنداقلا، الله بىلەن قەسەمكى، ماڭا نىسبەتەن سېنىڭ دىنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق يەنە بىر دىن يوق ئىدى، مانا ئەمدى سېنىڭ دىنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك دىنغا ئايلاندى؛ ۋە يەنە شۇنداقلا، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۈچۈن سېنىڭ يۇرتۇڭدىنمۇ يامان كۆرۈنىدىغان يەنە بىر يۇرت يوق ئىدى، مانا ئەمدى سېنىڭ يۇرتۇڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك يۇرتقا ئايلاندى. سەن ئەۋەتكەن ئاتلىق قوشۇن مېنى ئۆمرىگە كېتىۋاتقان يولۇمدىن تۇتۇۋالدى. بۇ ھەقتە نېمە دەيسەن؟ ــ دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا (بەزى ئىشلار ھەققىدە) خۇش بېشارەت بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆمرە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ مەككىگە يېتىپ بارغاندا، بەزىلەر ئۇنىڭغا:

ــ سەن ئاتا ـ بوۋاڭنىڭ دىنىدىن تاندىڭ، ــ دېيىشكە باشلىغانىدى، ئۇ:

ــ ياق، مەن مۇسۇلمان بولدۇم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ ئىجازەت بەرمىگۈچە، يەمامەدىن سىلەرگە بىر تال بۇغداي دېنىمۇ كەلمەيدۇ، ــ دېدى.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى غۇسلى قىلىشنىڭ لازىملىقى.

ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۈشمەنلىكنى تۈگىتىپ، مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭىتىدىغانلىقى.

كاپىر بىر ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىپ كېيىن مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۇنىڭ شۇ ياخشى ئەمەلىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

ئەسىرلەر ئارىسىدىن مۇسۇلمان بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان كىشىلەرگە سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى. ناۋادا ئۇ باشقىلار ئەگىشىدىغان كىشى بولۇپ قالسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.[2]

دېمەك، سۇمامە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلامدا ئاداققىچە بەرقارار تۇرغان بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىسلامغا ناھايىتى زور ئۇتۇقلارنى ئاتا قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەمامە خەلقى مۇسەيلىمە كاززاپقا ئەگىشىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەندە، سۇمامە ئۆزىنىڭ رولىنى ئىنتايىن ياخشى جارى قىلدۇرغان. ئۇ يەمامىلىكلەر ئىچىدە خۇتبە سۆزلەپ: «ئى بەنۇ ھەنىفە جەمەتى! ئەقلىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ الله تائالانىڭ ﴿**حم﴿١﴾ تَنْزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴿٢﴾ غَافِرِ الذَّنْبِ وَقَابِلِ التَّوْبِ شَدِيدِ الْعِقَابِ ذِي الطَّوْلِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ إِلَيْهِ الْمَصِيرُ﴿٣﴾**﴾ <حامىم [1]. (بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 8 ـ توم 89 ـ بەت.

تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [2]. (الله ) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (الله نىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر، (الله ) ئىنئام ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر [3]> دېگەن، مۇنۇ ئايىتىنىڭ ئالدىدا مۇسەيلىمە توقۇپ چىققان <ئى پاقا! ئى پاقىلار! سەن پاكلايدىغان يېرىڭنى پاكلا. سېنىڭ يېرىمىڭ سۇدا، يېرىمىڭ لاي ـ لاتقىدا. سەن دۇغلاشتۇرىدىغان ۋە توسۇپ قالىدىغان سۇمۇ يوق> دېگەن سەپسەتىسىنىڭ ۋە ئۇ (پەيغەمبەر ﷺ گە مەكتۇپ ئەۋەتكەندە) <زېمىننىڭ يېرىمى بىزنىڭ، يېرىمى قۇرەيشنىڭ بولسۇن. ئەمما، قۇرەيشلىكلەر تاجاۋۇزچى قەۋمدۇر> دېگەن سۆزىنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوقتۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن 3000 كىشى سۇمامەنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمانلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھادىسىدە مۇسەيلىمەنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى پارچىلىنىپ كەتكەن ئىدى.①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ كۆرۈشۈش تەكلىپىنى رەت قىلمايتتى**

عن جرير بن عبد الله رضي الله عنه قال: ما حجبني النبي ﷺ منذ أسلمت ولا رآني إلا تبسم في وجهي. «ولقد شكوت إليه: أني لا أثبت على الخيل، فضرب بيده في صدري، وقال: «اللَّهم ثبته، واجعله هاديا مهديا».

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى، پەيغەمبەر ﷺ مېنى يېنىغا كىرىشتىن توسۇپ باقمىدى ۋە مېنى كۆرگەندە تەبەسسۇم قىلماي قالمىدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، ئۇ مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئى الله ! ئۇنى (ئات ئۈستىدە) مەزمۇت ئولتۇرغۇزغىن ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىغۇچى

① «الروض الأنف» 4 ـ توم 418 ـ بەت.

ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگۈچىلەردىن قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى[1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

قەۋمى ئىچىدە يۈز-ئابرۇيى بولغان كىشىلەرگە شۇلارغا مۇناسىپ ئىززەت-ئىكرام قىلىنىدىغانلىقى ۋە جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن ئىكەنلىكى.

كىشىلەر بىلەن تەبەسسۇم ۋە ئىللىق چىراي بىلەن كۆرۈشۈش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقلىرىدىن بولۇپ، قەلبتىن تەكەببۇرلۇقنى تازىلاپ، مېھىر-مۇھەببەت ئورنىتىدىغانلىقى.

چەۋەندازلىق ۋە ئات مىنىشنى پۇختا ئىگەللەشنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى. بۇنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى لايىق بولغان ئىلىم ئىكەنلىكى.

ئالىم ۋە ئىمام خۇتبە ياكى دەرسلىرىدە بىرەر كىشىگە ئىشارەت قىلغاندا، قولىنى ئۇنىڭ قولىغا تەگكۈزۈشىنىڭ ۋە بەزى ئەزالىرىغا نوقۇپ قويۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. بۇ كەمتەرلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن بولۇپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئۆزىگە مايىل قىلغىلى بولىدىغانلىقى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكەتلىك ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ باقمىغانلىقى بايان قىلىنغان.[2]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى ماختايتتى**

قال جرير: لما دنوت من المدينة أنخت راحلتي، ثم حللت عيبتي، ثم لبست حلتي، ثم دخلت،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 5- توم 194- بەت.

فإذا رسول اللّٰه ﷺ يخطب، فرماني الناس بالحدق، فقلت لجليسي: يا عبد اللّٰه، ذكرني رسول اللّٰه ﷺ؟ قال: نعم، ذكرك آنفا بأحسن ذكر، وقال: يدخل عليكم من هذا الباب، أو من هذا الفج، من خير ذي يمن، إلا أن على وجهه مسحة ملك قال جرير: فحمدت اللّٰه عز وجل على ما أبلاني.

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن مەدىنىگە كەلگەن چاغدا تۆگەمنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىمنى كىيىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلەۋاتقانىكەن، كىشىلەر ماڭا قاراپ ھەيران قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يېنىمدىكى كىشىگە: «ئى ئابدۇللاھ! رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى تىلغا ئالغانمىدى؟» دېسەم، ئۇ: «ھەئە، رەسۇلۇللاھ ﷺ باياتتىن سېنىڭ ياخشى گېپىڭنى قىلىپ: <بۇ ئىشىكتىن ياكى بۇ تەرەپتىن يەمەنلىكلەر ئارىسىدىكى چىرايى نۇرلۇق ۋە كېلىشكەن، ئەڭ پەزىلەتلىك بىر كىشى كىرىدۇ> دېگەنىدى» دېدى. مەن ئىچىمدە ماڭا ئىمتىھان قىلىپ بېرىلگەن (گۈزەل چىرايدىن ئىبارەت) نېئمەتكە اللّٰه قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتىم.[①]

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «قدم على رسول اللّٰه ﷺ وفد طيئ فيهم: زيد الخيل وهو سيدهم، فلما انتهوا إليه كلمهم وعرض عليهم رسول اللّٰه ﷺ الإسلام فأسلموا وحسن إسلامهم، فقال رسول اللّٰه ﷺ: ما ذكر لي رجل من العرب بفضل ثم جاءني إلا رأيته دون ما يقال فيه إلا زيد الخيل، فإنه لم يبلغ كل ما فيه، ثم سماه زيد الخير، وقطع له فيدا وأرضين معه، وكتب له بذلك، فخرج من عند رسول اللّٰه ﷺ راجعا إلى قومه، فقال رسول اللّٰه ﷺ: إن ينج زيد من حمى المدينة، فلما انتهى إلى ماء من مياهه نجد، يقال له: فردة، أصابته الحمى بها فمات» «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا تەي قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زەيدۇلخەيل ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا ئىسلامنى

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە ناھايىتى ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ماڭا بىر ئەرەب كىشىنىڭ پەزىلىتى سۆزلىنىپ كېيىن ئۇ كىشى قېشىمغا كەلسە، ئۇ ھەققىدە دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئاشۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. ئەمما، زەيدۇلخەيل ئۇنداق ئەمەسكەن، ئۇ ھەقىقەتەن مەن ئاڭلىغاندەك كىشىكەن> دېدى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى <زەيدۇلخەيرى> دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنىڭغا فەيدنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى زېمىننى بۆلۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىسپات يېزىپ بەردى. ئۇ قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <كاشكى، زەيد مەدىنىدە تارقالغان تەپ كېسىلىدىن ئامان قالالىغان بولسىدى> دېدى. زەيدۇلخەيرى نەجدنىڭ فەرد دېيىلىدىغان سۇلۇقلىرىغا يېتىپ كەلگەندە تەپ كېسىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى».① ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

قەۋمىم كەتسە ئەتىگەن مەشرىقتىكى مەنزىلگە،
مەن يالغۇز قالارمەنمۇ نەجدىدىكى بىر ئۆيدە.
ئاغرىپ قالسام يوقلايتتى ئۆتمۈشتىكى كۈنلەردە،
بىرى كېلىپ يوقلارمۇ جان ھەلقۇمغا كەلگەندە.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەشەججى ئابدۇلقەيسقا (ئابدۇلقەيس قەبىلىسىنىڭ ئەلچىسى، قوماندانى ۋە رەھبىرى ئىدى): «إن فيك خصلتين يحبهما اللّٰه: الحلم، والأناة» «سەندە الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۇرلۇك خىسلەت بار ئىكەن» دېگەن.②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەشەججى ئابدۇلقەيسقا بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى

① بەيھەقى توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.

شۇكى، ئەلچىلەر مەدىنىگە يېتىپ كېلىپلا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېتىشتى، ئەمما ئەشەججى يۈك ـ تاقلارنى ياخشى جايلاشتۇرۇپ، تۆگىلەرنى باغلاپ ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىردى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ: «سەندە الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك خىسلەت بار ئىكەن» دېدى.①

## ❖ پەيغەمبەر ﷺ بەزى ۋاقىتلاردا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن

رەسۇلۇللاھ ﷺ تائىفلىقلارنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قېشىدىن قايتىپ ھىرا غارىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەخنەس ئىبنى شەرىقنىڭ ھېمايىسىگە كىرىشنى سوراپ، ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇ: «مەن قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى، ئىتتىپاقداشلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قارشى باشقىلارغا پاناھلىق بېرەلمەيدۇ» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇھەيل ئىبنى ئەمرگە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ: «بەنى ئامىر جەمەتى بەنى كەئىب جەمەتىگە قارشى پاناھلىق بېرەلمەيدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇتئىم ئىبنى ئەدىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى پاناھلىقىغا ئېلىشنى سورىغانىدى، ئۇ پاناھلىق بېرىشكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ كېچىسى مۇتئىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ قېشىدا قونۇپ قالدى. مۇتئىم ئەتىسى تاڭ يورۇغان ۋاقىتتا ئالتە ياكى يەتتە باللىرى بىلەن قىلىچلىرىنى ئاسقان ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھىمايە قىلىپ مەسجىدكە كىردى. مۇتئىم رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغىن!» دېدى. ئۇلار تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇننى قوراللىق

① «شرح النووي على صحيح مسلم» 1 ـ توم 189 ـ بەت.

قورشاپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداپ تۇردى. ئەبۇ سۇفيان مۇتئىم ئىبنى ئەدىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئۇنى ھىمايەڭگە ئالدىڭمۇ ياكى مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ؟» دېگەندى، ئۇ: «ياق، پەقەت ئۇنى ھىمايەمگە ئالدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ سۇفيان: «ئۇنداقتا، سېنىڭ ھىمايەڭگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ» دېدى.

مۇتئىم ئىبنى ئەدى رەسۇلۇللاھ ﷺ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى، ئاندىن ئۇنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدى. ئەبۇ سۇفيانمۇ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. مۇتئىم ئىبنى ئەدى رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولۇپ كەتتى. ھەسسان ئىبنى سابىت «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا مەرسىيە ئوقۇيمەن» دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ بەدر ئەسىرلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «لو كان المطعم بن عدي حيا ثم كلمني في هؤلاء النتنى لتركتهم له» «ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدى ھايات بولۇپ، ماۋۇ سېسىقلار توغرۇلۇق ماڭا گەپ قىلغان بولسىدى، مەن ئۇنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ بۇلارنى چوقۇم قويۇپ بەرگەن بولاتتىم».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلمايتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داستىخانغا نان ۋە ياغ ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن يېدى، ئاندىن: «أفطر عندكم الصائمون، وأكل طعامكم الأبرار، وصلت عليكم الملائكة» «روزا تۇتقانلار ئۆيۈڭلاردا ئىپتار قىلدى، ياخشى كىشىلەر تامىقىڭلارنى يېدى.

[1] بۇخارى توپلىغان.

پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلدى» دېدى.①

«أفطر عندكم الصائمون» — روزىدار تۇرۇپمۇ تائام تەييارلىغانلىقى ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ ياخشى ۋە مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئۇقتۇرىدۇ، چۈنكى ئۆزىنىڭ چىقىمىنى قامدىيالمىغان كىشى باشقىلارغا خەير-ئېھسان قىلالمايدۇ.

«وأكل طعامكم الأبرار» — «تاماقلىرىڭلارنى روزا تۇتقان ۋە تۇتمىغان بارلىق ياخشى كىشىلەر يېدى» دېگەنلىكتۇر، بۇ ئىلگىرىكى جۈملىدىن ئومۇمىيراق بولغان مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«وصلت عليكم الملائكة» — «پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغپىرەت تىلىدى» دېگەنلىك بولىدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىستىن روزىدارنىڭ ئىپتارلىق بەرگۈچىلەرگە دۇئا قىلىپ قويۇشىنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تاماق يەيتتى**

قيس بن سعد رضي اللّٰه عنهما: زارنا رسول اللّٰه ﷺ في منزلنا، فقال: السلام عليكم ورحمة اللّٰه فرد سعد ردا خفيا [أي بحيث لا يسمع رسول اللّٰه ﷺ]، قال قيس: فقلت: ألا تأذن لرسول اللّٰه ﷺ؟ قال: ذره يكثر علينا من السلام ثم قال رسول اللّٰه ﷺ: السلام عليكم ورحمة اللّٰه فرد سعد ردا خفيا، ثم قال رسول اللّٰه ﷺ: السلام عليكم ورحمة اللّٰه فرجع رسول اللّٰه ﷺ، واتبعه سعد، فقال: يا رسول اللّٰه، قد كنت أسمع تسليمك، وأرد عليك ردا خفيا لتكثر علينا من السلام، فانصرف معه رسول اللّٰه ﷺ، فأمر له سعد بغسل فوضع، فاغتسل، ثم ناوله ملحفة مصبوغة بزعفران، وورس فاشتمل بها، ثم رفع رسول اللّٰه ﷺ يديه وهو يقول: «اللَّهُمَّ اجْعَلْ صَلَوَاتِكَ وَرَحْمَتَكَ عَلَى آلِ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ»

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② «فيض القدير» 2- توم 54- بەت.

ثم أصاب من الطعام، فلما أراد الانصراف قرب إليه سعد حمارا قد وطأ عليه بقطيفة، فركب رسول الله ﷺ، فقال سعد: يا قيس، اصحب رسول الله ﷺ، قال قيس: فقال رسول الله ﷺ: اركب فأبيت، ثم قال: إما أن تركب، وإما أن تنصرف قال: فانصرفت.

قەيس ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بىزنى يوقلاپ ئۆيىمىزگە كەلدى ـ دە، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ! ــ دېدى. دادام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سالىمىغا ناھايىتى بوش ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى. مەن:

ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەرمەمسەن؟ ــ دەپ سورىسام، دادام:

ــ جىم تۇر! بىز ئۇنىڭ كۆپرەك سالىمىغا ئېرىشىۋالايلى، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ! ــ دېدى. دادامىمۇ بايىقىدەك جاۋاب قايتۇردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۈچىنچى قېتىم:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ! ــ دېگەندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتتى. دادام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىنىڭ سالىمىڭنى كۆپرەك ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن بوش ئاۋازدا جاۋاب قايتۇرغانىدىم. قېنى! ئۆيگە مەرھەمەت قىلغىن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى بىللە ئۆيگە كىردى. دادام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۇيۇنۇۋېلىشىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ﷺ (تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ) يۇيۇندى. يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، زەئپىران ياكى ۋەرس بىلەن بويالغان يېپىنچا سۇنۇپ بېرىلگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ئوراندى، ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى الله ! سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت ۋە سالامەتچىلىك ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا تاماقلار ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ﷺ تاماقتىن كېيىن قايتماقچى

بولغانىدى، دادام پالاس توقۇلغان بىر ئېشەكنى يېتىلەپ كېلىپ مىنىشنى تەلەپ قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا مىندى. دادام:

— ئى قەيس! رەسۇلۇللاھقا ھەمرا بولغىن، — دېدى. (ئازراق ماڭغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر ﷺ:

— ئارقامغا مىنىۋالغىن! — دېدى، لېكىن مەن ئۇنىماي تۇرۇۋالسام:

— يا مىنىۋال ياكى (ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي) قايتىپ كەتكىن! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن (ئۆيگە) قايتىپ كەتتىم.[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ قوياتتى**

عن أسيد بن حضير رضي اللّه عنه (وكان أسيد من عقلاء الأشراف، وذوي الرأي، وأحدالنقباء الاثني عشر ليلة العقبة) قال: «بينما هو يحدث القوم وكان فيه مزاح بينا يضحكهم، فطعنه النبي ﷺ، في خاصرته بعود، فقال: أصبرني، فقال: «اصطبر»، فقال: إن عليك قميصا، وليس علي قميص، فرفع النبي ﷺ عن قميصه فاحتضنه، وجعل يقبل كشحه، وقال: إنما أردت هذا يا رسول اللّه»

ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ (ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشى بولۇپ، ئەقەبە كېچىسى باشلىق قىلىنغان 12 كىشىنىڭ بىرى ئىدى): «مەن ناھايىتى چاقچاقچى ئىدىم. بىر كۈنى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ﷺ بېقىنىمغا تاياق بىلەن نوقۇپ قويدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ بېقىنىڭغا نوقۇپ قىساسىمنى ئالىمەن، — دېدىم، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ:

— مانا، ئېلىۋال! — دەپ تۇرۇپ بەردى. مەن:

سېنىڭ ئۈچاڭدا كۆينەك بار ئىكەن، مېنىڭكىدە يوق ئىدى، — دەپ

---

① ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئىبنى مۇلقىن «البدر المنير» ناملىق كىتابىدا «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

تۇرۇۋالسام، پەيغەمبەر ﷺ كۆينىكىنى كۆتۈرۈپ بەردى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نى قۇچاقلىۋېلىپ بېقىنىغا سۆيۈشكە باشلىدىم ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنى مەقسەت قىلغانىدىم، — دېدىم.①

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن كېسەل بولۇپ قالغانلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتى**

عن عائشة رضي اللّٰه عنها قالت: «أصيب سعد بن معاذ [سيد الاوس] يوم الخندق، رماه رجل من قريش يقال له: حبان بن العرقة، فضرب النبي ﷺ له خيمة في المسجد، ليعوده من قريب»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەك غازىتىدا يارىلاندى. قۇرەيش قەبىلىسىدىن ھىببان ئىبنى ئەرىقە دېگەن كىشى ئاتقان ئوق ئۇنىڭ بىلىكىدىكى جان تومۇرىغا تەگكەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەسجىدكە چېدىر تىكتۇردى».②

ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دېگەن: «كېسەل كىشىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇش سۈننەتتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى مۇئازنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، مەسجىدكە چېدىر قۇرغان ئىدى».③

پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغان.

عن جابر رضي الله عنه قال: «رمي يوم الأحزاب سعد بن معاذ، فقطعوا أكحله، فحسمه رسول اللّٰه ﷺ بالنار، فانتفخت يده، فحسمه، فانتفخت يده، فحسمه أخرى، فانتفخت يده، فنزفه، فلما رأى ذلك قال: «اللَّهُمَّ لَا تُخْرِجْ نَفْسِي حَتَّى تُقِرَّ عَيْنِي مِنْ بَنِي قُرَيْظَةَ»، فاستمسك عرقه، فما قطر قطرة حتى نزلوا على حكم سعد،فلما فرغ من أمرهم، انفتق عرقه، فمات».

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «تحفة الأحوذي» 4 ـ توم 38 ـ بەت.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەھزاب غازىتىدا سەئىد ئىبنى مۇئازغا ئوق تېگىپ بىلىكىدىكى جان تومۇرىنى ئۈزۈۋەتتى. (قان توختىماي ئاققانلىقى ئۈچۈن) پەيغەمبەر ﷺ سەئىدنىڭ يارىسىنى ئوتتا داغلىدى، ئەمما ئۇنىڭ قولى ئىششىپ كەتتى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يەنە بىر قېتىم داغلىدى، ئۇنىڭ قولى يەنە ئىششىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە داغلىغانىدى، سەئىدنىڭ قولى يەنە ئىششىپ قانسىراپ كەتتى. سەئىد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «ئى الله ! بەنى قۇرەيزە ھەققىدە كۆڭلۈم تىنجىماي تۇرۇپ جېنىمنى ئالمىغىن» دەپ دۇئا قىلغانىدى، قان توختاپ قالدى ۋە بەنى قۇرەيزە ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغۇچە بىر تامچىمۇ ئاقمىدى. سەئىد ئۇلارنىڭ ئىشىدىن بىكار بولغاندىن كېيىن يارىسى ئېچىلىپ، قانسىراپ جان ئۈزدى.[①]

پەيغەمبەر ﷺ خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ يوقلاپ بارغان.

عن عبد اللّه بن عمر رضي اللّه عنهما أنه قال: كنا جلوسا مع رسول اللّه ﷺ إذ جاءه رجل من الأنصار، فسلم عليه، ثم أدبر الأنصاري، فقال رسول اللّه ﷺ: «يا أخا الأنصار، كيف أخي سعد بن عبادة؟» فقال: صالح، فقال رسول اللّه ﷺ: «من يعوده منكم؟» فقام وقمنا معه، ونحن بضعة عشر، ما علينا نعال، ولا خفاف، ولا قلانس، ولا قمص، نمشي في تلك السباخ، حتى جئناه، فاستأخر قومه من حوله حتى دنا رسول اللّه ﷺ وأصحابه الذين معه. فقال «قد قضى»؟ قالوا: لا يا رسول اللّه، فبكى ﷺ فلما رأى القوم بكاءه بكوا، قال «ألا تسمعون إن اللّه لا يعذب بدمع العين ولا بحزن القلب، ولكن يعذب بهذا -وأشار إلى لسانه- أو يرحم».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئولتۇرغانىدۇق. ئەنسارىلاردىن بىر كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سالام بېرىپ كەينىگە ياندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

① ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ــ ئى ئەنسارىلارنىڭ قېرىنداشلىرى! قېرىنداشلىرىم سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

ــ ئەھۋالى ياخشى، ــ دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ قايسىڭلار مەن بىلەن بىرگە ئۇنى يوقلاپ كېلىسىلەر؟ ــ دېدى-دە، ئورنىدىن تۇردى، بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بىز ئون نەچچە كىشى بولۇپ، شورلۇقتا ماڭغىنىمىزدا بىزنىڭ نە كەش، نە ئۆتۈك، نە باش كىيىمىمىز، نە كۆينىكىمىز يوق ئىدى. بىز شۇ ماڭغانچە سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ قېشىغا باردۇق. قەۋمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىن قوزغىلىپ بىزگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن كەلدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ جان ئۈزۈپ بولدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ــ ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ يىغلاشقا باشلىدى، بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ماڭا قۇلاق سېلىڭلاركى، الله كۆزنىڭ يېشى ياكى قەلبنىڭ قايغۇرۇشى بىلەن ئازابلىمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ بىلەن ئازابلايدۇ ياكى رەھمەت قىلىدۇ، ــ دەپ تىلىغا ئىشارەت قىلدى.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

كېسەل كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

كېسەل كىشىنى يوقلاشنىڭ مۇستەھەبلىكى.

پەزىلەتلىك كىشىنىڭ پەزىلەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىنى يوقلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

ئىمام، قازى ۋە ئالىملاردىن ئىبارەت پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىمام ۋە ئالىم كىشى كېسەل يوقلىغاندا ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە يوقلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

ساھابىلەرنىڭ مال-دۇنياغا بېرىلمىگەنلىكى، ئېھتىياجىغا يېتەرلىك نەرسىلەر بىلەن كۇپايىلىنىپ ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا قىزىقمىغانلىقى، ئېسىل كىيىم-كېچەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەنلىكى.

ياللاڭئاياق مېڭىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئىشلارنى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرگە مەسلىھەت سېلىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلغان**

پەيغەمبەر ﷺ بەدر غازىتىدا ئەنسارىلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

عن أنس بن مالك رضي الله عنه: أن رسول اللَّه ﷺ شاور حين بلغه إقبال أبي سفيان، فتكلم أبو بكر، فأعرض عنه، ثم تكلم عمر، فأعرض عنه، فقام سعد ابن عبادة، فقال: «إيانا تريد يا رسول اللَّه؟ والذي نفسي بيده لو أمرتنا أن نخيضها البحر لأخضناها، ولو أمرتنا أن نضرب أكبادها إلى برك الغماد لفعلنا»، فندب ﷺ الناس فانطلقوا حتى نزلوا بدرا.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ (شامدىن) كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە قۇلاق سالمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزىگىمۇ ئانچە قۇلاق سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قارىغاندا، بىز (ئەنسارىلار)نىڭ مەسلىھەت بېرىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىسەن. جېنىم قولىدا بولغان زات

[1] «فتح الباري» 3- توم 176- بەت. «شرح النووي على صحيح مسلم» 6- توم 227- بەت.

اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناۋادا ئاتلىرىمىزنى دېڭىزغا چاپتۇرۇشقا بۇيرۇساڭ، قىلچە ئىككىلەنمىگەن ھالدا چاپتۇرىمىز. ناۋادا تۆگىلىرىمىزنىڭ بىقىنىغا دېۋىتكەن پېتى بەركىلغىمادقىچە بېرىشقا بۇيرۇساڭ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى غازاتقا چىقىشقا چاقىردى. ئۇلار ئاتلىنىپ بەدرگە بېرىپ چۈشتى.①

رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشاللانغان ئىدى.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنسارىلارنىڭ پىكرىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدى، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن ئۆزىنى دۈشمەنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداشقىلا بەيئەت ئالغان، ئەمما بىرگە ئۇرۇشقا چىقىش ۋە دۈشمەنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بەيئەت ئالمىغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ كارۋىنىنى قولغا چۈشۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەنسارىلارنىڭ بۇنىڭغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندا، ئۇلار ھەر قېتىمدا ئۆزلىرىنىڭ تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

بۇ ھەدىستىن، بىرەر ئىشقا قارار بەرگەندە يېنىدىكى كىشىلەر ۋە باشقا پىكرى ئۆتكۈر، تەجرىبىلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىشنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ».②

رەسۇلۇللاھ ﷺ خەندەك كۈنى ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىگە (غەتفان قەبىلىسىنىڭ باشلىقىغا) مەدىنىنىڭ خورمىلىرىدىن بېرىش ھەققىدە سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغان. بۇ ئەھۋال قۇرەيشلەر 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى غەتفان ۋە ئۆزگە قوشۇلغان باشقا ئەسكەرلەر

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 12- توم 124- بەت.

بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن؛ ھۆيەي ئىبنى ئەختەب بەنۇ قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنى كېلىشىمنى بۇزۇشقا كۈشكۈرتۈپ، بەنۇ قۇرەيزە كېلىشىمنى بۇزغان؛ مۇسۇلمانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەردىن تېڭىرقاپ قالغان بىر پەيتتە بولغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىنىڭ غەتفاندىن بىرگە ئېلىپ كەلگەن قوشۇنىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، بىرلەشمە قوشۇنىنى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشى بەدىلىگە ئۇنىڭغا مەدىنىدىن چىققان مېۋىلەرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغان. چۈنكى، بۇ ئىككىسى قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، سەئىد ئىبنى مۇئاز ئەۋس قەبىلىسىنىڭ، سەئىد ئىبنى ئۇبادە خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇڭلاشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىش ھەققىدە ئۇ ئىككىسىدىن مەسلىھەت سورىغان.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «خەندەك كۈنى مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەچكە، رەسۇلۇللاھ ﷺ غەتفان قەبىلىسىنىڭ رەھبەرلىرى بولغان ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى ۋە ھارىس ئىبنى ئەۋف بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن ئۆز قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش بەدىلىگە ئۇلارغا مەدىنە مېۋىلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈشنى ئويلاپ، سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن مەسلىھەت سورىغانىدى. ئۇلار: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بۇ الله بۇيرۇغان ئىش بولسا، سۆزۈڭنى ئاڭلايمىز ۋە ساڭا شەرتسىز ئىتائەت قىلىمىز، ئەمما بىزنىڭ مەنپەئىتىمىزنى دەپ شۇنداق قىلماقچى بولساڭ، بىز ئۇنىڭغا قوشۇلمايمىز. چۈنكى، بىز ۋە ئۇلار الله قا شېرىك كەلتۈرىدىغان ۋە بۇتقا چوقۇنۇپ يۈرگەن مۇشرىك چاغلىرىمىزدا بۇ خەلقلەر بىزنىڭ يەل-يېمىشلىرىمىزنى زىياپەت سورۇنلىرىمىزدا ياكى پۇل ساناپ سېتىۋالغاندىلا

يېيەلەيتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە الله بىزنى ئىسلام بىلەن ھۆرمەتلەپ ۋە ھىدايەت قىلىپ، بىزنى سەن ئارقىلىق ئىززەتكە ئېرىشتۈرگەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا ماللىرىمىزنى تارتۇق قىلىمىزمۇ؟ ياق... الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارغا قىلىچلا بېرىمىز، خالاس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىككىيلەننىڭ پىكرىنى توغرا كۆرۈپ: ‹إنما هو شيء أصنعه لكم لما رأيت العرب قد رمتكم عن قوس واحدة› ‹شۇنداق، بۇ مېنىڭ ئۆز پىكرىم ئىدى. پۈتۈن ئەرەبلەر بىر يەكدىن قول چىقىرىپ سىلەرگە ھۇجۇم قوزغىغاچقا، شۇنداقراق بىر ئامال قىلايمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم› دېدى».①

مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بەزىدە نوپۇزلۇق كىشىلەردىن مەسلىھەت سورايتتى.

عبد اللَّه بن عباس رضي اللَّه عنه: إن عمر بن الخطاب (رضي اللَّه عنه) خرج إلى الشأم، حتى إذا كان بسرغ لقيه أمراء الأجناد أبو عبيدة بن الجراح وأصحابه فأخبروه أن الوباء قد وقع بأرض الشأم قال ابن عباس فقال عمر ادع لي المهاجرين الأولين فدعاهم فاستشارهم وأخبرهم أن الوباء قد وقع بالشأم فاختلفوا فقال بعضهم قد خرجت لأمر ولا نرى أن ترجع عنه وقال بعضهم معك بقية الناس وأصحاب رسول اللَّه ﷺ ولا نرى أن تقدمهم على هذا الوباء فقال ارتفعوا عني ثم قال ادعوا لي الأنصار فدعوتهم فاستشارهم فسلكوا سبيل المهاجرين واختلفوا كاختلافهم فقال ارتفعوا عني ثم قال ادع لي من كان ها هنا من مشيخة قريش من مهاجرة الفتح فدعوتهم فلم يختلف منهم عليه رجلان فقالوا نرى أن ترجع بالناس ولا تقدمهم على هذا الوباء فنادى عمر في الناس إني مصبح على ظهر فأصبحوا عليه قال أبو عبيدة بن الجراح أفرارا من قدر اللَّه فقال عمر لو غيرك قالها يا أبا عبيدة نعم نفر من قدر اللَّه إلى قدر اللَّه أرأيت لو كان لك إبل هبطت واديا له عدوتان إحداهما خصبة والأخرى جدبة أليس إن رعيت الخصبة رعيتها بقدر اللَّه وإن رعيت الجدبة رعيتها بقدر اللَّه قال فجاء عبد الرحمن بن عوف وكان متغيبا في بعض حاجته فقال إن عندي في هذا علما سمعت رسول

① «زاد المعاد» 3- توم 240- بەت. ئىبنى ھىشامنىڭ «سيرة النبوية» ناملىق كىتابى 2- توم 223- بەت.

اللّٰه ﷺ يقول إذا سمعتم به بأرض فلا تقدموا عليه وإذا وقع بأرض وأنتم بها فلا تخرجوا فرارا منه قال فحمد اللّٰه عمر ثم انصرف.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا قاراپ يولغا چىقىپ سەرغ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەسكىري قوماندانلاردىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چىقىپ، شامدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر مېنى ئاۋۋال ھىجرەت قىلغانلارنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، مەن ئۇلارنى چاقىردىم. ئۆمەر ئۇلارغا شامدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغانىدى، ئۇلار ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلىرى:

ــــ سەن چوڭ بىر ئىش ئۈچۈن چىقتىڭ، بىز سېنىڭ قايتىپ كېتىشىڭنى توغرا كۆرمەيمىز، ــــ دېدى. يەنە بەزىلىرى:

ــــ سەن بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى بار، بىز سېنىڭ ۋابا كېسىلى تارقالغان جايغا ئۇلارنى ئېلىپ كىرىشىڭنى راۋا كۆرمەيمىز، ــــ دېيىشتى. ئۆمەر ئۇلارغا:

ــــ قايتىپ تۇرۇڭلار، ــــ دەپ، مېنى ئەنسارىلارنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدىم، ئۆمەر ئۇلارغىمۇ مەسلىھەت سالدى. ئۇلارمۇ مۇھاجىرلارغا ئوخشاش ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆمەر ئۇلارغىمۇ:

ــــ قايتىپ تۇرۇڭلار! ــــ دېدى. ئاندىن ماڭا:

ــــ مەككە فەتىھ بولغان يىلى ھىجرەت قىلغان مۇشۇ يەردىكى قۇرەيش پېشقەدەملىرىنى چاقىرىپ كەل! ــــ دېدى، ئۇلارنى چاقىردىم. ئۇلاردىن ھېچكىم ئىختىلاپ قىلىشماي ھەممىسى بىردەك:

ــــ بىز سېنىڭ بۇ ۋابا كېسىلى تارقالغان يەرگە بارماي، كىشىلەرنى ئارقىغا

ياندۇرۇپ قايتىپ كېتىشىڭنى ياخشى دەپ قارايمىز، — دېيىشتى. ئۆمەر كىشىلەرگە نىدا قىلىپ:

— مەن تاڭ ئېتىشى بىلەن (مەدىنىگە) قايتماقچى، سىلەرمۇ سەپەرگە تەييارلىنىڭلار! — دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ:

— الله نىڭ تەقدىرىدىن قېچىپ قايتماقچىمۇسەن؟ — دېگەنىدى، ئۆمەر:

— ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! كاشكى، بۇ گەپنى سەندىن باشقىلار دېگەن بولسىچۇ. ھەئە، الله نىڭ تەقدىرىدىن الله نىڭ يەنە بىر تەقدىرىگە قاچماقچىمىز. قېنى، سەن دەپ باقە! ئەگەر سېنىڭ بىر تۆگەڭ بار بولۇپ بىر ۋادىغا چۈشسەڭ، ۋادىنىڭ بىر تەرىپى ئوت-چۆپلۈك، يەنە بىر تەرىپى قاقاسلىق بولسا، تۆگەڭنى ئوت-چۆپلۈك يېرىدە ئوتلاتساڭمۇ الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن ئوتلاتقان ۋە ئوت-چۆپلىرى يوق قاقاسلىق يېرىدە باقساڭمۇ الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن ئوتلاتقان بولمامسەن؟ — دېدى.

بۇ ۋاقىتتا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردە يوق ئىدى. كېيىن ئۇ كېلىپ:

— بۇ ھەقتە مېنىڭ ئىلمىم بار، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئەگەر بىر يەردە ۋابا كېسەللى بار دەپ ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلار! ئەگەر ۋابا كېسەللى سىلەر تۇرۇۋاتقان يەردە بولسا، ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر الله تائالاغا ھەمدە ئېيتتى ۋە قايتىپ كەتتى.[1]

**بۇ ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ۋابا تارقالغان يەردىن چىقىشتىن ۋە ئۇ يەرگە كىرىشتىن چەكلەنگەنلىكى، بۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدە كۆرسىتىلگەن يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىدىن ئىكەنلىكى.

بۇ ئۇسۇل يېقىنقى زامان تېبابىتىدە «يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، بۇنى ئىسلامنىڭ ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى.

ئالىملار يېقىنقى زامان تېبابىتىدە يۇقۇملۇق كېسەلنى مەلۇم بىر رايوندىلا كونترول قىلىپ، ۋابا تارقالغان رايوندىن چىقىشنى چەكلەش ئارقىلىق اللە نىڭ ياردىمى بىلەن تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

ۋابا تارقالغان رايونغا كىرىشنى چەكلەش ئىسلام ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويغان يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى بولغىنىدەك، ئۇ رايوندىن چىقىپ كېتىشنى چەكلەشمۇ ئىسلام بىرنەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا تېببىي ئاساسلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدىن ئىكەنلىكى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇمايتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلايتتى**

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أن النبي ﷺ قال في أسارى بدر:لو كان المطعم بن عديٍّ حياً ثم كلمني في هؤلاء النتنى لتركتهم له» ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدى ھايات بولۇپ، ماۋۇ سېسىقلار توغرۇلۇق ماڭا گەپ قىلغان بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ بۇلارنى چوقۇم قويۇپ بەرگەن بولاتتىم».[2]

پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزنى مۇتئىمنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب

[1] «مجلة البحوث الإسلامية» 71- توم 371، 372- بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

قايتۇرۇش يۈزىسىدىن ئىيتقان، چۈنكى ئىلگىرى سۆزلىنىپ ئۆتكىنىدەك پەيغەمبەر ﷺ تائىفتىن قايتقاندىن كېيىن مەككىدىكى ۋاقتىدا مۇتئىم ئىبنى ئەدىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن.

پەيغەمبەر ﷺ خەيبەر غازىتىدا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى ئارىيەتكە ئالغان بولۇپ، ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا مۇكاپات بېرىپ، قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلغان.

سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن رسول الله ﷺ استعار منه يوم خيبر أدراعا فقال: أغصبا يا محمد؟ فقال: بل عارية مضمونة قال: فضاع بعضها، فعرض عليه رسول الله ﷺ أن يضمنها له، فقال: أنا اليوم يا رسول الله في الإسلام أرغب» «رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەر كۈنى مەندىن بىرقانچە ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلارنى ئارىيەتكە سورىغاندا، مەن ئۇنىڭدىن: <ئى مۇھەممەد! بۇلارنى قايتۇرۇپ بەرمەمسەن؟> دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئارىيەتكە سورىدىم، قايتۇرۇپ بېرىمەن> دېدى. جەڭدە ساۋۇتلارنىڭ بەزىسى يۈتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ سەفۋانغا يۈتۈپ كەتكەن ساۋۇتلارنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى دېگەنىدى، سەفۋان: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۈگۈن ئىسلامغا كىرىشكە قىزىقىۋاتىمەن> دېدى».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇنەيىن كۈنى يۈتتۈرۈپ قويغان دۇبۇلغىلارنىڭ ئورنىنى سەفۋانغا تولۇقلاپ بەرگەن.

ئىبنى شىھاب مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككە فەتىھ بولغان يىلى مەككىنى فەتىھ قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن ھۇنەيىنگە قاراپ يولغا چىقىپ، شۇ يەردە مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. الله تائالا ئۆز دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ كۈنى سەفۋان ئىبنى

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇمەييەگە 100 تۆگە بەردى، كېيىن يەنە 100نى بەردى، ئاندىن يەنە 100نى بەردى.

ئىبنى شىهاب يەنە مۇنداق دېگەن: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ماڭا سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا دەسلەپ مال ـ دۇنيا بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىم ئىدى. ھەتتا ئۇ ماڭا بېرىۋېرىپ، ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ئايلاندى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىمۇ (قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن) مۇكاپاتلىغان.

جابر بن عبد اللّٰه رضي اللّٰه عنهما قال: «أتى النبي ﷺ عبد اللّٰه بن أبي بعد ما أدخل حفرته، فأمر به فأخرج، فوضعه على ركبتيه، ونفث عليه من ريقه، وألبسه قميصه، فاللّٰه أعلم. وكان كسا عباسا قميصا. قال سفيان بن عيينة: وقال أبو هارون وكان على رسول اللّٰه ﷺ قميصان فقال له ابن عبد اللّٰه يا رسول اللّٰه ألبس أبي قميصك الذي يلي جلدك قال سفيان: فيرون أن النبي ﷺ ألبس عبد اللّٰه قميصه مكافأة لما صنع».

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى قەبرىسىگە ئەكىرىپ بولغاندا يېتىپ كېلىپ، ئۇنى قەبرىسىدىن ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇ چىقىرىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى تىزىغا قويۇپ، تۈكۈرۈكى بىلەن سۈپلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈپ قويدى (بۇنداق قىلىشىنىڭ سىرىنى الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر). ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىلگىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى ئابباسقا بىر كۆينەك ھەدىيە قىلغان ئىدى. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە ئەبۇ ھارۇن مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈچىسىدا ئىككى كۆڭلەك بار ئىدى،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى: «ئى رەسۇلۇللاھ! دادامغا سېنىڭ بەدىنىڭگە تەگكەن كېيىمىڭنى كىيگۈزۈپ قويغان بولساڭ» دېدى. سۇفيان يەنە مۇنداق دېگەن ئالىملار: «پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن كۆڭلىكىنى ئۇنىڭغا مۇكاپات ئورنىدا كىيدۈرۈپ قويغان» دەپ قارايدۇ.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مۇنكەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن ياردەم سورىغان**

قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىمدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: قال لي النبي ﷺ: ألا تريحني من ذي الخلصة؟ وكان بيتا في خثعم يسمى كعبة اليمانية. فانطلقت في خمسين ومائة فارس من أحمس، وكانوا أصحاب خيل، وكنت لا أثبت على الخيل فضرب في صدري حتى رأيت أثر أصابعه في صدري، وقال: اللّهم ثبته، واجعله هاديا مهديا. فانطلق إليها، فكسرها وحرقها، ثم بعث الى رسول اللّه ﷺ فقال رسول جرير: والذي بعثك بالحق، ما جئتك حتى تركتها كأنها جمل أجرب. قال: فبارك رسول اللّه ﷺ على خيل أحمس ورجالها خمس مرات.

پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «مېنى زۇلخەلەسەنىڭ پىتنىسىدىن ئارام تاپتۇرمامسەن؟!» دېدى. ئۇ خەسئەم قەبىلىسىدىكى بىر بۇتخانا بولۇپ، ئۇ «يەمەنلىكلەرنىڭ كەئبىسى» دەپ ئاتىلاتتى. مەن ئەھمەس قەبىلىسىدىن 150 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقتىم. ئۇلار ئات مىنىشكە ماھىر ئىدى، ئەمما مەن ئات ئۈستىدە مۇستەھكەم ئولتۇرالمايتتىم، پەيغەمبەر ﷺ قولى بىلەن مەيدەمگە ئۇرۇپ قويدى. مەن مەيدەمدە ئۇنىڭ قولىنىڭ ئىزىنى كۆردۈم. ئۇ دۇئا قىلىپ: «ئى الله ! ئۇنى (ئات ئۈستىدە) مەزمۇت ئولتۇرغۇزغىن ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگۈچىلەردىن قىلغىن» دەپ دۇئا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلدى.

قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دېگەن: شۇنىڭ بىلەن جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇ يەرگە بېرىپ بۇتخانىنى چېقىپ، ئۇنىڭغا ئوت قويۇۋەتتى، ئاندىن كېيىن ئۇ بىر ئادەمنى پەيغەمبەر ﷺ گە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ بۇتخانىنى خۇددى قوتۇر تۆگىدەك قالدۇرۇپ قويۇپ سېنىڭ يېنىڭغا كەلدىم» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئەھمەس قەبىلىسىنىڭ كىشىلىرىگە ۋە ئاتلىرىغا بەرىكەت تىلەپ بەش قېتىم دۇئا قىلدى.[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ئىشقا جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاللىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ بۇتخانا جەرىرنىڭ قەۋمىدىكىلەر ياشايدىغان يۇرتقا جايلاشقان بولۇپ، جەرىر شۇ قەۋمنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن ئىدى.[2]

پەيغەمبەر ﷺ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە بىلەن ئەبۇ سۇفيانىنى رىببە دېگەن بۇتنى چېقىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇ بۇت تائىفنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى بىرەر نەرسە بىلەن ئۇراپ قوياتتى ۋە بەيتۇللاھقا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئاتاپ مال قۇربانلىق قىلاتتى.[3]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە بىرەر نەرسە بەرگەندە، نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەڭ ئاۋۋال ۋە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك بېرەتتى.**

الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھۇنەين غازىتىدا نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرەيشلىكلەردىن يېڭى ئىسلامغا كىرگەن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «فتح الباري» 8- توم 72- بەت.
[3] «زاد المعاد» 3- توم 523- بەت.

نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا كۆپلىگەن ھەدىيىلەرنى بەرگەن.

عن رافع بن خديج رضي الله عنه قال: أعطى رسول اللَّه ﷺ أبا سفيان بن حرب وصفوان بن أمية وعيينة بن حصن والأقرع بن حابس كل إنسان منهم مائة من الإبل، وأعطى عباس بن مرداس دون ذلك، فقال عباس بن مرداس:

أتجعل نهبي ونهب العبيد بين عيينة والأقرع

فما كان بدر ولا حابس يفوقان مرداس في مجمع

وما كنت دون امرئ منهما ومن تخفض اليوم لا يرفع

قال: فأتم له رسول اللَّه ﷺ مائة.

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى، ئەقرەئ ئىبنى ھابىس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىگە يۈزدىن تۆگە بېرىپ، ئابباس ئىبنى مىرداسقا ئۇنىڭدىن ئازراق بەرگەنىدى، ئۇ:

(ئېتىم) ئۇبەيد ئىككىمىزنىڭ ئولجىسىنى،

ئۇيەينە بىلەن ئەقرەئنىڭكىدىن كەم بەردىڭمۇ؟

جەڭگاھتا ئىككىسىدىن قايسىبىرىنىڭ،

مىرداستىن ئۈستۈن كەلگىنىنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟

ئۇلاردىن قالغۇدەك يېرىم يوق مېنىڭ،

يۈز تاپماس بۈندىن كېيىن، تۆۋەن قىلغىنىڭ

دەپ شېئىر ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغىمۇ كېمىنى قوشۇپ، يۈز تۇياق تۆگە بەردى.[1]

[1] مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ نوپۇزلۇق كىشىلەرگە يۇقىرىقىدەك مۇئامىلە قىلغان ئىدى. بۇ مۇئامىلە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، بەزىلىرى مۇسۇلمان بولغان، يەنە بەزىلىرى يامانلىق قىلىشتىن توختىغان.

وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال: بعث علي وهو باليمن إلى النبي ﷺ بذهيبة في تربتها، فقسمها بين الأقرع بن حابس الحنظلي، ثم أحد بني مجاشع، وبين عيينة بن بدر الفزاري، وبين علقمة بن علاثة العامري، ثم أحد بني كلاب، وبين زيد الخيل الطائي، ثم أحد بني نبهان، قال: فتغيظت قريش والأنصار، فقالوا: يعطيه صناديد أهل نجد، ويدعنا؟ قال: إنما أتألفهم فأقبل رجل غائر العينين، ناتئ الجبين، كث اللحية، مشرف الوجنتين، محلوق الرأس، فقال: يا محمد اتق اللَّه، قال النبي ﷺ: فمن يطيع اللَّه إذا عصيته، فيأمنني على أهل الأرض ولا تأمنوني فسأل رجل من القوم قتله أراه خالد بن الوليد فمنعه النبي ﷺ، فلما ولى قال النبي ﷺ: إن من ضئضئ هذا قوما يقرءون القرآن، لا يجاوز حناجرهم، يمرقون من الإسلام مروق السهم من الرمية، يقتلون أهل الإسلام، ويدعون أهل الأوثان، لئن أنا أدركتهم، لأقتلنهم قتل عاد.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىكى چېغىدا پەيغەمبەر ﷺ گە توپىسىدىن ئايرىلمىغان بىر پارچە ئالتۇن ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئالتۇننى ئەقرە ئىبنى ھابىس ھەنزەلى (ئۇ بەنۇ مەجاشىئ قەبىلىسىدىن ئىدى)، ئۇيەينە ئىبنى بەدر فەزارى، ئەلقەمە ئىبنى ئۇلاسە ئامىرى (ئۇ بەنى كىلاب جەمەتىدىن ئىدى) ۋە زەيدۇلخەيلى تائى (ئۇ نەبھان جەمەتىدىن ئىدى) قاتارلىق تۆت كىشىگە بۆلۈپ بەردى بۇنى كۆرگەن قۇرەيش خەلقى بىلەن ئەنسارىلار:

— نەجد خەلقىنىڭ كاتتىلىرىغا بەردى-يۇ، بىزگە بەرمىدى، — دېيىشكەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— مەن ئالتۇننى ئۇلارغا بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىسلامغا مايىل قىلماقچىمەن، — دېدى. شۇ ئەسنادا، ئورا كۆزلۈك، ئىككى مەڭزى سەل ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، كەڭ پېشانىلىك، قويۇق ساقاللىق، چېچىنى

چۇشۇرۇۋەتكەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە:

ــ ئى مۇھەممەد! الله تىن قورققىن! ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئەگەر مەن الله قا ئاسىيلىق قىلسام، ئۇنىڭغا كىم ئىتائەت قىلىدۇ؟ الله تائالا پۈتۈن دۇنيا خەلقى ھەققىدە ماڭا ئىشەنگەن تۇرسا، سىلەر ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟ ــ دېدى. ساھابىلەردىن بىرى (خالىد ئىبنى ۋەلىد بولسا كېرەك) ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى توسۇپ قويدى ۋە ئۇ ئادەم كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

ــ بۇنىڭ ئەۋلادىدىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما ئوقۇغان قۇرئانلىرى بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار خۇددى ئېتىلغان ئوق ئوۋدىن چىقىپ كەتكەندەك دىندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار مۇشرىكلارنى تاشلاپ قويۇپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ زامانىغىچە ياشاپ قالسام، خۇددى ئاد قەۋمى تەلتۆكۈس يوقىتىلغاندەك بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىۋېتەتتىم (ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم)، ــ دېدى.[①]

وعن أنس بن مالك رضي الله عنه: أن ناسا من الأنصار قالوا لرسول اللّه ﷺ حين أفاء اللّه على رسوله من أموال هوازن ما افاء، فطفق يعطي رجالا من قريش المائة من الإبل فقالوا: يغفر اللّه لرسول اللّه ﷺ يعطي قريشا ويدعنا، وسيوفنا تقطر من دمائهم. قال أنس: فحدث رسول اللّه ﷺ بمقالتهم، فأرسل إلى الأنصار فجمعهم في قبة من أدم، ولم يدع معهم غيرهم، فلما اجتمعوا جاءهم رسول اللّه ﷺ فقال: ما كان حديث بلغني عنكم؟ فقال له فقهاءهم: أما ذوو آرائنا فلم يقولوا شيئا وأما أناس منا حديثة أسنانهم، فقالوا يغفر اللّه لرسول اللّه ﷺ، يعطي قريشا ويترك الانصار، وسيوفنا تقطر من دمائهم. فقال رسول اللّه ﷺ: إني أعطي رجالا حديث عهدهم بكفر، أما ترضون أن يذهب الناس بالأموال وترجعون إلى رحالكم برسول اللّه ﷺ؟ فواللّه ما تنقلبون به خير مما

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ينقلبون به. قالوا بلى يا رسول اللّٰه، قد رضينا» فقال لهم: إنكم سترون بعدي أثرة شديدة، فاصبروا حتى تلقوا اللّٰه ورسوله فاني على الحوض [زاد مسلم في رواية. قالوا: سنصبر] قال أنس: فلم نصبر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: اللہ تائالا ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ گە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ قۇرەيشلىك بەزى كىشىلەرگە يۈز تۆياقتىن تۆگە بەرگىلى تۇرغان ئىدى، ئەنسارىلاردىن بەزىلەر:

ـــ اللہ پەيغەمبىرىگە مەغپىرەت قىلسۇن! ئۇلارنىڭ (قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ) قانلىرى ھېلىھەم قىلىچلىرىمىزدىن تېمىپ تۇرۇۋاتسا، پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتنى قۇرەيشلەرگە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى، ـــ دېيىشتى. بۇ گەپ پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈلگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تېرىدىن تىكىلگەن بىر چېدىرغا يىغدى، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم چاقىرىلمىدى. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ بەزى گەپلىرىڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم، بۇ قانداق گەپ؟ ـــ دېگەندى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىكلىرى:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھۋالدىن خەۋىرى بولغان كىشىلەر بىرنەرسە دېگىنى يوق، ئەمما بەزى ياشلار تەنتەكلىك قىلىپ: «اللہ پەيغەمبىرىگە مەغپىرەت قىلسۇن! ئۇلارنىڭ (قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ) قانلىرى ھېلىھەم قىلىچلىرىمىزدىن تېمىپ تۇرۇۋاتسا، پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتنى قۇرەيشلەرگە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى» دەپ سالدى، ـــ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ كۇفرىدىن ئەمدىلا يانغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا تېخىمۇ مايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا غەنىيمەت بەردىم. باشقىلار ئۆيلىرىگە ماللارنى ئېلىپ قايتسا، سىلەر ئۆيلىرىڭلارغا اللہ نىڭ پەيغەمبىرىنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولمامسىلەر؟ اللہ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ئېلىپ قايتىدىغان

نەرسىلىرىدىن سىلەرنىڭ ئېلىپ قايتىدىغان نەرسەڭلار ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! رازى بولدۇق، — دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا يەنە:

— سىلەر پات يېقىندا مەندىن كېيىن قاتتىق شەخسىيەتچىلىكلەرنى كۆرىسىلەر، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇچراشقۇچە سەۋر قىلىڭلار، مەن ھەۋزى كەۋسەر بويىدا كۈتۈپ تۇرىمەن، — دېدى.

مۇسلىم يەنە بىر نەقىلدە: «ئۇلار <سەۋر قىلىمىز> دېدى» دېگەننى قوشۇپ نەقىل قىلغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «لېكىن، بىز سەۋر قىلالمىدۇق» دېگەن.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئەمىرنىڭ غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى سەرپ قىلىش، ئۇنىڭدىن مۇئەييەن كىشىلەرگە كۆپرەك بېرىش، غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىش ۋە مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈن بايلارغىمۇ غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن بېرىش ھەققىنىڭ بار ئىكەنلىكى.

يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان مايىللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا غەنىيمەتتىن بۆلۈپ بېرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىنتايىن كەمتەر ئىكەنلىكى.

دەۋا قىلغان كىشىلەرگە ھۆججەت تۇرغۇزۇش ۋە ھەقنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئېھتىياجلىق بولغاندا ھەقنى بايان قىلىپ دەۋاگەرنى قانائەتلەندۇرۇش كېرەكلىكى.

ئەنسارىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە تارقالغان خەۋەرلەرنىڭ ياشتا چوڭلاردىن ياكى ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن ئەمەس، بەلكى تەنتەك ياشلاردىن سادىر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولغانلىقىنى بايان قىلىشى، تالاش ـ تارتىش قىلىشمايدىغانلىقى، ناھايىتى ھايالىق ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەنسارىلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنى ناھايىتى گۈزەل سۆپەتلەر بىلەن ماختىغانلىقى.

چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنىڭ ۋە ئۇلارنى توغرىغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇلارغا شۇبھىلىك تەرەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنىڭ لازىملىقى.

ئەيىبلىگەن كىشىگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىش، ئەيىبلەنگەن كىشى ھۆججەت تۇرغۇزۇش ۋە ئۆزرە بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن ئەيىبلەشنى يوقۇتۇشىنىڭ لازىملىقى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «پات يېقىندا مەندىن كېيىن قاتتىق شەخسىيەتچىلىكلەرنى كۆرىسىلەر» دېگەنلىكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرىدىن ئىكەنلىكى.

دۇنيالىق ھەققىنى تەلەپ قىلغان كىشىنىڭ ئەيىبلەنمەيدىغانلىقى.

بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە كىشىلەرگە ئايرىم ياكى ئومۇمىي بولسۇن خۇتبە سۆزلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

خۇتبە سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇچىلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى مەخسۇس ئاتاپ تۇرۇپ سۆزلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

مال ـ دۇنيا بېرىلمىگەنلەرگە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ئەجىر ـ مۇكاپاتلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىشنىڭ لازىملىقى.

الله تائالادىن ھىدايەت، ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە موھتاجلىقتىن پاناھ سوراشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.

ئاخىرەتلىك ئىشلارنى دۇنيالىق ئىشلاردىن مۇھىم بىلىشنىڭ ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ئەجىر ـ ساۋابى ئۈچۈن ئايرىلىپ قالغان ماللىرىغا

ئۈكۈنمەسلىكىنىڭ لازىملىقى. ئاخىرەت يۇرتىنىڭ ھاياتىي دۇنيادىن ياخشى ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بەزى نوپۇزلۇق كىشىلەرگە ئۆز لايىقىدا قاتتىق مۇئامىلە قىلغان**

وعن عبداللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه بينما رسول اللَّه ﷺ قائم يصلي عند الكعبة، وجمع قريش في مجالسهم، إذ قال قائل منهم [هو: أبو جهل] ألا تنظرون إلى هذا المرائي؟، أيكم يقوم إلى جزور آل فلان، فيعمد إلى فرثها ودمها وسلاها، فيجيء به ثم يمهله، حتى إذا سجد، وضعه بين كتفيه، فانبعث أشقى القوم [هو: عقبة بن أبي معيط] فجاء به، فنظر حتى سجد النبي ﷺ وضعه على ظهره بين كتفيه وأنا أنظر لا أغني شيئا، لو كان لي منعة طرحته عن رسول اللَّه ﷺ، فجعلوا يضحكون ويحيل بعضهم على بعض، ورسول اللَّه ﷺ ساجد لا يرفع رأسه، فانطلق منطلق إلى فاطمة-رضي اللَّه عنها-وهي جويرية، فأقبلت تسعى وثبت النبي ﷺ ساجدا، حتى ألقته عن ظهره، وأقبلت عليهم تسبهم، فلما قضى رسول اللَّه ﷺ الصلاة، رفع رأسه ثم قال: «اللَّهم عليك بقريش, اللَّهم عليك بقريش، اللَّهم عليك بقريش» فشق عليهم إذ دعا عليهم، وكانوا يرون أن الدعوة في ذلك البلد مستجابة، ثم سمى: «اللَّهم عليك الملأ من قريش, اللَّهم عليك بأبي جهل، وعليك بعتبة بن ربيعة، وشيبة بن ربيعة، والوليد بن عتبة، وأمية بن خلف، وعقبة بن أبي معيط وعمارة بن الوليد» قال عبد اللَّه: فوالذي نفسي بيده، لقد رأيت الذين عد رسول اللَّه ﷺ صرعى في القليب, قليب بدر، غير أمية فإنه كان رجلا ضخما، فلما جروه، تقطعت أوصاله قبل أن يلقى في البئر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتاندا، قۇرەيشلىك بىر توپ كىشىلەر شۇ يەردە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇراتتى، ئەبۇ جەھىل:

ـــ بۇ رىياخورغا قارىمامسىلەر! ـــ قايسىڭلار پالانچىنىڭ (سويۇلغان) تۆگىسىنىڭ ئۈچەي-باغرىنى ئەكىلىپ، مۇھەممەد سەجدىگە بارغان ھامان

[1] «فتح الباري» 8- توم 51- بەت. «شرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 151- بەت.

دولىسىغا تاشلاپ قويىدۇ؟ ــــ دېدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ پەسكەشى (ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت) ئالدىراپ بېرىپ، ئۇ تۆگىنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ساقلاپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ﷺ سەجدىگە بارغاندا ئۈشىنىسىگە ئارتىپ قويدى. مەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان بولساممۇ، ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدىم. ناۋادا مەن ئۆزۈمنى ھىمايە قىلالايدىغان بولسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈشىنىسىدىن ئۇنى ئەلۋەتتە ئېلىۋەتكەن بولاتتىم. ئۇلار ۋالاقشىپ كۈلۈپ، تېلىقىپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرمەي تۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرى (ئۇ جۇۋەيرىيە) پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئىشلارنى ئېيتقانىدى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالدىراپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈشىنىسىدىن ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇلارنى تىللاشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازنى تۈگىتىپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم:

ــــ ئى الله ! قۇرەيشنى ھالاك قىلغىن!، ئى الله ! قۇرەيشنى ھالاك قىلغىن!، ئى الله ! قۇرەيشنى ھالاك قىلغىن! ــــ دەپ، ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەددۇئاسىنى ئاڭلىغان قۇرەيشلەر كۈلكىدىن دەرھاللا توختىدى. چۈنكى، ئۇلار «بۇ شەھەردە دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنى ئاتاپ:

ــ ئى الله ! قۇرەيشلىك بۇ جامائەتنى ھالاك قىلغىن. ئەبۇ جەھىلنى، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئەنى، شەيبە ئىبنى رەبىيئەنى، ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەنى، ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتنى ۋە ئەممار ئىبنى ۋەلىدنى ھالاك قىلغىن! ــــ دەپ بەددۇئا قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ ئىسمىنى ئاتىغان شۇ قۇرەيشلەرنىڭ جەسەدلىرىنىڭ بەدر قۇدۇقلىرىغا تاشلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم

بىلەن كۆردۈم، ئەمما ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئۇستىخانلىق ئادەم بولغاچقا ساھابىلەر ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭغانىدى، ئۇنىڭ بەدىنى قۇدۇققا تاشلىنىشتىن بۇرۇنلا پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى».①

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەتتا ئۆزىگە ئەزىيەت بەرگەن كىشىلەرگىمۇ ئېغىر-بېسىق بولغانلىقى. تەيالىسىنىڭ نەقلىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇ كۈندىن ئىلگىرى ئۇلارغا بەددۇئا قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم».

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۇلار شۇ كۈنى بەددۇئاغا لايىق ئىشلارنى قىلغان، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نى الله قا ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالىتىدە مەسخىرە قىلغان ئىدى».

پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ غۇرۇرىنىڭ كىچىكىدىنلا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى، قەۋمى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكى. چۈنكى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قۇرەيشنىڭ رەھبەرلىرىنى تىللىغاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالمىغان.

زالىملارغا بەددۇئا قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

بىرەر ھارام ئىشنى ئۆزى بىۋاسىتە قىلىش شۇ ھارامغا سەۋەبچى بولۇش ۋە ياردەملىشىشتىن گۇناھ جەھەتتە ئېغىردۇر. چۈنكى، يىغىلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ جەھىلمۇ بار تۇرۇپ، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت ئۇلارنىڭ ئەڭ پەسكەشى دەپ سۈپەتلەنگەن. ئەمما، ئەبۇ جەھىلنىڭ كۇفرىلىقى ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتكە قارىغاندا بەكرەك ئوچۇق-ئاشكارا ئىدى ۋە ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە كۆپ ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن. پەيغەمبەر ﷺ گە ئەزىيەت بېرىشنى ئۇلار بىرلىكتە

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پىلانلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇقبە ئۇنى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇقبە قەۋمىنىڭ ئەڭ پەسكەش، ناچار كىشىسى دەپ ئاتالغان. ئۇلار ھەممىسى جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن، بىراق ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت باغلاپ قويۇلۇپ ئۇقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.[1]

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇ سەۋەبتىن بىرەرسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپلا قالسا ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيتتى. بىرەر كىشىنىڭ ھەققىدە قايتىشىنى ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ ھەققىدە سالىھ دۇئا قىلاتتى. ئەمما، ئىسلامغا پايدىسى تەگمەيدىغان، زىيانكەشلىكىنىڭ خەتىرىدىن ئەندىشە قىلىنىدىغان كىشىلەرگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى قەھەتچىلىك يىللىرىغا ئوخشاش قاتتىقچىلىقنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئەزىيەت ۋە ئاداۋەتلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا بەددۇئا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەدردە ئۆلتۈرۈلدى. يەنە شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سالىھ دۇئاسىغا نائىل بولغان كۆپلىگەن كىشىلەر ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى».[2]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا قاتتىق گەپ قىلغان

عن عروة قال: قلت لعبد اللّٰه بن عمرو بن العاص: ما أكثر ما رأيت قريشاً أصابت من رسول اللّٰه ﷺ، فيما كانت تظهر من عداوته؟ قال: حضرتهم وقد اجتمع أشرافهم يوماً في الحجر، فذكروا رسول اللّٰه ﷺ، فقالوا: ما رأينا مثل ما صبرنا عليه من هذا الرجل قط سفّه أحلامنا. وشتم آبائنا، وعاب ديننا، وفرق جماعتنا، وسب آلهتنا، لقد صبرنا منه على أمر عظيم، فبينما هم كذلك، إذ طلع

[1] «فتح الباري» 1 ـ توم 352 ـ بەت.

[2] «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 9 ـ توم 149 ـ بەت.

عليهم رسول اللَّه ﷺ، فأقبل يمشي، حتى استلم الركن، ثم مر بهم طائفاً بالبيت، فلما أن مر بهم، غمزوه ببعض ما يقول، قال: فعرفت ذلك في وجهه، ثم مضى، فلما مر بهم الثانية، فغمزوه بمثلها، فعرفت ذلك في وجهه، ثم مضى، ثم مر بهم الثالثة، فغمزوه بمثلها، فقال: تسمعون يا معشر قريش، أما والذي نفس محمد بيده، لقد جئتكم بالذبح فأخذت القوم كلمته، حتى ما منهم رجل إلا كأنما على رأسه طائر واقع، حتى إن أشدهم فيه وصاة قبل ذلك ليرفؤه بأحسن ما يجد من القول حتى إنه ليقول: انصرف يا أبا القاسم، انصرف راشداً، فواللَّه ما كنت جهولاً، فانصرف رسول اللَّه ﷺ، حتى إذا كان الغد، اجتمعوا في الحجر وأنا معهم، فقال بعضهم لبعض: ذكرتم ما بلغ منكم وما بلغكم عنه، حتى إذا بادأكم بما تكرهون تركتموه! فبينما هم في ذلك، إذ طلع رسول اللَّه ﷺ فوثبوا إليه وثبة رجل واحد، فأحاطوا به، يقولون له: أنت الذي تقول كذا وكذا، لما كان يبلغهم عنه من عيب آلهتهم ودينهم، قال: فيقول رسول اللَّه ﷺ: نعم، أنا الذي أقول ذالك، قال: فلقد رأيت رجلاً منهم أخذ بمجمع ردائه، قال: وقام أبو بكر الصديق رضي اللَّه عنه، دونه يقول وهو يبكي: أتقتلون رجلاً أن يقول ربي اللَّه؟. ثم انصرفوا عنه فإن ذلك لأشد ما رأيت قريشاً بلغت منه قط.

ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاستىن «قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر ئەزىيەتنى كۆرگەنمىدىڭ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «بىر كۈنى قۇرەيش چوڭلىرى ھىجىرغا يىغىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ سورۇنىغا قاتناشقان ئىدىم. ئۇلار <بىز بىرەر كىشىگە بۇنىڭغا سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلىپ باقمىغان. ئۇ بىزنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرىمىزنى دۆتكە چىقاردى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى تىللىدى، دىنىمىزنى ئەيىبلىدى، بىرلىكىمىزنى پارچىلىدى، ئىلاھلىرىمىزنى ھاقارەت قىلدى. بىز ئۇ قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرىۋاتىمىز> دېيىشتى. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى قىلىشىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ رۇكنى يامانىنى سىلىدى، ئاندىن بەيتۇللاھنى تاۋاب قىلىپ بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تىل تەگكۈزۈپ، ئۇنى ئەيىبلىدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ

ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاندىن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ يېنىمىزدىن ئۆتتى، ئۇلار يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئەيىبلىدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچىنچى قېتىم ئايلىنىپ يەنە يېنىمىزدىن ئۆتكەندە، ئۇلار يەنە ئوخشاشلا ئۇنى ئەيىبلىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى قۇرەيش جامائەسى! ئاڭلاپ تۇرۇڭلاركى، مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە سىلەرنى ئۆلتۈرىدىغان نەرسىنى ئېلىپ كەلدىم> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ سۆزى ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار قورققىنىدىن باشلىرىنى ئىچىگە تۇگۈۋېلىشقان ئىدى. ھەتتا ئاشۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەڭ ئۆچ كىشىلەرمۇ يالۋۇرۇپ <ئى ئەبۇلقاسىم! سەن ئەقىلسىز ئەمەس، قايتىپ كەتكىن> دېيىشتىن باشقا گەپ قىلالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ھەممەيلەن يەنە ھىجىر دېگەن جايغا توپلاشتى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇلار <ئۆزۈڭلارنىڭ مۇھەممەدكە نېمە دېگەنلىكىڭلارنى، ئۇنىڭ سىلەرگە نېمە دېگەنلىكىنى ئەسلەپ باقتىڭلارمۇ؟ ھەتتا مۇھەممەد سىلەرگە سىلەر ئەڭ يامان كۆرىدىغان سۆزنى ئېيتقان بولسىمۇ، سىلەر ئۇنى قويۇۋەتتىڭلار> دەپ بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشقا باشلىدى. شۇ پەيتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە كېلىپ قالدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا يوپۇرۇلۇپ بېرىپ ئۇنى قورشىۋالدى. ئاندىن: <سەن ئىلاھلىرىمىزنى ۋە دىنلىرىمىزنى تىللاپ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەئە، مەن شۇنداق دېدىم> دېدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ گېلىنى سىققانلىقىنى كۆردۈم. شۇئان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يىغلاپ تۇرۇپ: <رەببىم الله دېگەن

كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟› دېگەنىدى، ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتىشتى. مانا بۇ مەن كۆرگەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قۇرەيشنىڭ قىلغان ئەڭ قاتتىق ئەزىيىتى ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى.①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ يۈز-ئابرويلۇق كىشىلەر ئىچىدىكى باغرى قاتتىق كىشىلەرگە تەنبىھ بەرگەن**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قبل النبي ﷺ الحسن بن علي رضي اللّٰه عنهما، وعنده الأقرع بن حابس التميمي جالسا، فقال الأقرع: إن لي عشرة من الولد ما قبلت منهم أحدا. فنظر إليه رسول اللّٰه ﷺ فقال: من لا يرحم لا يرحم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئەقرەئ ئىبنى ھابىس تەمىمىي بار ئىدى. ئەقرەئ: ‹مېنىڭ 10 بالام بار، مەن ئۇلاردىن ھېچبىرىنى سۆيۈپ باقمىدىم› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ: ‹رەھىم-شەپقەت قىلمىغان كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ› دېدى».②

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئالىملار: ‹بۇ ھەدىس ئومۇمىي بولۇپ، كىچىك باللارغا ۋە ئۇلاردىن باشقىلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ› دېگەن».③

① ئەھمەد توپلىغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 77- بەت.

## 6 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تالانتلىق كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆپلىگەن ساھابىلىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتى، ئارتۇقچىلىقى ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن، ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېئىرىيەت ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان؛ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فىقھى ۋە مەسىلىلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە ۋايىغا يەتكەن؛ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار دەۋاگەرلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشتا ئالقىشقا ئېرىشكەن؛ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ھەرخىل ماھارەتلەرنى ئىگىلەشتە ئەقىللەرنى لال قىلغان؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەستە ساقلاشتا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان؛ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسكىريي تەجرىبە جەھەتتە باشقىلارغا قارىغاندا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان.

پەيغەمبەر ﷺ ئالىيجاناب ساھابىلىرىنىڭ قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى، ئۇلارغا ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتلىرىگە ماس ھالدا مۇئامىلە قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتى ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن ئىدى.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېئىر ئوقۇپ ئىسلام دۈشمەنلىرىگە رەددىيە بېرىشكە تەكلىپ قىلغان**

عن عاشة رضي اللّه عنها: أن رسول اللّه ﷺ قال: اهجوا قريشاً فإنه أشد عليها من رشق النبل

فأرسل إلى ابن رواحة فقال اهجهم فهجاهم فلم يرض فأرسل إلى كعب بن مالك ثم أرسل إلى حسان بن ثابت فلما دخل عليه قال حسان قد آن لكم أن ترسلوا إلى هذا الأسد الضارب بذنبه ثم أدلع لسانه فجعل يحركه فقال والذي بعثك بالحق لأفرينهم بلساني فري الأديم فقال رسول اللّه ﷺ «لا تعجل فإن أبا بكر أعلم قريشٍ بأنسابها وإن لي فيهم نسباً حتى يلخص لك نسبي» فأتاه حسان ثم رجع فقال: يا رسول اللّه قد لخص لى نسبك والذى بعثك بالحق لأسلنك منهم كما تسل الشعرة من العجين قالت عائشة: فسمعت رسول اللّه ﷺ يقول لحسان «إن روح القدس لا يزال يؤيدك ما نافحت عن اللّه ورسوله» وقالت سمعت رسول اللّه ﷺ يقول«هجاهم حسان فشفى واشتفى قال حسان:

هجوت محمدا فأجبت عنه، وعند اللّه في ذاك الجزاء

هجوت محمدا برا حنيفا، رسول اللّه شيمته الوفاء

فإن أبي ووالده وعرضي ، لعرض محمد منكم وقاء

ثكلت بنيتي إن لم تروها، تثير النقع من كنفي كداء

يبارين الأعنة مصعدات، على أكتافها الأسل الظماء

تظل جيادنا متمطرات، تلطمهن بالخمر النساء

فإن أعرضتم عنا اعتمرنا، وكان الفتح وانكشف الغطاء

وإلا فاصبروا لضراب يوم، يعز اللّه فيه من يشاء

وقال اللّه قد أرسلت عبدا، يقول الحق ليس به خفاء

وقال اللّه قديسرت جندا، هم الأنصار عرضتها اللقاء

لنا في كل يوم من معد، سباب أو قتال أو هجاء

فمن يهجو رسول اللّه منكم، ويمدحه وينصره سواء

وجبريل رسول اللّه فينا، وروح القدس ليس له كفاء

عن البراء رضي الله عنه قال قال النبي صلى الله عليه وسلم لحسان اهجهم وجبريل معك

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ:

— قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى ھەجۋىيلەشتۇرۇڭلار! چۈنكى ھەجۋىي شېئىرلار ئۇلارغا يا ئوقلىرىدىنمۇ قاتتىق تېگىدۇ، — دېدى، ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى

رەۋاھەنى چاقىرتىپ:

— ئۇلارنى ھەجۋىيلەشتۈرگىن! — دېۋىدى، ئۇ شۇنداق قىلدى. ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نى رازى قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ئاۋۋال كەئب ئىبنى مالىكنى، ئاندىن ھەسسان ئىبنى سابىتنى چاقىرتتى. ھەسسان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ھە، ئەمدى تېخى تىلى بىلەن غەزىپىنى ئىپادىلەيدىغان ئارسلاننى چاقىرتىدىغان ۋاقتىڭلار كەپتۇ-ھە؟ — دېگىنىچە تىلىنى چىقىرىپ، ئۇيان-بۇيانغا ئوينىتىپ، ئاندىن:

— سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تىلىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئىززەت-نومۇسىنى يۇڭنى تىتقاندەك تىتىۋەتمەيدىغان بولسام، — دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئالدىرىما! ئەبۇ بەكرى قۇرەيشنىڭ نەسەبىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، مېنىڭ نەسەبىممۇ ئۇلارنىڭ نەسەبىگە تۇتىشىدۇ. ئۇ ساڭا مېنىڭ نەسەبىمنى ئايرىپ بەرسۇن! — دېدى، ھەسسان ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ قايتىپ كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خۇددى خېمىردىن قىلنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك سۇغۇرۇۋالىمەن، — دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەسسانغا: «سەن اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قوغداپ شېئىر ئوقۇپ تۇرساڭلا، روھۇلقۇدۇس (جىبرىئىل) ساڭا مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ھەسسان ئۇلارنى ھەجۋىي قىلىپ، بىزنىڭ ئۆچىمىزنى ئېلىپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆچىنىمۇ ئېلىۋالدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دېدى.

ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقۇغان شېئىرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

سىلەر مۇھەممەد ﷺ گە قارشى شېئىر ئوقۇساڭلار، مەن شېئىر ئېيتىپ سىلەرگە رەددىيە بېرىمەن، مەن بۇنىڭغا الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىمەن. سىلەر باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدىغان ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش بىلەن تونۇلغان كىشىنى مەسخىرە قىلدىڭلار. مۇھەممەد ﷺ نى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامنى پىدا قىلىمەن، سىلەر چوقۇم كىدا دېگەن ئورۇندىن بىزنىڭ قوراللانغان ئاتلىق قوشۇنلىرىمىزنىڭ سىلەر تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىلەر، بىزنىڭ چەۋەندازلىرىمىزنىڭ نەيزىلىرى سىلەرنىڭ قانلىرىڭلارغا تەشنا بولىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىمىز سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلارغا يامغۇر كەبى باستۇرۇپ كېلىدۇ. سىلەر بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزنى كۆرگەندە ئاياللار ياغلىقلىرى بىلەن ئورانغاندەك، ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئالىسىلەر، مەككىنىڭ پەتىھ بولۇش ۋاقتىغىمۇ ئازلا ۋاقىت قالدى. سىلەرگە ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشتىن باشقا يول يوق. ئەگەر بىزنىڭ يولىمىزنى توسمىساڭلار بىز ئۆمۆر ھەجىمىزنى قىلىۋالىمىز، ئەگەر يولىمىزنى توسۇپ تۇرۇۋالساڭلار، ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئۇستۇڭلارغا باستۇرۇپ كېلىشىنى كۈتۈڭلار! الله ئۇ كۈندە خالىغان بەندىسىنى ئەزىز ۋە خالىغان كىشىنى خار قىلىدۇ. الله تائالا ئېيتىدۇكى، مەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن كىشى پەقەت ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدە ھېچبىر شەك يوق. مەن ئەنسارىلارنى ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قىلىپ تاللىدىم، ئەنسارىلار سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشتىن قورقۇپ قالمايدۇ.

سىلەردىن كىمكى مۇھەممەد ﷺ گە ياردەم بەرسۇن ياكى ئۇنى ئەيىبلىسۇن بەرىبىردۇر. چۈنكى بىزنىڭ ئارىمىزدا الله نىڭ ئەلچىسى جىبرىئىل بار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان كىشى يوقتۇر.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر «ھەسسان ئىبنى سابىتقا ئۇلارنى ھەجۋىي قىلغىن، جىبرىئىل سەن بىلەن بىرگە» دېگەن.①

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دېگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە شېئىر ئېيتىۋاتقان ھەسساننىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى توسماقچى بولغاندەك كەيپىياتتا قارىۋېدى، ھەسسان: «مەن بۇ مەسجىدتە سەندىنمۇ ئەۋزەل كىشى بار چاغدا شېئىر ئوقۇيتتىم» دېدى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ: «سەندىن الله نىڭ نامى بىلەن سورايكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ماڭا: <أجب عني، اللّهم أيده بروح القدس> <ماڭا ۋاكالىتەن جاۋاب قايتۇرغىن. ئى الله ! ئۇنىڭغا روھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەرگەيسەن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە، راست ئاڭلىغان» دېدى.②

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

مەسجىدتە مۇباھ بولغان شېئىرلارنى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. شېئىرنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى مەدھىيىلەش ياكى كاپىرلارنى مەسخىرە قىلىش، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش، ئۇلارنى ھاقارەتلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا قىزىقتۇرۇش مەقسىتىدە ئېيتىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. ھەسساننىڭ شېئىرى مانا شۇنداق شېئىرلار جۈملىسىدىن ئىدى.

مۇشۇ تۈردىكى شېئىرلارنى ئېيتقان كىشىگە دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.③

وعن أنس بن مالك رضي اللّه عنه: أن النبي ﷺ دخل مكة في عمرة القضاء، وعبد اللّه بن

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 16- توم 46- بەت.

رواحة يمشي بين يديه، وهو يقول:

خلوا بني الكفار عن سبيله، اليوم نضربكم على تنزيله

ضربا يزيل الهام عن مقيله، ويذهل الخليل عن خليله

فقال له عمر: يا ابن رواحة بين يدي رسول اللّٰه ﷺ، وفي حرم اللّٰه، تقول الشعر؟ فقال له النبي ﷺ: خل عنه يا عمر، فلهي أسرع فيهم من نضح النبل.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئۆمرە ھەجىنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئۇنىڭ ئالدىدا:

— توسمىغىن ئەي كاپىر رەسۇل يولىنى،

پات يېقىن سىلەرگە ئۇرۇش ئاچىمىز.

ئەسلىدىن ھېيلىگەر مەككار دوستلىرىڭ،

ۋاپادىن ئەسەر يوق تاشلاپ قاچىدۇ.

دەپ شېئىر ئوقۇپ ماڭغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا ھەم الله نىڭ ھەرىمىدە شېئىر ئوقۇۋاتامسەن؟

— دېدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئۆمەر! ئۇنى شېئىر ئوقۇغىلى قويغىن، بۇ شېئىر ئۇلارغا (مەككە مۇشرىكلىرىغا) يا ئوقلىرىدىنمۇ تېزرەك تېگىدۇ، — دېدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ زەيد ئىبنى سابىتنى يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان**

عن خارجة بن زيد أن أباه زيد بن ثابت أخبره: أنه لما قدم النبي ﷺ المدينة، قال زيد: ذهب بي إلى النبي ﷺ فأعجب بي، فقالوا: يا رسول اللّٰه، هذا غلام من بني النجار، معه مما أنزل اللّٰه عليك

[1] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بضع عشرة سورة، فاستقرأني، فقرأت (ق) فأعجب ذلك النبي ﷺ، وقال: يا زيد، تعلم لي كتاب يهود، فإني والله ما آمن يهود على كتابي قال زيد: فتعلمت كتابهم، ما مرت بي خمس عشرة ليلة حتى حذقته وكنت أكتب له إذا كتب، وأقرأ له إذا كتب اليه.

خارجە ئىبنى زەيدتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: دادام زەيد ئىبنى سابىت ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە كەلگەن چاغدا كىشىلەر مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا قىزىقىپ قالدى، ئۇلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بالا بەنى نەججارلىق بولىدۇ. ئۇ اللە ساڭا نازىل قىلغان ئون نەچچە سۈرىنى بىلىدۇ، — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ مەندىن بىرەر سۈرە ئوقۇپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. مەن سۈرە «قاف»نى ئوقۇپ بەرسەم، پەيغەمبەر ﷺ ھەيران قالدى ۋە:

— ئى زەيد! سەن يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى ئۆگەنگىن! مەن يەھۇدىيلارنىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن خېتىگە ئىشەنچ قىلالمايمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى 15 كۈن ئىچىدىلا مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەھۇدىيلارغا مەكتۇپ يازماقچى بولسا مەن يېزىپ بېرەتتىم، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەكتۇپ يوللىسا مەن ئوقۇپ بېرەتتىم.[1]

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزى كىچىك تۇرۇپمۇ بىر ئىلىمنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋېلىشىدىن ئىنتايىن زېرەك ۋە چېچەن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىمام زەھەبى زەيد ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى ھىجرەتتىن ئىلگىرى بۇئاس كۈنىدە ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان ۋە زېرەكلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان». [1]

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «زەيىد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ تىل ۋە يېزىقىنى 15 كۈن ئىچىدىلا ئۆگىنىپ بولغانىدى. كىسرانىڭ ئەلچىلىرىدىن پارس تىلىنى 18 كۈن ئىچىدە ئۆگىنىپ بولغان. يەنە شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ھەبەش، رىم ۋە قىبتى (مىسىرلىقلار) تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى». [2]

شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ۋەھيي خاتىرىلىگۈچىلەردىن قىلغان ئىدى.

عن البراء بن عازب رضي الله عنهما قال: لما نزلت ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾، قال النبي ﷺ ادع لي زيدا وليجئ باللوح والدواة والكتف أو الكتف والدواة ثم قال اكتب ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ﴾ وخلف ظهر النبي ﷺ عمرو بن أم مكتوم الأعمى قال يا رسول الله فما تأمرني فإني رجل ضرير البصر فنزلت مكانها ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار ــ الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ» دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ زەيدنى چاقىرىپ بېرىڭلار! ئۇ تاختاي، خەت يازىدىغانغا تاغاق سۆڭەك ۋە سىياھ قۇتىسىنى ئېلىپ كەلسۇن، ــ دېدى. ئاندىن كېيىن:

ــ ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى يازغىن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارقىسىدا ئەمرى ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بار بولۇپ، ئۇ ئەما كىشى ئىدى. ئۇ:

[1] «سير أعلام النبلاء» 2- توم 427- بەت.

[2] «البداية والنهاية» 8- توم 33- بەت.

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا مېنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ مەن ئەما ئادەممەن، ــــ دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئورنىغا: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ»[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.[2]

**❖ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالاھىدىلىكى سەۋەبلىك ئۇنى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى توپلاشقا تاللىغان.**

عن زيد بن ثابت رضي الله عنه: قال أرسل إلي أبي بكر مقتل أهل اليمامة عنده عمر، فقال أبو بكر: إن عمر أتاني فقال: إن القتل قد استحر يوم اليمامة بالناس وإني أخشى أن يستحر القتل بالقراء في المواطن، فيذهب كثير من القرآن، إلا أن تجمعوه وإني لأرى أن تجمع القرآن، قال أبو بكر: قلت لعمر: كيف أفعل شيئا لم يفعله رسول اللّه ﷺ؟ فقال عمر: هو واللّه خير، فلم يزل عمر يراجعني فيه حتى شرح اللّه لذلك صدري ورأيت الذي رأى عمر، قال زيد بن ثابت: و عمر عنده جالس لايتكلم, فقال أبو بكر، إنك رجل شاب عاقل ولا نتهمك، كنت تكتب الوحي لرسول اللّه ﷺ فتتبع القرآن فأجمعه، قال زيد، فو اللّه لو كلفني نقل جبل من الجبال ما كان أثقل على مما أمرني به من جمع القرآن، قلت: كيف تفعلان شيئا لم يفعله النبي ﷺ، فقال أبو بكر، هو واللّه خير، فلم أزل أراجعه، حتى شرح اللّه صدري للذي شرح اللّه له صدر أبي بكر وعمر، فقمت, فتتبعت القرآن أجمعه من الرقاع والأكتاف والعسب، وصدور الرجال...

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: يەمامە جېڭىدە قارىيلار كۆپ شەھىد بولۇپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن مېنى چاقىرتتى، ئۇنىڭ قېشىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

[1] سۈرە نىسا 95ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بار ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

ــ ئۆمەر مىنىڭ يېنىمغا كېلىپ: «يەمامە كۈنى مۇسۇلمانلار كۆپ قىرىلىپ كەتتى. قۇرئاننى توپلىۋالمايدىغان بولساڭلار، جەڭگاھلاردا قارىيلارنىڭ كۆپلەپ قىرىلىپ كېتىشى بىلەن قۇرئاننىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا قۇرئاننى توپلاپ قويۇشۇڭلار كېرەك دەپ ئويلايمەن» دېدى. مەن ئۆمەرگە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ قىلمىغان ئىشنى قىلسام قانداق بولىدۇ؟» دېسەم، ئۆمەر: «الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىش» دېدى. ئۇ بۇ ھەقتە داۋاملىق سۆزلەۋېرىپ، ئاخىرى الله تائالا مېنىڭ كۆڭلۈمنى قانائەت تاپقۇزدى. مەنمۇ ئۆمەرنىڭ قارىشىنى توغرا تاپتىم، ــ دېدى. زەيد ئىبنى سابىت مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قېشىدا گەپ ـ سۆز قىلماي جىم ئولتۇراتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ماڭا:

ــ سەن تېخى ياش، ئەقىللىق ئادەم، بىز ساڭا ئىشىنىمىز. پەيغەمبەر ﷺ گە ۋەھيي يېزىپ بېرەتتىڭ، شۇڭا قۇرئاننى ئىزدەپ توپلىغىن، ــ دېدى. الله بىلەن قەسەمكى، تاغلاردىن بىرەرسىنى يۆتكەش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان بولسا، ماڭا نىسبەتەن قۇرئان توپلاش ئىشىدىن يەڭگىل كەلگەن بولاتتى. مەن:

ــ پەيغەمبەر ﷺ قىلمىغان ئىشنى قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ ــ دېسەم، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىش، ــ دېدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرئاز مۇنازىرىلەشتىم. ئاخىرى الله تائالا مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ كۆڭلىنى قانائەت تاپقۇزغاندەك قانائەت تاپقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى تېرىلەرگە، تاغاق سۆڭەكلەرگە، خورما شاخلىرىغا يېزىپ قالدۇرۇلغان قول يازمىلاردىن ۋە يادلىغان كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن توپلىغىلى تۇردۇم.[1]

[1] بۇخارى توپلىغان.

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «إن أعظم الناس أجرا في المصاحف أبو بكر الصديق، رحمة اللّٰه على أبي بكر، هو أول من جمع بين اللوحين» «قۇرئان توپلاشتا ئەڭ كۆپ ئەجىرگە ئېرىشكىنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. اللّٰه ئەبۇ بەكرىگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ قۇرئاننى ئىككى تاختاي (ئىككى مۇقاۋىنىڭ) ئارىسىغا تۇنجى بولۇپ توپلىغان كىشىدۇر».[①]

بۇ ھەدىستە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەمما يالغانچى رافىزىيلار بۇنىڭ ئەكسىنى جار سالىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنلىكلەرگە قازى بولۇشقا بۇيرۇغان**

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھالال ۋە ھارام ھۆكۈملىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يەمەنلىكلەرگە قازى قىلىپ تەيىنلىگەن.

ئەسۋەد ئىبنى يەزىد مۇنداق دېگەن: «مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەنگە ئەمىر قىلىنىپ كىشىلەرگە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەندە، بىز ئۇنىڭدىن بىر قىزى ۋە بىر ھەمشىرىسىگە مىراسىنى قالدۇرۇپ ۋاپات بولغان بىر كىشى ھەققىدە سورىغاندۇق، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ مېيىتنىڭ مىراسىنى ئۇ ئىككىسىگە يېرىمدىن بۆلۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى».[②]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھېمىسلىك دوستلىرى مۇنداق

---

[①] ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن.
[②] بۇخارى توپلىغان.

دېگەن: «أن رسول اللَّه ﷺ لما أراد أن يبعث معاذا إلى اليمن قال «كيف تقضى إذا عرض لك قضاء». قال أقضى بكتاب اللَّه. قال «فإن لم تجد فى كتاب اللَّه». قال فبسنة رسول اللَّه ﷺ. قال «فإن لم تجد فى سنة رسول اللَّه ﷺ ولا فى كتاب اللَّه». قال أجتهد رأيى ولا آلو. فضرب رسول اللَّه ﷺ صدره وقال «الحمد للَّه الذى وفق رسول رسول اللَّه لما يرضى رسول اللَّه».

پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغاندا:

ــ ئالدىڭغا بىرەر ھۆكۈم كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ الله نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ الله نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن ئۇ ھۆكۈمنى تاپالمىساڭچۇ؟ ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىنمۇ، الله نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىنمۇ ئۇ ھۆكۈمنى تاپالمىساڭچۇ؟ ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ ئۆزۈم ئىجتىھاد قىلىمەن، ئىجتىھاد قىلىشتا سۇسلۇق قىلمايمەن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ئەلچىسىنى الله نىڭ رەسۇلى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان الله قا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ــ دېدى.①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىگە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن**

① ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان. ئىبنى كەسىر: «بۇ مەشھۇر ھەسەن ھەدىس» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۇنجى بولۇپ ئۆزىگە ئەلچىلىك سۈپىتىدە مەدىنىگە بېرىپ دىنىنى ئۆگىتىشكە تاللىغان. ئۇ مۇسۇلمانلارغا دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى ۋە ئۇلارنى ھەممىدىن ئۇستۇن ۋە ماختالغۇچى بولغان الله نىڭ يولىغا دەۋەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۇنى «قارى» دەپ ئاتايتتى.[1]

مانا بۇنىڭدىن مەدىنىنىڭ قىلىچ بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان بىلەن فەتىھ قىلىنغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قېشىمىزغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ تۇنجىسى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بولۇپ، ئۇ ئىككىسى كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى».[2]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ تاللانغان كىشىلەرنى قىيىن ۋەزىپىلەرگە قويياتتى

پەيغەمبەر ﷺ ھىجرەت قىلغان كېچىسى ئۆزىنىڭ ئۇخلايدىغان جايىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇخلاشقا بۇيرۇغان. قۇرەيشلەر ۋەكىللىرى دارۇننەدۋەتتە (يىغىن زالى) توپلىشىپ پەيغەمبەر ﷺ نى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قارارىنى ماقۇللاۋاتقان پەيتتە، الله تائالا بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ﷺ گە ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈردى. پەيغەمبەر ﷺ شۇ كېچىسى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇخلاشقا بۇيرۇدى. دۈشمەنلەر بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈشۈپ تۇراتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنىڭ ۋەھىمىسىنى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزىنى «رەسۇلۇللاھ ﷺ»

[1] ئىبنى ھىشامنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 1- توم 434- بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ئېھتىماللىقىنى بىلىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جايىدا ئۇخلاۋەردى.①

بۇنداق خەتەرگە پەقەت ئەڭ جەسۇر ۋە باتۇر كىشىلەرلا تەۋەككۈل قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ خىل تالانتى ۋە قابىلىيىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ قىيىن ۋەزىپىگە ئۇنى تاللىغان.

يەنە شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ خەيبەر كۈنى بايراقنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئەھزاب كۈنى دۈشمەن سەپلىرىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلىپ كېلىشكە ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاللىغان.**

عن إبراهيم التيمي عن أبيه قال: كنا عند حذيفة بن اليمان رضى اللّٰه عنه فقال رجل: يا أبا عبد اللّٰه، رأيتم رسول اللّٰه و صحبتموه؟ قال: نعم يا بن أخي. قال: واللّٰه لو أدركناه ما تركناه يمشي على الأرض، ولجعلناه على أعناقنا، ولقاتلت معه وأبليت. فقال حذيفة: أنت كنت تفعل ذلك، واللّٰه لقد رأيتنا مع رسول اللّٰه ﷺ بالخندق، وأخذتنا ريح شديدة وقر، فصلى رسول اللّٰه ﷺ من الليل هويا، ثم التفت إلينا فقال: «ألا رجل يأتيني بخبر القوم، جعله اللّٰه معي يوم القيامة؟»، فسكتنا فلم يجبه منا أحد، ثم صلى رسول اللّٰه ﷺ هويا من الليل، ثم التفت إلينا فقال: «ألا رجل يأتينا بخبر القوم جعله اللّٰه معي يوم القيامة». فسكتنا، فلم يجبه منا أحد. ثم قال: «ألا رجل يأتينا بخبر القوم جعله اللّٰه معي يوم القيامة». فسكتنا فلم يجبه منا أحد. مع شدة الخوف، و شدة الجوع، و شدة البرد. فقال: «قم يا حذيفة فأتنا بخبر القوم». فلم أجد بدا إذ دعاني باسمي أن أقوم. فقال: «يا حذيفة، اذهب، فادخل في القوم، فانظر ما يفعلون، ولا تحدثن شيئا حتى تأتينا» فلما وليت من عنده، جعلت كأنما أمشي في حمام حتى أتيتهم، فدخلت في القوم، والريح وجنود اللّٰه تفعل ما تفعل، لا تقر لهم قدر ولا نار و لا بناء، فقام أبو سفيان بن حرب، فقال: يا معشر قريش، لينظر امرؤ من جليسه، فقال

① ئىبنى ھىشامنىڭ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 1- توم 482- بەت.

حذيفة: فأخذت بيد الرجل الذي إلى جنبي، فقلت: من أنت؟ قال: أنا فلان بن فلان، ثم قال أبو سفيان: يا معشر قريش، إنكم والله ما أصبحتم بدار مقام لقد هلك الكراع، وأخلفتنا بنو قريظة، وبلغنا منهم الذي نكره، ولقينا من هذه الريح ما ترون، والله ما تطمئن لنا قدر، ولا تقوم لنا نار، ولا يستمسك لنا بناء، فارتحلوا فإني مرتحل. ثم قام إلى جمله وهو معقول فجلس عليه، ثم ضربه فوثب على ثلاث، فما أطلق عقاله إلا وهو قائم، فوضعت سهما في كبد القوس فأردت أن أرميه فذكرت قول رسول الله ﷺ:«لا تحدث شيئا حتى تأتيني». ولو رميته لأصبته قال حذيفة: ثم رجعت إلى رسول الله ﷺ و انا أمشي في مثل الحمام، فلما أتيته فأخبرته بخبر القوم وفرغت وقررت [أي: بردت] فألبسني رسول الله ﷺمن فضل عباءة كانت عليه يصلي فيها، فلم أزل نائما حتى أصبحت، فلما أصبحت قال: «قم يا نومان».

ئىبراھىم تەيمىي دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: بىز ھۇزەيفەنىڭ قېشىدا ئىدۇق. بىر كىشى:

ــ ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتداش بولدىڭلار ـ ھە؟ ــ دېگەنىدى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ شۇنداق، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ــ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ الله بىلەن قەسەمكى، ناۋادا بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھايات ۋاقتىدا بولغان بولساق ئۇنى بويۇنلىرىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بولاتتۇق. مەن ھەرقانداق خېيىم ـ خەتەرگە پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلغان بولاتتىم، ــ دېگەنىدى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ــ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلارمىدىڭ؟ الله بىلەن قەسەمكى، خەندەك غازىتى بولغاندا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدۇق. قاتتىق بوران چىقىپ، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىدە ئۇزۇن ناماز ئوقۇدى. ئاندىن بىزگە قاراپ: «كىم دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلسە الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلغاي!» دېدى. ھېچقايسىمىز جاۋاب بەرمەي جىم تۇردۇق. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە ئۇزۇن ناماز

ئوقۇدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە بىرگە قاراپ: «كىم دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلسە، الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلغاي!» دېدى، بىز يەنە جاۋاب بەرمەي جىم تۇردۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۈچىنچى قېتىم: «كىم دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلسە، الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلغاي!» دېدى. قاتتىق قورقۇنچ، ئاچلىق ۋە سوغۇق دەستىدىن ھېچقايسىمىز جاۋاب بەرمەي جىم تۇردۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ھۇزەيفە! ئورنۇڭدىن تۇر. دۈشمەننىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلگىن، ئەمما بىرەر ئىش قىلمىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلماي ئامالىم يوق ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ خۇددى مۇنچىدا تۇرغاندەك بىر خىل ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىردىم. الله نىڭ قوشۇنلىرىدىن بولغان بوران ئۇلارنىڭ قازانلىرى ۋە چېدىرلىرىنى ئۆرۈۋەتكەن، ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىدى. قاراپ تۇرسام ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! ئەھۋالىمىزنى مۇھەممەد بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەربىر كىشى يېنىدىكىلەرگە ھوشيار بولسۇن» دېدى. مەن يېنىمدىكى ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «سەن كىم؟» دېسەم، ئۇ: «مەن پالانىنىڭ ئوغلى پالانى بولىمەن» دېدى. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان يەنە: «ئى قۇرەيش جامائەسى! الله بىلەن قەسەمكى، قاتتىق جاپا تارتىۋاتىسىلەر، ئات-ئۇلاغلىرىمىز ئاز قالدى، بىزگە بەنى قۇرەيزەنىڭ بىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك خەۋىرى كەلدى. سىلەر كۆرۈۋاتقاندەك، قاتتىق بوران چىقىپ بىزنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. الله بىلەن قەسەمكى، قازانلار ئۆرۈلۈپ، ئوتلار ئۆچۈپ، چېدىرلار ئورنىدا تۇرمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، مەنمۇ قايتىمەن» دېدى-دە، باغلاقلىق تۆگىسىگە مىندى، تۆگىسىنى بىرنى ئۇرغانىدى، تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ باغلاقتىن يېشىلدى. مەن ئوقتىن بىرنى ئېلىپ، يانىڭ كىرىچىنى كەردىم-

يۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «بىرەر ئىش قىلمىغىن!» دېگەن سۆزىنى يادىمغا ئېلىپ، ئوق ئېتىشتىن ۋاز كەچتىم. ئەگەر ئاتقان بولسام چوقۇم تەگكۈزگەن بولاتتىم. قايتىشىمدىمۇ يەنە خۇددى مۇنچىدا تۇرغاندەك بىرخىل ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ قايتىپ كەلدىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزدۈم. ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا يەنە توڭلاشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا ناماز ئوقۇغاندا كىيىدىغان توننىڭ بىر قىسمىنى يېپىپ قويدى. كېيىن ئۇخلاپ قالدىم. تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ چاقچاق قىلىپ: «ھەي ئۇيقۇخۇمار! ئورنۇڭدىن تۇر» دېدى.[①]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «خۇددى مۇنچىدا تۇرغاندەك بىر خىل ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىردىم» دېگەن سۆزىدىن، ئۇنىڭ باشقىلار ھېس قىلىۋاتقان قاتتىق سوغۇقنى ھېس قىلمىغانلىقىنى ۋە شۇ قاتتىق بوراندىمۇ توڭۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغانلىقى، بۇيرۇغان ئىشقا ئىككىلەنمەستىن ماڭغانلىقى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى سەۋەبلىك الله تائالا ئۇنى قاتتىق توڭۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنچىدا تۇرغاندەك ئىللىق ۋە توڭماي تۇرۇشى تاكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگۈچە داۋاملاشقان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۇمۇ باشقىلار ھېس قىلىۋاتقان قاتتىق سوغۇقنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقىلاردىن

[①] مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

پەرقلىنىدىغان بۇ خىل قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىنى بىلگەچكە، ئۇنى ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىر پەيتتە قىيىن ۋە خەتەرلىك بولغان بۇ ۋەزىپىگە تاللىغان ئىدى.

دېمەك، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىدە مەسئۇلىيەتچان ۋە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان پىداكار روھنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ كېچىنىڭ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىسى ۋە قاتتىق سوغۇقىغا پەرۋا قىلماستىن ئەتراپىنى پۈتۈنلەي خەتەر قورشىغان پىدائىيىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى كەبى بىرلەشمە دۈشمەنىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تەۋەككۇلچى، ئىمانى مۇستەھكەم، زېرەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، جىددىي ئەھۋالدا ئىشلارنى ھەل قىلىشتا تەجرىبىلىك، ھوشيار كىشى ئىدى.①

## ❖ پەيغەمبەر ﷺ تالانتلىقلارنىڭ مەرتىۋىلىرىنى ساھابىلىرىگە بايان قىلىپ بەرگەن

عن أنس بن مالك رضي الله عنه: أن رسول اللّٰه ﷺ أخذ سيفا يوم أحد فقال: «من يأخذ مني هذا؟»، فبسطوا أيديهم كل إنسان يقول أنا، أنا، قال: «فمن يأخذه بحقه»، فأحجم القوم، فقال سماك بن خرشة أبو دجانة: أنا آخذه بحقه؟ فأخذه، ففلق به هام المشركين.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد كۈنى قولىغا بىر قىلىچ ئېلىپ:

ـــ كىم بۇنى مەندىن ئالىدۇ؟ ـــ دېدى. ھەممەيلەن قوللىرىنى ئۇزىتىپ:

ـــ مەن، مەن، ـــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ كىم بۇنى مەندىن ئېلىپ، ھەققىنى ئادا قىلالايدۇ؟ ـــ دېگەنىدى، ھەممەيلەن جىم تۇرۇشتى. سىماك ئىبنى خەرەشە ئەبۇ دۇجانە:

ـــ ئۇنىڭ ھەققىنى مەن ئادا قىلالايمەن، ـــ دېدى ۋە قىلىچنى (قولىغا)

① مۇھەممەد سادىق ئەرجۈننىڭ «محمد رسول اللّٰه» ناملىق كىتابى 4 ـ توم 197 ـ بەت.

ئېلىپ مۇشرىكلارنىڭ باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدى.①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ تالانتلىقلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىنى ماختىغان ئىدى**

عن أنس بن مالك رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: أرحم أمتي بأمتي أبو بكر، وأشدهم في دين اللّٰه عمر، وأصدقهم حياء عثمان، وأقضاهم علي بن أبي طالب، وأقرأهم لكتاب اللّٰه أبي بن كعب، وأعلمهم بالحلال والحرام معاذ بن جبل، وأفرضهم زيد بن ثابت، ألا وإن لكل أمة أمينا وأمين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن ئۈممىتىمگە ئەڭ رەھىمدىل كىشى ئەبۇ بەكرى، اللّٰه نىڭ ئەمرىدە ئەڭ چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر، ئەڭ ھايالىقى ئوسمان، (شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا) ئەڭ ئىلىملىكى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغىنى ئۇبەي ئىبنى كەئىب، ھالال ۋە ھارام (ھۆكۈملىرىنى) ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئاز ئىبنى جەبەل، مىراس ئىلمىدە ئەڭ ئىلىملىكى زەيد ئىبنى سابىت، ھەربىر ئۈممەتتە ئامانەتدار كىشى بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر».②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئنى كۆرسەتكەن خىزمىتى سەۋەبلىك ماختىغان**

عن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: قدمنا الحديبية مع رسول اللّٰه ﷺ ونحن أربع عشرة مائة، وعليها خمسون شاةً لا ترويها، فقعد رسول اللّٰه ﷺ على جبا الركية، فإما دعا وإما بصق فيها، فجاشت فسقينا واستقينا ثم إن رسول اللّٰه ﷺ دعانا للبيعة في أصل الشجرة قال فبايعته أول الناس

① مۇسلىم توپلىغان.
② تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ثم بايع وبايع حتى إذا كان في وسطٍ من الناس قال بايع يا سلمة قلت: قد بايعتك يا رسول اللّه في أول الناس قال وأيضاً قال ورآني رسول اللّه ﷺ عزلا-يعني بغيرسلاح-، فأعطاني رسول اللّه ﷺ حجفة أو درقة ثم بايع حتى إذا كان في آخر الناس قال ألا تبايعني يا سلمة قال قلت قد بايعتك يا رسول اللّه في أول الناس وفي أوسط الناس قال وأيضاً فبايعته الثالثة ثم قال لي يا سلمة أين حجفتك أو درقتك التي أعطيتك قال قلت يا رسول اللّه لقيني عمي عامر عزلا، فأعطيته إياها فضحك رسول اللّه ﷺ وقال إنك كالذي قال الأول: «اللّهم أَبْغِنِي حَبِيبًا هُوَ أَحَبُّ إِلَيَّ مِنْ نَفْسِي» ثم إن المشركين واسلونا الصلح حتى مشى بعضنا في بعض واصطلحنا، فلما اصطلحنا نحن وأهل مكة واختلط بعضنا ببعض أتيت شجرة فكسحت شوكها فاضطجعت في أصلها قال فأتاني أربعة من المشركين من أهل مكة فجعلوا يقعون في رسول اللّه ﷺ فأبغضتهم فتحولت إلى شجرة أخرى وعلقوا سلاحهم واضطجعوا فبينما هم كذلك إذ نادى منادٍ من أسفل ا لوادي يا للمهاجرين قتل ابن زنيم فاخترطت سيفي ثم شددت على أولئك الأربعة وهم رقود فأخذت سلاحهم فجعلته ضغثاً في يدي ثم قلت والذي كرم وجه محمدٍ لا يرفع أحدٌ منكم رأسه إلا ضربت الذي فيه عيناه ثم جئت بهم أسوقهم إلى رسول اللّه ﷺ قال وجاء عمي عامر برجل من العبلات يقال له مكرز يقوده إلى رسول اللّه ﷺ على فرس مجفف في سبعين من المشركين فنظر إليهم رسول اللّه فقال دعوهم يكن لهم بدء الفجور وثناه فعفا عنهم رسول اللّه ﷺ وأنزل عز وجل ﴿**وَهُوَ الَّذِي كَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنْكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُمْ بِبَطْنِ مَكَّةَ مِنْ بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ**﴾ ثم خرجنا راجعين إلى المدينة فنزلنا منزلاً بيننا وبين بني لحيان جبلٌ وهم المشركون فاستغفر رسول اللّه ﷺ لمن رقي هذا الجبل الليلة كأنه طليعةٌ للنبي ﷺ وأصحابه قال سلمة فرقيت تلك الليلة مرتين أو ثلاثاً ثم قدمنا المدينة فبعث رسول اللّه ﷺ بظهره مع رباحٍ غلام رسول اللّه ﷺ وأنا معه وخرجت معه بفرس طلحة أنديه مع الظهر فلما أصبحنا إذا عبد الرحمن الفزاري قد أغار على ظهر رسول اللّه ﷺ فاستاقه أجمع وقتل راعيه فقلت يا رباح خذ هذا الفرس, فأبلغه طلحة بن عبيد اللّه وأخبر رسول اللّه ﷺ أن المشركين قد أغاروا على سرحه ثم قمت على أكمة فاستقبلت المدينة فصرخت ثلاث صرخات أسمعت ما بين لإبطيها يا صباحاه، يا صباحاه، ثم خرجت في آثار القوم أرميهم بالنبل وأرتجز أقول:

أنا ابن الأكوع، واليوم يوم الرضع

فألحق رجلاً منهم فأصك سهماً في رحله حتى خلص نصل السهم إلى كتفه قال قلت:

خذها وأنا ابن الأكوع، واليوم يوم الرضع

فواللّه ما زلت أرميهم وأعقر بهم، فإذا رجع إلي فارسٌ أتيت شجرة فجلست في أصلها ثم رميته فعقرته حتى إذا تضايق الجبل، فدخلوا في تضايقه علوت الجبل فجعلت أرميهم بالحجارة، قال فما زلت كذلك اتبعهم حتى ما خلق اللّه من بعير من ظهر رسول اللّه ﷺ إلا خلفته وراء ظهري وخلوا بيني وبينه ثم اتبعتهم أرميهم حتى ألقوا أكثر من ثلاثين بردة وثلاثين رمحاً يستخفون ولا يطرحون شيئاً إلا جعلت عليه آراماً من الحجارة يعرفها رسول اللّه ﷺ وأصحابه حتى أتوا متضايقاً من ثنية فإذا هم قد أتاهم فلان بن بدر الفزاري فجلسوا يتضحون يعني يتغدون وجلست على رأس قرن قال الفزاري ما هذا الذي أرى قالوا لقينا من هذا البرح واللّه ما فارقنا منذ غلس يرمينا حتى انتزع كل شيء في أيدينا قال فليقم إليه نفرٌ منكم أربعة قال فصعد إلي منهم أربعة في الجبل فلما أمكنوني من الكلام قلت هل تعرفوني قالوا لا ومن أنت قال قلت أنا سلمة بن الأكوع والذي كرم وجه محمد ﷺ لا أطلب رجلاً منكم إلا أدركته ولا يطلبني رجلٌ منكم فيدركني قال أحدهم أنا أظن، فرجعوا، فما برحت مكاني حتى رأيت فوارس رسول اللّه ﷺ يتخللون الشجر قال فإذا أولهم الأخرم الأسدي على إثره أبو قتادة الأنصاري وعلى إثره المقداد بن الأسود الكندي قال فأخذت بعنان الأخرم، فولوا مدبرين، قلت يا أخرم احذرهم لا يقتطعوك حتى يلحق رسول اللّه ﷺ وأصحابه. قال يا سلمة إن كنت تؤمن باللّه واليوم الآخر وتعلم أن الجنة حق والنار حق فلا تحل بيني وبين الشهادة. فخليته فالتقى هو وعبد الرحمن, فعقر بعبد الرحمن فرسه وطعنه عبد الرحمن فقتله وتحول على فرسه ولحق أبو قتادة فارس رسول اللّه ﷺ بعبد الرحمن فطعنه فقتله, فوالذي كرم وجه محمد ﷺ لتبعتهم أعدو على رجلي حتى ما أرى ورائي من أصحاب محمد ﷺ ولا غبارهم شيئا حتى يعدلوا قبل غروب الشمس إلى شعب فيه ماء يقال له ذو قرد ليشربوا منه وهم عطاش قال فنظروا إلي أعدو وراءهم فخليتهم عنه، فما ذاقوا منه قطرة ويخرجون فيشتدون في ثنية، فأعدو فألحق رجلا منهم فأصكه بسهم في نغض كتفه. قال: قلت:

خذها وأنا ابن الأكوع، واليوم يوم الرضع

قال: يا ثكلته أمه أكوعه بكرة قلت: نعم يا عدو نفسه أكوعك بكرة وأردوا فرسين على ثنية،

فجئت بهما أسوقهما إلى رسول اللّٰه ﷺ ولحقني عامر بسطيحة فيها مذقة من لبن وسطيحة فيها ماء فتوضأت وشربت ثم أتيت رسول اللّٰه ﷺ وهو على الماء الذي حلأتهم عنه, فإذا رسول اللّٰه ﷺ قد أخذ تلك الإبل وكل شيء استنقذته من المشركين وكل رمح وبردة وإذا بلال نحر ناقة من الإبل الذي استنقذت من القوم وإذا هو يشوي لرسول اللّٰه ﷺ من كبدها وسنامها، قلت يارسول اللّٰه ان القوم عطاش، و اني اعجلتهم ان يشربوا سقيهم، خلني فأنتخب من القوم مائة رجل فأتبع القوم فلا يبقى منهم مخبر إلا قتلته، فضحك رسول اللّٰه ﷺ حتى بدت نواجذه في ضوء النار فقال: «يا سلمة أتراك كنت فاعلا». قلت نعم والذي أكرمك. فقال: يا بن الأكوع، ملكت فأسجح، إنهم الآن ليقرون في أرض غطفان. قال فجاء رجل من غطفان فقال نحر لهم فلان جزورا فلما كشفوا جلدها رأوا غبارا فقالوا أتاكم القوم فخرجوا هاربين. فلما أصبحنا قال رسول اللّٰه ﷺ: كان خير فرساننا اليوم أبو قتادة وخير رجالتنا سلمة.

ثم أعطاني رسول اللّٰه ﷺ سهمين سهم الفارس وسهم الراجل فجمعهما لي جميعاً ثم أردفني رسول اللّٰه ﷺ وراءه على العضباء راجعين إلى المدينة، فبينما نحن نسير وكان رجلٌ من الأنصار لا يسبق شداً، فجعل يقول ألا مسابقٌ إلى المدينة هل من مسابق، فجعل يعيد ذلك، فلما سمعت كلامه قلت: أما تكرم كريماً ولا تهاب شريفاً، قال: لا، إلا أن يكون رسول اللّٰه ﷺ، قلت يا رسول اللّٰه بأبي وأمي ذرني فلأسابق الرجل، قال إن شئت، قلت: اذهب إليك وثنيت رجلي فطفرت فعدوت وربطت عليه شرفاً أو شرفين أستبقي نفسي ثم عدوت في أثره فربطت عليه شرفاً أو شرفين ثم إني رفعت حتى ألحقه قال فأصكه بين كتفيه، قلت: قد سبقت واللّٰه. قال أنا أظن. قال فسبقته إلى المدينة، فواللّٰه ما لبثنا إلا ثلاث ليالٍ حتى خرجنا إلى خيبر مع رسول اللّٰه فجعل عمي عامرٌ يرتجز بالقوم.

تاللّٰه لولا اللّٰه ما اهتدينا، ولا تصدقنا ولا صلينا

ونحن عن فضلك ما استغنينا، فثبت الأقدام إن لاقينا

وأنزلن سكينةً علينا

فقال رسول اللّٰه ﷺ من هذا؟ قال: أنا عامر قال: غفر لك ربك، قال وما استغفر رسول اللّٰه ﷺ لإنسان يخصه إلا استشهد قال فنادى عمر بن الخطاب وهو على جمل له يا نبي اللّٰه لولا متعنا بعامر قال فلما قدمنا خيبر قال خرج ملكهم مرحبٌ يخطر بسيفه يقول:

قد علمت خيبر أني مرحب، شاكي السلاح بطلٌ مجرب

إذا الحروب أقبلت تلهب

قال وبرز له عمي عامر فقال:

قد علمت خيبر أنى عامر، شاكي السلاح بطلٌ مغامر

فاختلفا ضربتين، فوقع سيف مرحبٍ في ترس عامرٍ وذهب عامر يسفل له فرجع سيفه على نفسه فقطع أكحله وكانت فيها نفسه قال سلمة فخرجت فإذا نفرٌ من أصحاب النبي ﷺ يقولون بطل عمل عامر قتل نفسه، فأتيت النبي ﷺ وأنا أبكي فقلت يا رسول اللَّه بطل عمل عامر، قال رسول اللَّه ﷺ من قال ذلك، قلت: ناسٌ من أصحابك، قال كذب من قال ذلك، بل له أجره مرتين، و جمع بين اصبعيه، انه لجاهد مجاهد، قل عربي مشى بها مثله. ثم أرسلني إلى عليٍّ وهو أرمد فقال لأعطين الراية رجلاً يحب اللَّه ورسوله ويحبه اللَّه ورسوله قال فأتيت علياً فجئت به أقوده وهو أرمد حتى أتيت به رسول اللَّه ﷺ فبسق في عينيه فبرأ واعطاه الراية. وخرج مرحب فقال:

قد علمت خيبر أنى مرحب شاكي السلاح بطلٌ مجرب

إذا الحروب أقبلت تلهب

فقال عليٌّ رضي اللَّه عنه:

أنا الذي سمتني أمي حيدره، كليث غابات كريه المنظره

أو فيهم بالصاع كيل السندره

فضرب رأس مرحب فقتله ثم كان الفتح على يديه.

سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز 1400 كىشى 50 تۇياق قوينى ئېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ھۇدەيبىيەگە يېتىپ كەلدۇق. ھۇدەيبىيەدىكى قۇدۇقنىڭ سۈيى بىزگە يەتمەيتتى. پەيغەمبەر ﷺ قۇدۇقنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغاندى (ياكى ئۈنىڭغا تۈكۈرگەندى)، قۇدۇقنىڭ سۈيى دەرھال ئېتىلىپ چىقىپ تېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، بىز سۇدىن ئىچىپ، ئۇلاغلىرىمىزنى سۇغاردۇق.

ئاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ بەيئەت ئېلىش ئۈچۈن بىزنى بىر تۈپ

دەرەخنىڭ ئاستىغا چاقىردى. مەن بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلدىم. قالغانلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ھەممىسىنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئەي سەلەمە! بەيئەت قىلغىن! ــ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھەممىدىن بۇرۇن بەيئەت قىلدىم، ــ دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ يەنە بىر قېتىم قىلغىن! ــ دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ قورالسىز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، تېرىدىن ياسالغان بىر قالقاننى بەردى. ئاندىن يەنە كىشىلەردىن بەيئەت ئالغىلى تۇردى. ئۇلاردىن بەيئەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا يەنە:

ــ ئى سەلەمە! بەيئەت قىلمامسەن؟ ــ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا باشتا بىر قېتىم ۋە ئوتتۇرىدا بىر قېتىم بەيئەت قىلدىم، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ يەنە بىر قېتىم قىلغىن! ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۈچىنچى قېتىم بەيئەت قىلدىم. كېيىن مەندىن:

ــ ئى سەلەمە! مەن ساڭا بەرگەن ھېلىقى قالقان قېنى؟ ــ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! تاغام ئامىر قورالسىز ئۇچراپ قالغانىدى، قالقاننى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم، ــ دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ــ سەن خۇددى: «ئى الله ! ماڭا ئۆز نەپسىمدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىرىنى يولۇقتۇرغىن!» دەپ دۇئا قىلغان كىشىگە ئوخشايدىكەنسەن، ــ دېدى.

كېيىن، مۇشرىكلار بىز بىلەن سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى، بىزمۇ (ئەلچى) ئەۋەتتۇق ۋە ئارىمىزدا سۈلھى تۈزۈلدى.

بىز قۇرەيشلەر بىلەن سۈلھىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن

ئارىلىشىپ كەتتۇق. مۇشرىكلار بىلەن سۇلھى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى تىكەنلەرنى سۈپۈرۈۋېتىپ يېتىپ ئارام ئېلىۋاتاتتىم، مەككە مۇشرىكلىرىدىن تۆتى كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نى مەسخىرە قىلغاندەك سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى. مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ، باشقا بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا يۆتكەلدىم. ئۇلارمۇ قوراللىرىنى ئېسىپ قويۇپ، يېتىپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر جاكارچى:

ـــ ئەي مۇھاجىرلار، تېز كېلىڭلار! ئىبنى زۇنەيم ئۆلتۈرۈلدى، ـــ دەپ توۋلاپ كەتتى. مەن دەرھال قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، نېرىدا ياتقان تۆت مۇشرىكنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باردىم ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى قولۇمغا ئېلىۋېلىپ:

ـــ مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى شەرەپلىك قىلغان الله تائالاغا قەسەم قىلىمەنكى، كىم بېشىنى كۆتۈرىدىغان بولسا، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېتىمەن، ـــ دېدىم.

ئاندىن ئۇلارنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ھەيدەپ باردىم. تاغام ئامىرمۇ ئاتقا مىنگەن ھالدا ئەبەلات قەبىلىسىدىن مىكرەز ئىسىملىك بىر كىشىنى 70 مۇشرىك بىلەن بىللە ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن:

ـــ ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، خىيانەت قىلىشنىڭ باشلىنىشى، يەنە ئىككىنچى قېتىم قايتىلىنىشى شۇلاردىن بولسۇن! ـــ دېدى ۋە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋەتتى.

الله تائالا شۇ ئارىدا «الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى»[1] دېگەن ئايەتنى

[1] سۈرە فەتھ 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاخىرىغىچە نازىل قىلدى.

كېيىن، مەدىنىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، بىر يەردە قوندۇق. بەنى لەھيان قەبىلىسى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بىر تاغ بار ئىدى. ئۇلار مۇشرىك بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇ كېچە، الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا كۆزەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن مۇنۇ تاغقا چىققان كىشىگە الله مەغپىرەت قىلسۇن! — دېدى. مەن شۇ كېچىسى تاغقا ئىككى-ئۈچ قېتىم چىقتىم.

مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ تۆگىسىنى خىزمەتچىسى رەباھتىن يايلاقعا ئەۋەتتى. مەنمۇ تەلھەنىڭ ئېتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتلىتىشقا چىقتىم. تاڭ ئاتقاندا، ئابدۇراھمان فەزارى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىلىرىنى بۇلاپ، پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن رەباھقا:

— ئى رەباھ! بۇ ئاتنى ئېلىپ، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا يەتكۈزۈپ بەر ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەھۋالنى يەتكۈزگىن! — دېدىم. ئاندىن بىر دۆڭگە چىقىپ، مەدىنىگە قاراپ:

— دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! — دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم. ئاندىن:

مەنكى ئەكۋەئ ئوغلىمەن،

دىن ئىسلامنىڭ قالقىنى.

بۈگۈن دۈشمەن تېتىيدۇ،

ھالاكەتنىڭ تەمىنى.

دەپ توۋلىغاچ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدىم. ئۇلاردىن بىرىگە يېتىشىۋېلىپ، ئوق ئاتقانىدىم، ئوق ئۇنىڭ تارغىقىغا تەگدى. مەن:

— ئالە مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم.

ﷲ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا توختىماي ئوق ئېتىپ، يارىلاندۇرۇۋەردىم. ئاتلىق بىرەرسى ئارقىمغا بۇرۇلۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلسا، دەرھال دەرەخنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئېتىپ يارىلاندۇراتتىم. ئاخىرى، تاغ يولى تارىيىپ، چىغىر يوللارغا كىرگەندە، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇلارغا تاش ئاتقىلى تۇردۇم. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ يۈردۈم. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىسىنى تاشلاپ قاچقىلى تۇردى، مەنمۇ تۆگىلەرنى ئارقامدا قالدۇرۇپ داۋاملىق ئوق ئاتقان ھالدا ئارقىلىرىدىن قوغلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇلار يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئوتتۇزغا يېقىن تون ۋە ئوتتۇزغا يېقىن نەيزىنى تاشلاپ ماڭدى. ئۇلار نېمىنى تاشلاپ ماڭسا، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلىرىگە ئىشارەت بولۇشى ئۈچۈن، تاش بىلەن بەلگە قويۇپ ماڭدىم.

ئۇلارنى بىر تاغ قاپتىلىغا قىستىۋالدىم. ئۇلارنىڭ قېشىغا بەدر فەزارىنىڭ ئوغلى پالانچى يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەچ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. مەنمۇ بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇردۇم. فەزارى ئۇلاردىن:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— بۇ ئادەم بىشىمىزغا بالا بولدى. تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ بىزدىن نېرى كەتمەي ئوق ئېتىپ قوغلاۋاتىدۇ، قولىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى، — دېيىشتى. فەزارى:

— تۆت كىشى تۆپىلىككە چىقىپ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېسۇن، — دېدى. ئۇلاردىن تۆت كىشى مەن بار تۆپىلىككە ياماشقىلى تۇردى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن:

— مېنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم، ئۇلار:

— ياق، كىم بولىسەن؟ — دېيىشتى، مەن:

— سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ بولىمەن. مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك

قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، قايسىڭلارنى قوغلىسام، شۇنىڭغا يېتىشەلەيمەن. ئەمما مېنى تۇتماقچى بولساڭلار، ھېچقايسىڭلار يېتىشەلمەيسىلەر، ـــ دېدىم، ئۇلاردىن بىرى:

ـــ توغرا دەيدۇ، بۇنى بىلىمەن، ـــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتىپ چۇشۇپ كەتتى. مەن جايىمدا مىدىرلىماي تۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ئورمانلىق ئارىسىغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئەڭ باشتا ئەخرەم ئەسەدى، ئۇنىڭ ئارقىدىن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى، ئۇنىڭ ئارقىدىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد كىندى كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىشتى. مەن ئەخرەمنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇۋېلىپ:

ـــ ئى ئەخرەم! دىققەت قىل، ساھابىلەر يېتىپ كەلگۈچە، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالمىسۇن، ـــ دېسەم، ئۇ:

ـــ ئى سەلەمە! سەن اللە قا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرسەڭ، جەننەت ۋە دوزاخنى ھەق دەپ بىلسەڭ، مېنى شەھىد بولۇشتىن توسمىغىن! ـــ دېدى، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئۇ بېرىپ ئابدۇراھمان بىلەن ئېلىشىپ، ئېتىنى يارىلاندۇردى. لېكىن، ئابدۇراھمان ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىندى. دەل شۇ پەيتتە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەركەردىسى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمانغا يېتىشىۋېلىپ، نەيزە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە يۈگۈردۈم. (مەن بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولغاچقا) ئارقامدىن كېلىۋاتقان ساھابىلەرنىڭ بىرىنىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ-توزاڭنىمۇ كۆرمىدىم. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ۋاقىتتا، دۈشمەن زۇلقەرەد دەپ ئاتىلىدىغان سۇلۇق جىلغىغا يېتىپ باردى ۋە قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئىچمەكچى بولۇشتى.

لېكىن، مېنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بىر تامچىمۇ سۇ ئىچمەلمەي يەنە قاچتى ۋە ئېگىز بىر تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. بىرسىگە يېتىشىۋېلىپ، مۈرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوق ئاتتىم ۋە:

— ئالە مانا! مەن ئەكۇەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم.

ئۇ:

— ۋۇي ئانىسى ئۆلگۈر، يەنە شۇ ئەتىگەنكى ئەكۇەئمۇسەن؟ — دېدى، مەن:

— ھەئە، ئى ئۆز نەپسىنىڭ دۈشمىنى! ئەتىگەنكى ئەكۇەئىڭمەن، — دېدىم.

ئۇلار تاغ يولىدا ئىككى تۇياق ئاتنى تاشلاپ قاچتى. مەن ئۇ ئىككى ئاتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا قايتتىم. تاغام ئامىر ماڭا يېتىشىپ كەلدى. ئۇ بىر تۇلۇمدا سۈت، يەنە بىر تۇلۇمدا سۇ ئەكەلگەن ئىكەن. سۈتنى ئىچىپ، سۇدا تاھارەت ئالدىم. پەيغەمبەر ﷺ زۇلقەرەدتىكى سۇلۇق جىلغىدا تۇرۇۋاتقانىكەن. قارىسام، مەن مۇشرىكلاردىن تارتىۋالغان تۆگە، نەيزە ۋە تونلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەپتۇ. بىلال تۆگىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن لوكىسىنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ بېرىۋېتىپتۇ. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىجازەت بەرگىن، يۈز ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تۈگىتىۋېتەي، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئى سەلەمە! شۇنداق قىلامتىڭ؟ — دېۋىدى، مەن:

— ھەئە، سېنى ھۆرمەتلىك قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، شۇنداق قىلىمەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلار ھازىر غەتەفان زېمىنىدا مېھمان قىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

غەتەفان تەرەپتىن كەلگەن بىر ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، (غەتەفاندىن) بىرى ئۇلار ئۈچۈن تۆگە بوغۇزلاپ تېرىسىنى چىقىرىۋاتقان ۋاقىتتا، يىراقتىن

كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاڭنى كۆرۈپ: «ۋاي! مەدىنىلىكلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ» دېيىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بۈگۈن ئاتلىق سەركەردىلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، پىيادىلىك ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمە بولدى، ــ دېدى.

ئاندىن ماڭا ئولجىدىن بىر ئاتلىق بىلەن بىر پىيادىلىكنىڭ ئۈلۈشىنى جەملەپ، ئىككى كىشىلىك بەردى. ئاندىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق، پەيغەمبەر ﷺ مېنى ئەزبائ دېگەن تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى. شۇ ئارىدا، ئەنسارىلاردىن بىرى:

ــ مۇسابىقىلىشىدىغانلار بارمۇ؟ مەدىنىگىچە مۇسابىقىلىشىدىغانلار بارمۇ؟ ــ دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن توۋلىغىلى تۇردى، مەن ئۇنىڭغا:

ــ ئۇلۇغ كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمامسەن، يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىدىن تەپ تارتمامسەن؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ ياق، پەقەت رەسۇلۇللاھتىنلا تەپ تارتىمەن، ــ دېدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. رۇخسەت قىلساڭ، بۇ ئادەم بىلەن مۇسابىقىلەشسەم، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ خالىساڭ، شۇنداق قىلغىن! ــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ــ قېنى ئەمىسە، باشلا! ــ دېدىم ۋە تۆگىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. ئۆزۈمنى ھاردۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ـ ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ، ئازراق دەم ئالدىم. ئاندىن يەنە يۈگۈرۈپ، بىر ـ ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ، يەنە دەم ئېلىۋالدىم. ئاندىن سۈرئىتىمنى تېزلىتىپ، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم ـ دە، مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

ــ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئارقامدا قالدىڭ، ــ دېدىم، ئۇ:

ــ شۇنداق بولدى، ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەدىنىگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ باردىم.

مەدىنىدە ئۈچ كۈنلا تۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ بىلەن خەيبەرگە چىقتۇق. تاغام ئامىر ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دەپ قوشاق ئېيتقىلى تۇردى:

گەر بولمىساڭ، ئى الله !

تاپماس ئىدۇق ھىدايەت.

بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر،

زاكات، ناماز، ئىبادەت؟

بىز ئەمەسمىز، ئى الله !

رەھمىتىڭدىن بىھاجەت.

بىزنى قىلغىن خاتىرجەم،

بەرگىن بىزگە سۈكۈنەت.

پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، مەن:

— ئۇ (تاغام) ئامىر، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— رەببىم ساڭا رەھمەت قىلغاي! — دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ الله تىن كىمگە رەھمەت تىلىسە، شۇ كىشى چوقۇم شەھىد بولاتتى. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئامىر بىلەن كۆڭلىمىز ئارام تاپاتتى ئەمەسمۇ؟! — دېدى.

خەيبەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ پادىشاھى مەرھەب شەمشىرىنى پۇلاڭلىتىپ چىقىپ، مۇنداق دېدى:

خەيبەر مېنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان بىلىدۇ،

ئىسمىم مەرھەب (خەيبەرنىڭ شاھى بولىمەن).

ئۇرۇش بىر باشلانسا، ئۇندا كۆرۈڭلار،

توپ - تولۇق قوراللانغان پالۋان بولىمەن.

تاغام ئامىر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

ئامىرمەن، بىلىدۇ خەيبەرمۇ مېنى،

بەك قارام پالۋانمەن، چۈشمەمسەن قېنى؟

ئۇلار قاتتىق تۇتۇشۇپ، بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، مەرھەبنىڭ قىلىچى ئامىرنىڭ قالقىنىغا تەگدى. ئامىر ئۇنىڭغا ئاستىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېدى، قىلىچى سىيرىلىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ جان تومۇرى كېسىلىپ كەتتى ۋە شۇ يەردە جان بەردى.

ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرسەم، ساھابىلەردىن بىر نەچچىسى:

— ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، — دېيىشىۋاتقان ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ، يىغلىغان پېتى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — دېدى، مەن:

— ساھابىلىرىڭدىن بىر نەچچىسى، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— كىم ئۇنداق دېگەن بولسا، يالغان سۆزلەپتۇ. دەل ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ، — دېدى. ئاندىن يەنە ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ:

— ئۇ الله قا ئىتائەت قىلغۇچى مۇجاھىد. ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۇنىڭدەك

كىشىلەر بەك ئاز تېپىلىدۇ، ــ دېدى.

ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ مېنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ بۈگۈن تۇغنى شۇنداق بىر كىشىگە تۇتقۇزايكى، ئۇ، الله نى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ. الله مۇ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ــ دېدى. ئەلىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى سۈرتۈپ قويغانىدى، ئەلىنىڭ كۆزى دەرھال ساقىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ تۇغنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى، مەرھەب مەيدانغا چىقىپ مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

خەيبەر مېنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان بىلىدۇ،

ئىسمىم مەرھەب (خەيبەرنىڭ شاھى بولىمەن).

ئۇرۇش بىر باشلانسا، ئۇندا كۆرۈڭلار،

توپ - تولۇق قوراللانغان پالۋان بولىمەن.

ئەلىمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

ئانام مېنى شىر دەپ ئاتىغان،

گوياكى ئورمانىنىڭ ۋەھشىي شىرىمەن.

دۈشمەنگە رەھىم - شەپقەت قىلمايمەن ئەسلا،

جازاسىنى ھەددىدىن ئارتۇق بېرىمەن.

ئەلى ئېلىشىپ، مەرھەبنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ۋە خەيبەر ئۇنىڭ قولىدا فەتىھ قىلىندى.[1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك مۆجىزىسى كۆرۈلگەن:

ھۆدەيبىيەدىكى قۇدۇق سۈيىنىڭ كۆپەيگەنلىكى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشى.

الله تائالانىڭ خەيبەرنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولى ئارقىلىق فەتھە قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنلىكى.

دۈشمەنلەرنىڭ غەتافاندا مېھمان بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىشى. دەرۋەقە ئىش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خەۋەر قىلغىنىدەك بولغانلىقى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ يەكۈنلەپ چىققان نەتىجىلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلغان**

عن حنش بن المعتمر: أن عليا رضي الله عنه كان باليمن فاحتفروا زبية للأسد، فوقع فيها الأسد، فبينا هم يتطلعون فيها اذ سقط رجل فتعلق بآخر، وتعلق الآخر بآخر، وتعلق الآخر بآخر، حتى صاروا أربعة، فجرحهم الأسد فيها، فانتدب له رجل بحربة، فقتله وماتوا من جراحتهم كلهم، قال: فتنازعوا في ذلك حتى أخذوا السلاح. فأتاهم علي فقال: تريدون أن تقاتلوا ورسول اللّه حي، إني أقضي بينكم قضاءً إن رضيتم فهو القضاء، وإلا حجز بعضكم عن بعض حتى تأتوا النبي ﷺ فيكون. هو الذي يقضي بينكم، فمن عَدا بعد ذلك فلا حق له، اجمعوا من قبائل الذين حفرُوا الْبئر ربُع الدية وثلث الدية ونصف الدية والدية كاملةً، فقضى للأول ربع دية، وللثاني ثلث دية، وللثالث نصف دية، وللرابع الدية كاملة، قال: فرضي بعضهم، وكره بعضهم، فارتفعوا إلى النبي ﷺ قال فأتوا النبي ﷺ وهو عند مقام إبراهيم، فقصوا عليه القصة، فقال: أنا أقضي بينكم، واحتبى، فقال رجل من القوم: إن عليّا قضى فينا، فقصوا عليه القصة، فأجازه رسول اللّه ﷺ.

ھەنەش ئىبنى مۇئتەمىر مۇنداق دېگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىكى ۋاقتىدا كىشىلەر يولۋاس تۇتۇش ئۈچۈن ئورەك كولاپ ئۈستىنى يېپىپ قويغانىدى، يولۋاس ئۇ يەردىن مېڭىپ ئورەككە چۈشتى. ئۇلار ئورەككە قاراپ

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 12- توم 186- بەت.

تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشى ئۇشتۇمتۇت ئورەك تەرەپكە يىقىلىپ كېتىپ يېنىدىكى كىشىگە ئېسىلىۋالدى، ئۇ كىشىمۇ كەينىدىكى كىشىگە ئېسىلىۋالدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىمۇ ئۆزىنىڭ كەينىدىكى كىشىگە ئېسىلىۋالدى، شۇنداق قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت كىشى ئورەككە يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، يولۋاس ئۇلارنى ئورەكتە ئېغىر يارىلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر كىشى چاققانلىق بىلەن يولۋاسقا نەيزە ئۇرۇپ يولۋاسنى ئۆلتۈردى. ئورەكتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يولۋاسنىڭ قاتتىق يارىلاندۇرغانلىقى سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايدىكى كىشىلەر بۇ ئىش ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ بىر ـ بىرىگە قورال كۆتۈرۈشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ــــ سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات تۇرۇپ ئۆزئارا ئۇرۇشماقچىمۇ؟ مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم قىلىپ قوياي، ئەگەر رازى بولساڭلار مەن ھۆكۈم قىلغاندەك بولسۇن؛ ئەگەر رازى بولمىساڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن قولۇڭلارنى يىغىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇ دەۋايىڭلارنى ئايرىپ قويىسۇن. ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە تاجاۋۇز قىلىشىغا بولمايدۇ. ئورەكنى كولىغان قەبىلىلەرنى جەملەپ ئۇلاردىن تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى، تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ يېرىمىنى ۋە تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنى ئېلىڭلار، ــــ دېدى. ئاندىن بىرىنچى كىشىگە تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى، ئىككىنچى كىشىگە تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، ئۈچىنچى كىشىگە تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ يېرىمىنى، تۆتىنچى كىشىگە تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنى بۆلۈپ بەردى.

بۇ ھۆكۈمگە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى رازى بولۇپ، يەنە بىر قىسمى رازى

بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا:

— ناۋادا رازى بولمىساڭلار، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىڭلار، — دېگەنىدى، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ۋاقىتتا ماقامى ئىبراھىمنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ گە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ مەن ئاراڭلاردا ھۆكۈم قىلىپ قويااي دېدى ۋە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرسى:

— ئەلى بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلىپ بولغان، — دەپ بولغان ئىشلارنى پەيغەمبەر ﷺ گە سۆزلەپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقارغان ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلدى.[1]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ تۆت كىشى ئورەكنىڭ يېنىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىرىشىشى سەۋەبلىك ئۆرەككە چۈشۈپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئورەكنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان پۈتۈن كىشىلەر يولۋاس تالاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بۇ تۆت كىشىگە دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ.

بىرىنچى كىشى باشقىلارنىڭ ئىتتىرىشى سەۋەبلىك ئۆرەككە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئارقىسىدىكى ئۈچ كىشىنى تارتىپ ئۇلارنىڭ ئورەككە چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. بۇ كىشى باشقىلارنىڭ ئىتتىرىشى سەۋەبى بىلەن ئورەككە چۈشۈپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دىيەت بېرىلىدۇ، ئەمما بۇ كىشى ئۈچ كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ تۆتتىن ئۈچىنى باشقىلارغا بېرىدۇ.

ئىككىنچى كىشى تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئۇ ئارقىسىدىكىنى تارتىش ئارقىلىق ئىككى كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

باشقىلارغا بېرىدۇ.

ئەمما، ئۈچىنچى كىشى تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ ۋە باشقىلارغا دىيەتنىڭ يېرىمىنى تۆلەيدۇ، چۈنكى بۇ كىشى بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان.

تۆتىنچى كىشى تولۇق بىر كىشىلىك دىيەتنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ، چۈنكى ئۇ ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولمىغان.

(يەنى، ئورەكنى كولىغانلار بىرىنچى كىشىگە 25 تۆگە، ئىككىنچى كىشىگە 33 تۆگە، ئۈچىنچى كىشىگە 50 تۆگە، تۆتىنچى كىشىگە 100 تۆگە دىيەت تۆلەيدۇ.)

ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دېگەن: «بۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ۋە تەپسىلىي يەكۈنلەپ چىقىرىلغان ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ».[1]

پەيغەمبەر ﷺ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، چۈنكى ئۇ ناھايىتى ھوشيار ۋە زېرەك ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «اللَّهم علمه الحكمة» «ئى الله! ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلغان.[2]

يەنە بىر نەقىلدە: «دخل النبي ﷺ الخلاء. فوضعت له وضوءا. فقال: <من وضع هذا> فأخبر فقال <اللَّهم فقهه في الدين>» «پەيغەمبەر ﷺ ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىۋىدى، تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ قويۇپ قويدۇم. پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ: <بۇنى كىم قويۇپ قويدى؟> دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا سۇنى مېنىڭ قويۇپ قويغانلىقىم ئېيتىلغاندى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى الله! ئۇنى دىندا ئالىم قىلغىن!> دېدى»

① ئىبنى ئەرەبىنىڭ «أحكام القرآن» ناملىق كىتابى 4- توم 44- بەت.
② بۇخارى توپلىغان.

دېيىلگەن.[1]

يەنە بىر نەقىلدە: «أن رسول اللَّه ﷺ كان في بيت ميمونة، فوضعت له وضوءا من الليل. قال: فقالت ميمونة: يا رسول اللَّه وضع لك هذا عبد اللَّه بن عباس. فقال: اللَّهم فقهه في الدين وعلمه التأويل» «پەيغەمبەر ﷺ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى. مەن كېچە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ قويۇپ قويدۇم. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۇنى ساڭا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قويۇپ قويدى> دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى اللە! ئۇنى دىندا ئالىم قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا تەئۋىل (قۇرئاننىڭ تەپسىرى)نى ئۆگەتكىن> دەپ دۇئا قىلدى» دېيىلگەن.[2]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، دىندا ئالىم بولۇشنىڭ پەزىلىتى، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ئىلىمدە يۈكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان».[3]

ئىبنى مۇنىر مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت سۈيى قويۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ دىندا بۈيۈك ئالىم بولۇشىغا دۇئا قىلىپ قويۇشى — ئىبنى ئابباسنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ قايسىسىنى قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر: بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇنى ھاجەتخانا ئىچىگە ئەكىرىپ بېرىش؛ ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۇنى ئاسان ئېلىشى ئۈچۈن ھاجەتخانا ئىشىكىگە يېقىن يەرگە قويۇپ قويۇش؛

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئەھمەد توپلىغان.
[3] «شرح النووي على مسلم» 16 - توم 37 - بەت.

ئۈچىنچىسى، ھېچقانداق ئىش قىلماسلىق. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلاردىن ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى مۇۋاپىق دەپ قارىغان، چۈنكى بىرىنچىسىدە ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نى ھاجەت ئادا قىلىۋاتقان ھالىتىدە كۆرۈپ قالىدۇ. ئۈچىنچىسىدە بولسا، پەيغەمبەر ﷺ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدەشتە قىيىنىلىپ قالىدۇ. بۇلاردىن ئىككىنچىسى ئەڭ قولايلىق ۋە ئاسىنىدۇر. بۇنىڭدىن، ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىنتايىن زېرەك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ﷺ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىنغا كۆپ مەنپەئەتى يېتىشىنى ئويلاپ ئۇنىڭ دىندا بۈيۈك ئالىم بولۇشىغا دۇئا قىلىپ قويغان. ھەقىقەتتىمۇ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىندا بۈيۈك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان». ①

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە گۆدەكلىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەگەشكەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۇغقان كېلەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ بۇ شەرەپكە ئېرىشمىسۇن؟!

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولغاندا ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن ئىدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننىڭ تەرجىمانى» دەيتتى. ②

---

① «فتح الباري» 1 ـ توم 232 ـ بەت.
② ھاكىم توپلىغان.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھەممەد ﷺ گە نازىل بولغان قۇرئاننى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىدۇر».[①]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلىغىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈۋالغان.**

وعن ابن عباس رضي اللّٰه عنه: «كنت خلف رسول اللّٰه ﷺ يوما فقال: ‹يا غلام إني أعلمك كلمات احفظ اللّٰه يحفظك، احفظ اللّٰه تجده تجاهك، تعرف إليه في الرخاء, يعرفك في الشدة إذا سألت فاسأل اللّٰه، وإذا استعنت فاستعن باللّٰه، واعلم أن الأمة لو اجتمعت على أن ينفعوك بشيء لم ينفعوك إلا بشيء قد كتبه اللّٰه لك، ولو اجتمعوا على أن يضروك بشيء لم يضروك إلا بشيء قد كتبه اللّٰه عليك، رفعت الأقلام وجفت الصحف, واعلم أن في الصبر على ما تكره خيرا كثيرا, أن النصر مع الصبر، وأن الفرج مع الكرب، وأن مع العسر يسرا›».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا بىرقانچە سۆز ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىغا چىڭ يېپىشقىنىڭ، اللّٰه سېنى قوغدايدۇ؛ اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلغىنىڭ، اللّٰه نى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن؛ خاتىرجەم ۋاقىتتا اللّٰه نى ياد ئەتكىن، اللّٰه سېنى قىيىنچىلىقتا ياد ئېتىدۇ؛ بىرنەرسە سورىساڭ، اللّٰه تىنلا سورىغىن؛ ياردەم تىلىسەڭ، اللّٰه تىنلا تىلىگىن. بىلگىنكى، بارلىق ئۈممەت ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، اللّٰه ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر بارلىق ئۈممەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، اللّٰه ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بىلگىنكى، قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى. بىلگىنكى،

[①] ئاجۇرى «الشريعة» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلىشتا كۆپ ياخشىلىقلار بار. ھەقىقەتەن غەلىبە ۋە نۇسرەت سەۋر بىلەن قولغا كېلىدۇ، ئۈتۈق قازىنىش ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بىلەن بولىدۇ. ھەربىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار» دېدى.[1]

ھەقىقەتەنمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەقىل-پاراستى ناھايىتى روشەن نامايان بولغان ئىدى، شۇڭلاشقا مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارلىرىنى ھېس قىلغاچقا ئۇنى ئۆزىگە يېقىن قىلىۋالغان.

وعن ابن عباس رضي اللّٰه عنه: كان عمر يدخلني مع أشياخ بدر، فكأن بعضهم وجد في نفسه، فقال: لم تدخل هذا معنا، ولنا أبناء مثله؟ فقال: إنه من قد علمتم، فدعاهم ذات يوم، ودعاني معهم، فما رئيته دعاني يومئذ إلا ليريهم مني، فقال: ما تقولون في **﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ﴾ وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا﴾** حتى ختم السورة، فقال بعضهم: أمرنا أن نحمد اللّٰه ونستغفره إذا نصرنا وفتح علينا، وفي رواية: قالوا: فتح المدائن، والقصور، وقال بعضهم: لا ندري، فقال لي: يا ابن عباس، أكذلك تقول؟ قلت: لا، قال: فما تقول؟ قلت: هو أجل رسول اللّٰه ﷺ ، أعلمه اللّٰه له، **﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ﴾** فتح مكة، فذاك علامة أجلك، **﴿فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾** فقال عمر: ما أعلم منها إلا ما تعلم.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئۆمەر مېنى بەدرگە قاتناشقان مويسىپىت ساھابىلەر بار سورۇنغا قاتناشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خاپا بولغان بولسا كېرەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

— بىزنىڭ بۇنىڭ بىلەن تەڭ باللىرىمىز تۇرسا، ئۇنى بىز بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغۇزغىنىڭ نېمىسى؟ — دېگەن ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئۇ ئالىم بولغاچقا شۇنداق قىلدىم، بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، — دېدى.

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىر كۈنى مېنى يەنە چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزدى. بۇ قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن چاقىردى دەپ ئويلىدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن:

ــ الله تائالانىڭ: «الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە الله نىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە [1 ـ 2]»① دېگەن ئايەت ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ ــ دەپ سورىۋېدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى:

ــ بىزگە نۇسرەت ياكى فەتىھ ئاتا قىلىنسا، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ۋە ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇلدۇق، ــ دېدى. يەنە بىر نەقىلدە: «ئۇلار شەھەر ۋە قەسىرلەرنىڭ فەتىھ قىلىنىشى» دېگەن. يەنە بىر قىسىملىرى:

ــ بىز بىلمەيدىكەنمىز، ــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن:

ــ ئى ئىبنى ئابباس! سەنمۇ شۇنداق دەپ قارامسەن؟ ــ دەپ سورىۋېدى، مەن:

ــ ياق، ــ دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ باقايلى، ــ دېدى. مەن:

ــ بۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەجىلىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، الله ئۇنىڭغا ئەجىلىنى بىلدۈرگەن. الله تائالانىڭ «الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەندە» دېگەن سۆزى مەككە فەتھىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت سېنىڭ ئەجىلىڭنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، شۇڭا سەن «رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدە ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر» دېگەنلىك بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

① سۈرە نەسر 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەت.

ـــ بۇ ئايەتنى مەنمۇ سەندەك چۈشىنىمەن، ـــ دېدى.[1]

بۇ ھەدىستىن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىنتايىن پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ﷲ تائالادىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەئۋىل (قۇرئان تەپسىرى)نى بىلدۈرۈشنى تىلىگەنلىكىنى ۋە دىندا ئالىم قىلىشنى سوراپ قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.[2]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلىملىك، دىنىي چۈشەنچىگە باي ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك ئىكەنلىكى ھەممىگە ئاياندۇر، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئىزدىنەتتى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىش-ئىزلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق ئەستە ساقلىۋالغان ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇئامىلە ئەخلاقلىرىنى پېشقەدەم ساھابىلەردىن ئۆگەنگەن ئىدى».[3]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىغا ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەرقايسى دەرسلەرنى ئايرىم-ئايرىم كۈنلەرگە بۆلۈپ، بىر كۈن فىقھى مەسىلىلەر، يەنە بىر كۈن قۇرئان تەپسىرى، يەنە بىر كۈن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جىھاد سەرگۈزەشتىلىرى، يەنە بىر كۈن شېئىر ۋە يەنە بىر كۈن ئەرەبلەرنىڭ تارىخلىرى ھەققىدە دەرس سۆزلەيتتى.[4]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) ئەبۇ ۋائىلدىن نەقىل قىلغاندەك، ياقۇپ سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە نۇرنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۇنى تەپسىر قىلىشقا باشلىغان

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] «فتح الباري» 8- توم 736- بەت.
[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 4- توم 290- بەت.
[4] زەركىلىنىڭ «الأعلام» ناملىق كىتابى 4- توم 95- بەت.

ئىدى. بىر كىشى: <ئەگەر بۇنى دەيلەم (دەيلەم ــ ئەجەم قەبىلىسى بولۇپ، ئەزەربەيجان ئەتراپىغا يەرلەشكەن. ئۇلار باتۇرلۇق ۋە ئاداۋەتخورلۇق بىلەن مەشھۇردۇر) ئاڭلىغان بولسا، ئەلۋەتتە مۇسۇلمان بولۇپ كېتەتتى> دېگەن».[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەستە ساقلاش تالانتى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئالاھىدە ئۈستۈن ئىدى. ئىبنى ئەبۇ رەبىئە ئۇنىڭ بۇ تالانتىنى ماختاپ شېئىر ئوقۇغان ئىدى.

ئۇ 80 بېيىتلىق شېئىر بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى بىر قېتىم ئاڭلاپلا يادقا ئېلىۋالغان.[2]

**❖ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن تالانتلىقلار قاتارىدىن ئىدى.**

زەھەبى ئۇ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامغا بۇرۇن كىرگەنلەردىن ۋە مۇنەۋۋەر ئالىملار قاتارىدىن ئىدى».[3]

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەڭ زېرەك ئالىملاردىن ئىدى».[4]

عن شقيق بن سلمة قال: خطبنا عبد اللّٰه بن مسعود فقال واللّٰه لقد أخذت من في رسول اللّٰه ﷺ بضعا وسبعين سورة واللّٰه لقد علم أصحابي أني من أعلمهم بكتاب اللّٰه وما أنا بخيرهم، قال شقيق: فجلست في الحلق أسمع ما يقولون فما سمعت رادا يقول غير ذلك.

شەقىق ئىبنى سەلەمە مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە خۇتبە سۆزلەپ: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئېغىزىدىن 70 نەچچە سۈرىنى ئۆگەندىم. الله بىلەن قەسەمكى، دوستلىرىم

[1] «فتح الباري» 7- توم 100- بەت.
[2] زەركەلىنىڭ «الأعلام» ناملىق كىتابى 4- توم 95- بەت.
[3] «سير أعلام النبلاء» 1- توم 461- بەت.
[4] «سير أعلام النبلاء» 1- توم 462- بەت.

مېنىڭ الله نىڭ كىتابىنى ئۆزلىرىدىن ياخشىراق بىلىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەمەس» دېدى. مەن شۇ سورۇندا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانىدىم، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇ سۆزىگە رەددىيە قايتۇرالىغان بىرەرسىنى كۆرمىدىم.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ سۈرە نىسانىڭ بېشىنى ئوقۇپ بەرگەن.**

عن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه قال: قال لي رسول اللّه ﷺ: اقرأ عليَّ، فقلت: يا رسول اللّه آقرا عليك وعليك أنزل؟ قال: نعم، فقرأت سورة النساء حتى أتيت إلى هذه الآية: [فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِنْ كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلَاءِ شَهِيدًا] فقال: حسبك الآن فالتفت اليه فإذا عيناه تذرفان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا:

— قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەرگىن! — دېگەنىدى. مەن:

— قۇرئان ساڭا نازىل قىلىنغان تۇرسا، مەن ساڭا تىلاۋەت قىلىپ بېرەمدىم؟! — دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن سۈرە نىسانى ئوقۇپ «بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟»[2] دېگەن يەرگە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— توختا! — دېدى. قارىسام رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە نىسا 41 ـ ئايەت.

توختۇلۇۋېتىپتۇ.[1]

پەيغەمبەر ﷺ قۇرئاننى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆگىنىشكە كۆرسەتمە بېرىپ: «خذوا القرآن من أربعة، من ابن أم عبد ومعاذ بن جبل وأبي بن كعب، وسالم مولى أبي حذيفة» «قۇرئاننى ئىبنى ئۇممۇ ئەبدى (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد)، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىمدىن ئىبارەت تۆت كىشىدىن ئۆگىنىڭلار» دېدى.[2] پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئەڭ باشتا تىلغا ئالغان ئىدى.

يەنى، قۇرئاننى ئۇلاردىن ئۆگىنىڭلار. بۇلاردىن ئەڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى كىشى مۇھاجىرلاردىن، كېيىنكى ئىككىسى بولسا ئەنسارىلاردىندۇر. سالىم مەئقەلنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۇ ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى ئىدى.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى بۇ تۆت كىشىدىن ياخشىراق بىلىدىغانلار بار بولسىمۇ، ئەمما بۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ كەلىمىلىرىنى ئەڭ پۇختا ئىگىلىگەن ۋە قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان كىشىلەر ئىدى. ياكى بۇلار قۇرئاننى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۆگەنگەن، ئەمما باشقىلار بىر-بىرىدىن ئۆگەنگەن بولۇشى ياكى بۇ تۆت كىشى قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان كىشىلەر بولۇشى، ياكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قۇرئان ئۆگىنىشتە شۇ تۆت كىشىگە تايىنىشىنى ۋە ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىشىنى ۋە قۇرئان ئۆگىنىشتە ئۇلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن».[3]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 16- توم 18- بەت.

ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىسى ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «من أحب أن يقرأ القرآن غضا كما أنزل فليقرأه على قراءة ابن أم عبد» «كىم قۇرئاننى نازىل قىلىنغان پېتى ئوقۇشنى خالىسا، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىدە ئوقۇسۇن» دېگەن مۇبارەك سۆزىنى يەتكۈزدى.①

❖ **ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئەستە ساقلاش تالانتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلار قاتارىدىندۇر**

عن أبي هريرة رضي اللّه عنه قال: إنكم تقولون: إن أبا هريرة يكثر الحديث عن رسول اللّه ﷺ، وتقولون: ما بال المهاجرين والأنصار لا يحدثون عن رسول اللّه ﷺ بمثل حديث أبي هريرة؟ وإن إخوتي من المهاجرين كان يشغلهم صفق بالأسواق، وكنت ألزم رسول اللّه ﷺ على ملء بطني، فأشهد إذا غابوا، وأحفظ إذا نسوا، وكان يشغل أخوتي من الأنصار عمل أموالهم، وكنت امرأ مسكينا من مساكين الصفة، أعي حين ينسون. وقد قال رسول اللّه ﷺ في حديث يحدثه: أنه لن يبسط أحد ثوبه حتى أقضي مقالتي هذه ثم يجمع إليه ثوبه إلا وعى ما أقول، فبسطت نمرة علي حتى إذا قضى مقالته جمعتها إلى صدري، فما نسيت من مقالة رسول اللّه ﷺ تلك من شيئ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «<ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامىدىن كۆپ ھەدىس بايان قىلىدۇ. مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدەك ھەدىس سۆزلىمەيدۇ؟> دېيىشكىلار مۇمكىن. مېنىڭ مۇھاجىر بۇرادەرلىرىم بازاردا ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالاتتى، مەن بولسام قورسىقىم تويسىلا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتىم. ئۇلار كەلمىگەن سورۇنغا مەن كېلەتتىم، ئۇلار ئۇنتۇپ قالغان ھەدىسنى مەن ئېسىمدە چىڭ تۇتاتتىم. ئەنسارى قېرىنداشلىرىم ئۆزلىرىنىڭ مال-دۇنياسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەن سۇپا ئەھلىدىن② بىرى ئىدىم، ئۇلار

① ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② سۇپا ئەھلى — مەسجىدى نەبەۋىنىڭ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان سۇپىنى ئۆزلىرىگە قارارگاھ قىلغان 70 تىن ئارتۇق كەمبەغەل ساھابىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنتۇپ قالغاننى ئېسىمدە ساقلايتتىم. بىر قېتىم پەيغەمبەر ﷺ سۆزلەۋېتىپ: <كىمكى كىيىمىنى مۇشۇ گېپىمنى تۈگىتىپ بولغۇچە (يەرگە) يېيىپ تۇرۇپ گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن يىغىۋالسا، مەن دېگەن سۆزلەرنى ياد ئېلىۋالىدۇ> دېدى. مەن ئۈستۈمدىكى يوللۇق توننى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزى ئاخىرلاشقۇچە يەرگە يېيىپ تۇردۇم ۋە ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا تونۇمنى يىغىپ مەيدەمگە باستىم. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ چاغدا دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم».[1]

ئىمام زەھەبى مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق ھالەتتىكى ئەستە ساقلاش تالانتى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر».[2]

وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قلت: يا رسول الله إني أسمع منك حديثاً كثيراً أنساه، قال: أبسط رداءك، فبسطته فغرف بيديه ثم قال: ضمه فضممته فما نسيت شيئاً بعده.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى ئاڭلايمەن، لېكىن ھېچبىرىنى يادىمدا تۇتالمايۋاتىمەن، ــ دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ يەكتىكىڭنى يەرگە سالغىن! ــ دېدى. مەن يەكتىكىمنى يېشىپ يەرگە سالدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى قولى بىلەن ئوچۇملىغاندىن كېيىن:

ــ ئەمدى يىغقىن! ــ دېگەنىدى، مەن ئۇنى يىغدىم. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ ھېچبىر سۆزىنى ئۇنتۇمايدىغان بولدۇم.[3]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوچۇملانغان نەرسىنى ئوچۇق تىلغا ئالمىدى. بۇ يەردىكى ئوچۇملاش

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «سير أعلام النبلاء» 2ـ توم 294ـ بەت.
[3] بۇخارى توپلىغان.

پەقەت ئىشارەت بولۇشى مۇمكىن». [1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى ھەدىستىن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىنتايىن پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىدىن روشەن مۆجىزىلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنتۇپ قېلىش ئىنساندا نورمالدا كۆرۈلىدىغان ھادىسىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئۇنتۇغاق ئىكەنلىكىنى، كېيىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەرىكىتى سەۋەبلىك ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى بايان قىلغان». [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرگەن.**

عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه أنه قال: يا رسول اللَّه من أسعد الناس بشفاعتك يوم القيامة؟ قال رسول اللَّهﷺ: لقد ظننت يا أبا هريرة, أن لا يسألني عن هذا الحديث أحد أول منك؛ لما رأيت من حرصك على الحديث، أسعد الناس بشفاعتي يوم القيامة من قال: لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّه خالصا من قلبه.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قىيامەت كۈنى سىنىڭ شاپائىتىڭگە ئېرىشىدىغان ئەڭ بەختلىك كىشى كىم؟ — دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! مەن سېنىڭ ھەدىسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىڭگە قاراپ، ھېچكىم بۇ مەسىلىنى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن بۇرۇن سورىمايدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم. قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدىغان ئەڭ بەختلىك كىشى چىن قەلبىدىن: «لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّه» «الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن كىشىلەردۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. [3]

---

[1] «فتح الباري» 1- توم 215- بەت.

[2] «فتح الباري» 1- توم 215- بەت.

[3] بۇخارى توپلىغان.

**❖ ئۇبەي ئىبنى كەئبمۇ پەيغەمبەر ﷺ كۆڭۈل بۆلگەن تالانتلىق كىشىلەر قاتارىدىندۇر**

پەيغەمبەر ﷺ قۇرئاننى تۆت كىشىدىن ئۆگىنىشكە كۆرسەتمە بېرىپ، شۇ تۆت كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۇبەي ئىبنى كەئبنىمۇ تىلغا ئالغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئارىمىزدىن ئەلى ھۆكۈم مەسىلىلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئب قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدۇ».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىرائەتتە ئېلىشىپ كېتىش ۋە ئۇنتۇپ قېلىش ئىشلىرىغا ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ لوقما سېلىشىنى ئېيتقان.**

عن عبد الله بن عمر رضي الله عنه قال: أن النبي ﷺ صلى صلاة فقرأ فيها، فلبسَ عليه، فلما انصرف، قال لأبي: أصليت معنا؟ قال: نعم. قال: فما منعك أن تفتحها علي؟

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بىرگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ، قىرائەتتە ئېلىشىپ كەتتى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـــ سەنمۇ بىز بىلەن ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ھەئە، بار ئىدىم، ـــ دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئەمىسە، نېمىشقا لوقما سالمىدىڭ؟ ـــ دېدى.[2]

بۇ ھەدىستىن، ئىمامغا لوقما سېلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «الفتح» ـــ ئىمام ئاشكارا قىرائەت قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىرەر ئايەتنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۇنتۇپ قالغان ئايەتنى ئەسلىتىشنى؛ قىرائەتتىن باشقا

[1] ئەھمەد توپلىغان.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان. نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رۇكىنلىرىنى ئۇنتۇپ قالسا ئەرلەرنىڭ تەسبىھ بىلەن، ئاياللارنىڭ چاۋاك چېلىش بىلەن تۈزىتىپ قويۇشىنى كۆرسىتىدۇ.[1]

**❖ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى كەئبنى تەراۋىھ نامىزىغا ئىمام قىلىپ تەيىنلىگەن.**

ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلقارى مۇنداق دېگەن: بىر رامىزان كېچىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەسجىدكە چىقتىم. كىشىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزى يالغۇز، يەنە بەزىلىرىگە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئەگىشىپ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۇلار ھەممىسى بىر قارىغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا ناھايىتى ياخشى بولغۇدەك» دېدى. كۆپ ئۆتمەي رەسمىي قارار قىلىپ، ئۇلارنى يىغىپ ئۇبەي ئىبنى كەئبنى ئۇلارغا ئىمام قىلىپ تەيىنلىدى. باشقا بىر كېچىسى يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مەسجىدكە چىققان ئىدىم، جامائەت ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بۇنى كۆرۈپ):

ـــ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت-ھە؟! ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇخلاپ، كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئەمىلى بۇلارنىڭكىدىن ئەۋزەلدۇر، ـــ دېدى. چۈنكى، جامائەت كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدىلا نامازغا تۇرغان ئىدى.[2]

**ئەسكەرتىش**

بىر قىسىم كىشىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت-ھە؟!» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ بىدئەتنى «ياخشى بىدئەت ۋە يامان بىدئەت» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلگەن. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، بۇ يەردە بۇ سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن

[1] «نيل الأوطار» 2- توم 380- بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

ھەرگىزمۇ شەرئىي ئاتالغۇدىكى «بىدئەت» مەقسەت قىلىنمايدۇ. دىندىكى ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ: «كل بدعة ضلالة وكل ضلالة في النار» «ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر. ھەرقانداق ئازغۇنلۇق دوزاختا بولىدۇ» دېگەن.[1]

**❖ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسكىرىي جەھەتتە تالانتلىقلار قاتارىدىندۇر**

ئىمام زەھەبى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ الله نىڭ قىلىچى، ئىسلام چەۋاندازى، جەڭ مەيدانىنىڭ شىرى، مۇجاھىدلارنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرىدۇر».

پەيغەمبەر ﷺ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى الله نىڭ قىلىچى دەپ ئاتاپ: «خالد بن الوليد سيف من سيوف اللّٰه تعالى، سله اللّٰه على المشركين» «خالىد ئىبنى ۋەلىد الله نىڭ مۇشرىكلارغا سۇغارغان قىلىچىدۇر» دېگەن.[2]

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە پەتھىسى ۋە ھۇنەين جەڭلىرىگە قاتناشقان. پەيغەمبەر ﷺ ھايات ۋاقتىدا قوشۇنغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۆزىنىڭ دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلىرىنى الله يولىغا ئاتىۋەتكەن. مۇرتەدلەرگە ۋە مۇسەيلىمەگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، ئىراققا ھۇجۇم قىلغان، شامدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئۇنىڭ بەدىنىدە شەھىدلىك تامغىسى بېسىلمىغان بىر غېرىچ ئورۇنمۇ قالمىغان.

ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى بارلىق قوشۇن ئەمىرلىرىگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. ئۇ دەمەشقنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە

[1] مۇسلىم ۋە نەسائى توپلىغان.
[2] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دەمەشىقنى فەتىھ قىلغان. ئۇ تالاي مەشھۇر باتۇرلارنى ئۆلتۈرگەن، قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىسۇن. ئۇ ھىجرىيە 21- يىلى 60 يېشىدا ھىمىس شەھرىدە كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات بولغان.[①]

عن أبي قتادة رضي الله عنه فارس رسول اللَّه ﷺ قال: بعث رسول اللَّه ﷺ جيش الأمراء وقال: عليكم زيد بن حارثة، فإن أصيب زيد، فجعفر، فإن أصيب جعفر، فعبد اللَّه بن رواحة الأنصاري فوثب جعفر فقال: بأبي أنت يا نبي اللَّه وأمي ما كنت أرهب أن تستعمل علي زيدا قال: امضوا، فإنك لا تدري أي ذلك خير. قال: فانطلق الجيش فلبثوا ما شاء اللَّه، ثم إن رسول اللَّه ﷺ صعد المنبر، وأمر أن ينادى الصلاة جامعة، فقال رسول اللَّه ﷺ: ناب خبر، أو ثاب خبر، ألا أخبركم عن جيشكم هذا الغازي إنهم انطلقوا حتى لقوا العدو، فأصيب زيد شهيدا، فاستغفروا له. فاستغفر له الناس، ثم أخذ اللواء جعفر بن أبي طالب فشد على القوم حتى قتل شهيدا، أشهد له بالشهادة، فاستغفروا له، ثم أخذ اللواء عبد اللَّه بن رواحة فأثبت قدميه حتى أصيب شهيدا، فاستغفروا له، ثم أخذ اللواء خالد بن الوليد ولم يكن من الأمراء هو أمر نفسه. فرفع رسول اللَّه ﷺ أصبعيه وقال: اللَّهم هو سيف من سيوفك فانصره، أو فانتصر به. فيومئذ سمي خالد سيف اللَّه، ثم قال النبي ﷺ: انفروا، فأمدوا إخوانكم، ولا يتخلفن أحد فنفر الناس في حر شديد مشاة وركبانا.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چەۋاندازى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ (مۇئتە غازىتىدا) كۆپ ئەمىرلىك بىر قوشۇننى ئەۋەتىپ:

— زەيد ئىبنى ھارىسە سىلەرگە قوماندان بولسۇن، ئەگەر ئۇ شەھىد بولۇپ كەتسە، جەئفەر قوماندان بولسۇن؛ ئەگەر جەئفەر شەھىد بولۇپ كەتسە، ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئەنسارى قوماندان بولسۇن، — دېگەندى. جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، زەيدنى ماڭا قوماندان قىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

[①] «سير أعلام النبلاء» 1- توم 367- بەت.

ــــ يولۇڭغا راۋان بولغىن! سەن قايسىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، ــــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن يولغا چىقىپ ﷲ خالىغانچە يول يۈرگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنبەرگە چىقىپ:

ــــ ئى جامائەت! نامازغا كېلىڭلار، ــــ دەپ كىشىلەرنى مەسجىدكە چاقىرىشقا بۇيرۇدى. (كىشىلەر يىغىلغاندىن) كېيىن: ماڭا خەۋەر كەلدى،

ــــ سىلەرگە بۇ غازاتچى قوشۇنۇڭلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار مېڭىپ ئاخىرى دۈشمەن بىلەن ئۇچراشتى، زەيد شەھىد بولدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەڭلار، ــــ دېدى. كىشىلەر زەيد ئۈچۈن ﷲ تىن مەغپىرەت تىلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ــــ كېيىن بايراقنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئېلىپ، دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئۇمۇ شەھىد قىلىندى. مەن ئۇنىڭغا شەھىدلىك بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئۇنىڭغا ﷲ تىن مەغپىرەت تىلەڭلار؛ ئاندىن كېيىن بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئېلىپ مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ ئۇمۇ ئاخىرى شەھىد بولدى. ﷲ تىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەڭلار؛ ئاندىن بايراقنى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئالدى. ئۇ جەڭگە قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەنلەردىن ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇ دادىل ھالدا مەيدانغا چۈشۈپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى، ــــ دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى بارمىقىنى كۆتۈرۈپ:

ــــ ئى ﷲ ! خالىد سېنىڭ قىلىچلىرىڭدىن بىر قىلىچتۇر. ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن ياكى ئۇ ئارقىلىق ياردەم بەرگىن، ــــ دەپ دۇئا قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ﷲ نىڭ قىلىچى» دەپ ئاتالدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــــ ھەممىڭلار جىھادقا چىقىپ قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار! ھېچكىم ئايرىلىپ قالمىسۇن، ــــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پىژغىرىم

ئىسسىقتا پىيادە ۋە ئۇلاغلىق ھالەتتە جىھادقا چىقتى.[1]

**❖ مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھ بىلەن مۇئاز ئىبنى ئەفرائ جەڭلەردە باتۇرلۇق ۋە شجائەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدىندۇر**

عن عبد الرحمن بن عوف رضي الله عنه قال: بينما أنا واقف في الصف يوم بدر، فنظرت عن يميني، وشمالي، فإذا أنا بين غلامين من الأنصار حديثة أسنانهما تمنيت أن أكون بين أضلع منهما، فغمزني أحدهما فقال: يا عماه، هل تعرف أبا جهل؟ قلت: نعم، وما حاجتك إليه يا ابن أخي؟ قال: أخبرت أنه يسب رسول اللّٰه ﷺ، والذي نفسي بيده لئن رأيته لا يفارق سوادي سواده حتى يموت الأعجل منا فتعجبت لذلك، فغمزني الآخر، فقال لي مثلها، فلم أنشب أن نظرت إلى أبي جهل يجول في الناس، فقلت: ألا إن هذا صاحبكما الذي سألتماني، فابتدراه بسيفيهما فضرباه حتى قتلاه، ثم انصرفا إلى رسول اللّٰه ﷺ فأخبراه، فقال: أيكما قتله؟ فقال كل واحد منهما: أنا قتلته. فقال: هل مسحتما سيفيكما؟ قالا: لا، فنظر في السيفين فقال: كلاكما قتله وقضى بسلبه لمعاذ بن عمرو بن الجموح والرجلان: معاذ بن عمرو بن الجموح و معاذ بن عفراء.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن بەدر غازىتىدا سەپكە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى يېنىمغا قارىسام يېشى كىچىك ئىككى ئەنسارى يىگىتنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قاپتىمەن. بۇنى كۆرۈپ: «كاشكى، بۇلاردىن قاۋۇلراق كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسامچۇ؟!» دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم. دەل شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ بىرى مېنى نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئى تاغا، ئەبۇ جەھىلنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ھەئە، تونۇيمەن. ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — دېدىم. ئۇ يىگىت:

— مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە نۇرغۇن تىل-ھاقارەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالىدىغان

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

بولسام، ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئەجىلى توشمىغۇچە ئۇنى قويۇۋەتمەيمەن، ــ دېدى. مەن ئۇنىڭ جاسارىتىگە ھەيران بولۇپ تۇرسام، يەنە بىرىمۇ مېنى نوقۇپ ئوخشاش گەپ قىلدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ جەھىلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:

ــ سىلەر سورىغان ئادەم ئاشۇ شۇ، ــ دەپ كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇلار دەرھال قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟ ــ دەپ سورىغاندى، ئىككىلىسى:

ــ مەن ئۆلتۈردۈم، ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ قىلىچىڭلارنىڭ قېنىنى سۈرتۈۋەتتىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

ــ ياق، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ:

ــ ئۇنى ھەر ئىككىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر. ئەمما ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھنىڭ بولسۇن! ــ دېدى. بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بىرى مۇئاز ئىبنى ئەفرائ، يەنە بىرى مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھ ئىدى.[①]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى يىگىت ئەبۇ جەھىلنى بىرلىكتە جاراھەتلەندۈرگەن، ئەمما مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھ ئەبۇ جەھىلگە ئەڭ بۇرۇن قىلىچ ئۇرغاچقا، ئەبۇ جەھىلنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ بېرىلگەن. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئەبۇ جەھىلنى ئىككىلىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، يەنە بىرىمۇ ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرۈشكە

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قاتناشقاچقا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن «ئەبۇ جەھىلنى ئىككىلىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر» دېگەن. شەرىئەتتە ئۆلجا دۈشمەنگە ئەڭ بۇرۇن قول سالغان ۋە دۈشمەننى ئەڭ ئاجىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان كىشىگە بېرىلىدۇ. بۇنى مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھ قىلالىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۆلجىنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ بەرگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلاردىن قىلىچلىرىنى كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىشى قىلىچنىڭ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ بەدىنىگە قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا كىرگەنلىكىگە قاراپ، ئۆلجىنى شۇ ئىشنى ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالىغان كىشىگە بۇيرۇپ بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىيلەندىن ئەڭ ئاۋۋال: «قىلىچىڭلارنىڭ قېنىنى سۈرتۈۋەتتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغان، چۈنكى ئەگەر ئۇلار قىلىچلىرىنى سۈرتۈۋەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇن قىلىچ ئۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كەسكەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى مەشھۇر نەقىللەردە بايان قىلىنغان.[①]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ بايانلاردىن ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرۈشتە ئۈچ كىشى شېرىكلەشكەن بولۇشى، مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھ ئەڭ بۇرۇن قىلىچ ئۇرۇپ، ئەبۇ جەھىل جان تالىشىۋاتقاندا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى كەسكەن بولۇشى مۇمكىن.

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

---

[①] «فتح الباري» 6- توم 248- بەت.

ھەرقانداق بىر كىشىنى تۆۋەن كۆرمەسلىك لازىملىقى. بەزىدە بىرەر ئىشنى قىلالمايدۇ دەپ قارالغان كىشى، خۇددى مۇشۇ ئىككى ياش يىگىتكە ئوخشاش ئۇ ئىشنى بىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشىراق قىلالىشى ۋە ئۇ ئىشقا ئەڭ لايىق بولۇشى مۇمكىن.[1]

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 12- توم 63- بەت.

## 7 - باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋاگەرلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق ھۆكۈم قىلغانلىقى

ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئەزالىرى قانچىلىك دەرىجىدە ئىسلاھ بولۇپ كەتسۇن ۋە ياخشىلىقنى قانچىلىك كۆپ قىلىپ كەتسۇن، مال-دۇنيا ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىش ياكى ئۆز نەپسىگە بېرىلىپ ئۆزئارا زىددىيەتلىشىش ۋە ياكى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئەگىشىپ بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش ۋە دەۋالىشىشقا سەۋەب بولىدىغان خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ.

ئىسلامىي جەمئىيەتتىمۇ ھەرقانداق ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەزالىرى ئارىسىدىكى دەۋا-دەستۇرلارغا ئوخشاشلا توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ دەۋاگەرلەرنىڭ ھەربىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلاتتى. ئۇلارغا الله نى ئەسلىتىپ، قېرىنداشنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشتىن ۋە ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇلارغا ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئۆگىتىپ، جاھىلىيەت دەۋالىرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ۋە تەرەپبازلىقنىڭ سېسىقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. نەتىجىدە، پەيغەمبەر ﷺ مۇكەممەل ئەخلاقنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بىر مۇسۇلمان جەمئىيەتنى بەرپا قىلىپ چىققان ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋاگەرلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى دەۋاگەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل يوق قىلىدىغان ئەڭ ئادىل ۋە ھېكمەتلىك مۇئامىلىلەردىندۇر.

بىز تۆۋەندە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ خىل مۇئامىلىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بىر قىسىم ھەقلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق بولسىمۇ دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشاتتى**

كعب بن مالك رضي اللَّه عنه: أنه تقاضى ابن أبي حدرد دينا كان له عليه في المسجد فارتفعت أصواتهما حتى سمعها رسول اللَّه ﷺ: وهو في بيته، فخرج إليهما حتى كشف سجف حجرته فنادى يا كعب قال: لبيك يا رسول اللَّه قال: ضع من دينك هذا فأومأ إليه، أي الشطر. قال: لقد فعلت يا رسول اللَّه. قال: قم فاقضه.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا ئىبنى ئەبۇ ھەدرەدتىكى قەرزىمنى مەسجىدتە سۈيلىگەن ئىدىم. ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىدە تۇرۇپ بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ قېلىپ يېنىمىزغا چىقماقچى بولۇپ ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىنى ئاچار-ئاچمايلا توۋلاپ:

— ئى كەئب! — دېگەنىدى، مەن:

— ئاڭلىدىم، ئى رەسۇلۇللاھ! قۇلىقىم سىلىدە، — دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ قەرزىنىڭ يېرىمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىمگە قولى بىلەن ئىشارەت قىلغانىدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن، — دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ قەرزدارغا:

— ئەمدى سەن ئۇنىڭ قەرزىنى دەرھال بەرگىن! — دېدى.[1]

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كەئبكە بۇيرۇغان ئىشى مەسلىھەت تەرىقىسىدە بولغان. مانا بۇ، ھاكىم ئىككى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىشىنىڭ ئارىسىنى ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ئايرىپ قويغاندەك، دەۋاگەرلەر ئارىسىدا سۈلھىلىشىشنى مەنپەئەتلىك دەپ قارىسا ئۇلاردىن سۈلھىلىشىشنى تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ».①

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

مەقسەت ئىپادىلەنسىلا ئىشارەت قىلسا بولىدىغانلىقى.

ھەق ئىگىسىگە ياردەم قىلىشنىڭ لازىملىقى.

ھاكىمنىڭ دەۋاگەرلەرنىڭ سۈلھىلىشىشىگە ئىشارەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ۋاسىتىچى بولۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ياردەم قىلىشقا بولىدىغانلىقى.

ئىشىكلەرگە پەردە تارتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

مەسجىدتە قەرز سۈيلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قەرز ئىگىلىرىنى قېرىندىشىدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىشكە قىزىقتۇراتتى ۋە ئۇلارغا شۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرەتتى.**

عن عائشة رضي اللّه عنها قالت: «سمع رسول اللّه ﷺ صوت خصوم بالباب عالية أصواتهما، وإذا أحدهما يستوضع الآخر ويسترفقه في شيء، وهو يقول: واللّه لا أفعل، فخرج عليهما رسول اللّه ﷺ فقال: ‹أين المتألي على اللّه لا يفعل المعروف؟›، فقال: ‹أنا يا رسول اللّه، وله أي ذلك أحب›».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىشىك ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۆزىدىكى قەرزلەردىن بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈنۈۋاتقان ئىدى. يەنە بىرى بولسا: «اللہ نىڭ

① «كشف المشكل من حديث الصحيحين» 1- توم 387- بەت.

② «فتح الباري» 1- توم 552- بەت. «شرح النووي على صحيح مسلم» 10- توم 220- بەت.

نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن» دەۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىپ: «ياخشى ئىشنى قىلمايمەن دەپ، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان كىشى قېنى؟» دېگەنىدى، ئۇ كىشى: «مەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىشى ئۆچۈن قانداق قىلىش ياخشى بولسا، مەن شۇنداق قىلاي» دېدى.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

قەرزدارغا رەھىمدىل بولۇشقا ۋە قەرزدىن ئۆتۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.

ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى. ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلغان كىشىنىڭ قەسىمىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ كەففارىتىنى بېرىشىنىڭ مۇستەھەبلىكى.

ھەق ئىگىلىرىگە ياردەم قىلىشنىڭ لازىملىقى.

ئارىغا چۈشكەن كىشىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.[2]

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أن أهل قباء اقتتلوا حتى تراموا بالحجارة فأخبر رسول الله ﷺ بذلك، فقال: اذهبوا بنا نصلح بينهم» «قۇبا ئاھالىسى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى، ھەتتا ئۇلار بىر-بىرلىرىگە تاش ئاتتى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈلگەنىدى، ئۇ: <يۈرۈڭلار! ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويايلى> دېدى».[3]

**❖ ئۆزئارا جېدەللەشكەنلەر چىرايلىق ياراشتۇرۇشقا قوشۇلمىسا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى**

عن عبد الله بن الزبير رضي الله عنهما: أن رجلا من الأنصار خاصم الزبير عند رسول الله ﷺ في شراج الحرة التي يسقون بها النخل، كانا يسقيان به كلاهما، فاختصما عند النبي فقال رسول الله

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «فتح الباري» 5- توم 308- بەت. «شرح النووي على صحيح مسلم» 10- توم 220- بەت.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ للزبير اسق يا زبير ثم أرسل الماء إلى جارك فغضب الأنصاري وقال يا رسول اللّه أن كان ابن عمتك فتلون وجه رسول اللّه ﷺ ثم قال اسق يا زبير ثم احبس الماء حتى يرجع إلى الجدر فقال الزبير: واللّه اني لأحسب هذه الآية نزلت في ذلك ﴿**فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ**﴾.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئەنسارى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن خورمىزارلىقلىرىنى سۇغۇرىدىغان ھەررە دېگەن ئورۇندىكى ئېرىق سۈيى ھەققىدە جېدەللىشىپ قالدى. ھەر ئىككىلىسى شۇ ئېرىق بىلەن خورمىزارلىقىنى سۇغۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

— ئى زۇبەير! سەن خورمىزارلىقىڭنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاندىن سۇنى قوشناڭغا قويۇپ بەرگىن! — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارى ئاچچىقلاپ:

— ئۇ ھاماما ئاچاڭنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ؟ — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە:

— ئى زۇبەير! سەن خورمىزارلىقىڭنى سۇغارغىن، سۇنى قىردىن تاشاي دېمىگۈچە قويۇپ بەرمىگىن! — دېدى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇنۇ ئايەت مۇشۇ ئىش ھەققتە نازىل بولدىمىكىن دەپ ئويلايمەن: <(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ>[1]». [2]

ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇ ئەنسارى ئۈچۈن پايدىلىق

[1] سۇرە نىسا 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولغان ئىشقا بۇيرۇغان، ئەمما ئۇ ئەنسارى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەدەپسىزلىك قىلغاچقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بەرگەن». ①

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خورمىزارلىقى ئەڭ بېشىدا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى ۋە قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا <ئۆز ھەققىڭدىن ئازراق كېچىپ، كۆپرەك سۇنى قوشناڭنىڭ ئېتىزىغا قويۇپ بەرگىن> دەپ يول كۆرسەتكەن. ئەمما، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشنىسى يۇقىرىقىدەك سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆز ھەققىنى تولۇق ئېلىشقا بۇيرۇغان». ②

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

ئارىنى ئىسلاھ قىلىشقا كۆرسەتمە بېرىش ۋە شۇنىڭغا بۇيرۇشنىڭ لازىملىقى.

ھاكىم دەۋاگەرلەرنىڭ ياراشتۇرۇشنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ۋە كۆرسەتكەن مەسلىھەتكە رازى بولمىغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقى.

ئىمام ۋە ھاكىمغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى ۋە جازالىنىدىغانلىقى. ③

❖ **پەيغەمبەر ﷺ دەۋاگەرلەرنى الله نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ يالغان قەسەم**

---

① «التمهيد» 17- توم 409- بەت.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 108- بەت.

③ ئىبنى بەتتالنىڭ «شرح صحيح البخاري» ناملىق كىتابى 6- توم 501- ۋە 502- بەتلەر.

## قىلىشتىن چەكلەيتتى

عن وائل بن حجر رضي اللّٰه عنه قال: كنت عند رسول اللّٰه ﷺ فأتاه رجلان يختصمان في أرض، فقال أحدهما: إن هذا انتزى على أرضي يا رسول اللّٰه في الجاهلية، فقال: بينتك، قال: ليس لي بينة، قال: يمينه، قال: إذن يذهب بها، فقال له: ليس لك إلا ذلك، فلما قام ليحلف قال رسول اللّٰه ﷺ: من اقتطع أرضا ظلما لقي اللّٰه وهو عليه غضبان.

ۋائىل ئىبنى ھۇجرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم. ئىككى كىشى زېمىن دەۋاسى بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ كىشى ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى زېمىنىمنى ئىگىلىۋالغانىدى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئىسپاتىڭ بارمۇ؟» دېگەنىدى، ئۇ كىشى: «يوق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا، ئۇ كىشىنى قەسەم قىلدۇرايلى» دېگەنىدى، ئۇ كىشى: «ئۇ يالغان (قەسەم قىلىپ) زېمىنىمنى ئىگىلىۋالىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «ساڭا بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق» دېدى. يەنە بىر كىشى بۇنى ئاڭلاپ قەسەم قىلىشقا تەمشىلىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى زۇلۇم قىلىپ (يەنى يالغاندىن قەسەم قىلىپ) باشقىلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇچرىشىدۇ» دېدى.[①]

ئەرىس ئىبنى ئۇمەيرە دادىسى ئەدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: كىندىلىك ئىمرۇئۇلقەيىس ئىبنى ئابىس دېگەن كىشى ھەزرەمىلىك بىر كىشى بىلەن بىر پارچە زېمىن توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا دەۋالىشىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ زېمىننى ھەزرەمىلىك كىشىگە ئۇنىڭ ئىسپات كۆرسىتىش شەرتى بىلەن بۇيرۇپ بەرمەكچى بولدى، ئەمما ئۇ كىشى ھۆججەت كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ زېمىننى قەسەم

[①] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىش شەرتى بىلەن ئىمرۇئۇلقەيىسكە بۇيرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، ھەزرەمىلىك كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر سەن ئۇ كىشىنى قەسەم قىلىشقا بۇيرىساڭ، اللە بىلەن قەسەمكى، زېمىنىم ئۇنىڭغا كېتىپ قالىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «من حلف على يمين كاذبة، ليقتطع بها مال أخيه لقي اللّٰه عزّ وجلّ وهو عليه غضبان» «كىمكى قېرىندىشىنىڭ مال-مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچسە، اللە تائالا ئۇ كىشىگە غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇچرىشىدۇ» دېدى.

رەجائ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلًا﴾ ‹اللە قا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار›[1] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغانىدى، ئىمرۇئۇلقەيىس: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ زېمىننى ئۆتۈنۈپ بەرگەن كىشى نېمىگە ئېرىشىدۇ؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹جەننەتكە› دېۋىدى، ئىمرۇئۇلقەيىس: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! گۇۋاھ بولغىنكى، بۇ زېمىننىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردىم› دېدى».[2]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

مۇسۇلمانىنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلغان كىشىگە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى دوزاخ ئازابى بىلەن قورقۇتۇشنىڭ لازىملىقى.

قەسەم قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ يالغان قەسەم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىنسا، ئۇنىڭ ھەقكە قايتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاكىمنىڭ ۋەز-نەسىھەت قىلىشى كېرەكلىكى.[3]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ دەۋاگەرلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ زاھىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن**

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 77- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] «فتح الباري» 11- توم 563- بەت.

عن أم سلمة زوج النبي ﷺ: عن رسول ﷺ أنه سمع خصومة بباب حجرته فخرج إليهم فقال: إنما أنا بشر وإنه يأتيني الخصم فلعل بعضكم أن يكون أبلغ من بعض فأحسب أنه صادق فأقضي له بذلك فمن قضيت له بحق مسلم فإنما هي قطعة من النار فليأخذها أو ليتركها.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دەۋاگەرلەرنىڭ غەلۋە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقتى ۋە:

— مەن بىر ئىنسانمەن، مېنىڭ ئالدىمغا دەۋاگەرلەر دەۋالىشىپ كېلىدۇ، بەزىلەر بەزىلەردىن گەپكە ئۇستا بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنى راست ئېيتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىپ بېرىشىم مۇمكىن. كىمگە بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ بەرسەم، ئۇ دوزاختىن بىر پارچە ئوتتۇر. شۇڭا ئۇ ئۇنى ئالسۇن ياكى ۋاز كەچسۇن، — دېدى.①

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <مەن بىر ئىنسانمەن> دېگەن سۆزىدىن، ئىنساننىڭ پەقەت اللە تائالا بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلەلمەيدىغانلىقىنى، ھۆكۈم ئىشلىرىدا ئىنسانلاردا يۈز بېرىپ قالىدىغان ئىشنىڭ پەيغەمبەر ﷺ دىمۇ يۈز بېرىپ قالىدىغانلىقىنى، كىشىلەر ئارىسىدا پەقەت ئۇلارنىڭ زاھىرىغا ئاساسەنلا ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى ۋە سىرلارنى پەقەت اللە تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. دەۋا قىلغۇچىنىڭ دەۋاسى زاھىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ زاھىرىغا ئاساسلىنىپ پاكىت، قەسەم ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قاتارلىقلارغا تايىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ تاشقى ھالەتكە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇلغان».②

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 12- توم 5- بەت.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زاھىرىي ھالەتكە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلىشى يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىشىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدۇ**

عن أم سلمة رضي اللّه عنها قالت: كنت جالسة عند النبي ﷺ إذ جاءه رجلان يختصمان في مواريث و في أشياء قد درست، فقال رسول اللّه ﷺ: «إنما أنا بشر، إنكم تختصمون إليّ، ولعل بعضكم أن يكون ألحن بحجته من بعض، فأقضي له على نحو ما أسمع منه، فمن قضيت له من حق أخيه بشيء فلا يأخذ منه شيئا، فإنما أقطع له قطعة من النار»، فبكى الرجلان وقال كل واحد منهما حقي هذا الذي أطلب لصاحبي، فقال لهما النبي ﷺ أما إذ فعلتما ما فعلتما فاقتسما وتوخيا الحق ثم استهما ثم تحالا.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئىككى كىشى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن مىراسقا تەئەللۇق نەرسىلەر ھەققىدە دەۋالىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ شۈبھىسىزكى، مەن بىر ئىنسانمەن. سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا دەۋالىشىپ كېلىسىلەر. بەزىڭلار بەزىڭلاردىن ھۆججىتىنى بايان قىلىشتا سۆزمەنرەك بولۇشى، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەن بىراۋغا قېرىندىشىنىڭ ھەققىدىن بىرنەرسىنى ھۆكۈم قىلىپ بەرسەم، ئۇنى ئالمىسۇن. ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە ئوتنى بۆلۈپ بەرگەن بولىمەن، ــ دېگەنىدى. ھېلىقى ئىككى كىشى يىغلاپ كەتتى ۋە ئىككىلىسى:

ــ مەن تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ نەرسىلەر ھەمراھىمنىڭ بولسۇن، ــ دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇ ئىككىسىگە:

ــ ئۇنداق بولسا، ئادىللىق بىلەن ئۇ نەرسىلەرنى ئىككىگە بۆلۈڭلار، ئاندىن چەك تاشلاپ چەكتە چىققىنىنى ئېلىڭلار ۋە بىر-بىرىڭلار بىلەن

ھالاللىشىۋالار! ـ دېدى.[1]

خەتتابى مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن، فىقھى تەرەپتىن زاھىرىي ھالەتكە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى، ھاكىمنىڭ ھارامنى ھالال ياكى ھالالنى ھارام قىلالمايدىغانلىقىنى، ھاكىم ھۆكۈمدە خاتالىشىپ قالغان بولسا ئۇ ھۆكۈمنىڭ زاھىرىي جەھەتتىن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھەقىقىي ۋە ئاخىرەتلىك ھۆكۈمدە ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ».[2]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئالىملار، مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكى ئالىملار شۇنداقلا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپچىلىكى: <ھاكىمنىڭ ھۆكمى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ[3] ۋە ھالالنى ھارام قىلالمايدۇ> دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا دەلىل بولىدۇ».

ئەگەر ئىككى كىشى مەلۇم مالنى «يەنە بىر كىشىگە تەۋە» دەپ يالغان گۇۋاھلىق بەرسە، ئاندىن ھاكىم شۇ گۇۋاھلىققا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغان بولسا، ئۇ مال ھۆكۈم قىلىپ بېرىلگەن كىشىگە ھالال بولمايدۇ.

ناۋادا ئۇ ئىككى كىشى يەنە بىر كىشىنى «ئادەم ئۆلتۈردى» دەپ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋەلىيلىرىنىڭ ئۇ ئىككىيلەننىڭ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ھېلىقى كىشىدىن قىساس ئېلىشى ياكى دىيەت ئېلىشى ھالال بولمايدۇ.

---

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] «عون المعبود» 9ـ توم 362ـ بەت.

[3] بۇنىڭ مىسالى شۇكى، بىر كىشى ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ باشقىلارنىڭ قولىدىكى مەلۇم بىر نەرسىنى مېنىڭ دەپ يالغاندىن پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ھاكىم پاكىتنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي پاكىتقا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ھاكىم ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن نەرسە ھاكىمنىڭ ھۆكمى بىلەن شۇ كىشىگە ھالال بولۇپ قالمايدۇ.

ناۋادا ئۇ ئىككى كىشى «بۇ كىشى ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن» دەپ يالغان گۇۋاھلىق بەرسە، ئاندىن قازى شۇ گۇۋاھلىققا ئاساسەن ئۇ ئايالنى تالاق قىلىنغان دەپ ھۆكۈم قىلغان بولسا، ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىيلەننىڭ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى بىلگەن كىشىنىڭ ئۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشى ھالال بولمايدۇ».[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ جاۋابكار خاتالىقىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلغان ياكى پاكىت تېپىلغان ۋاقىتتا ئاندىن جاۋابكارغا ھۆكۈم چىقىراتتى**

عن وائل بن حجر رضي اللّٰه عنه قال:إني لقاعد مع النبي ﷺ إذ جاء رجل يقود آخر بنسعة فقال يا رسول اللّٰه هذا قتل أخي فقال له ﷺ: أقتلته. فقال: إنه لو لم يعترف أقمت عليه البينة. قال: نعم قتلته. قال: كيف قتلته. قال: كنت أنا وهو نختبط من شجرة فسبني فأغضبني فضربته بالفأس على قرنه فقتلته فقال له ﷺ: هل لك من شيء تؤديه عن نفسك قال: ما لي مال إلا كسائي وفأسي. قال: أترى قومك يشترونك. قال: أنا أهون على قومي من ذلك فرمى إليه النبي ﷺ بنسعته فقال: دونك صاحبك فانطلق به الرجل فلما ولى قال ﷺ: إن قتله فهو مثله فرجع إليه فقال: يا رسول اللّٰه انه بلغني أنك قلت إن قتله فهو مثله و أخذته بأمرك فقال رسول اللّٰه ﷺ: أما تريد أن يبوء بإثمك وإثم صاحبك قال: بلى يا نبي اللّٰه قال: فإن ذلك كذلك قال: فرمى بنسعته وخلى سبيله.

ۋائىل ئىبنى ھۇجرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئولتۇراتتىم، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ بوينىنى تاسما بىلەن باغلاپ سۆرىگەن پېتى ئېلىپ كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ كىشى مېنىڭ قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ قاتىلدىن:

— راست ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، ئۇنى سۆرەپ كەلگەن كىشى:

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 12- توم 6- بەت.

ــــ ئەگەر ئۇ ئىقرار قىلمىسا، ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتىم بار، ــــ دېدى. قاتىل جاۋاب بېرىپ:

ــــ ھەئە، ئۆلتۈردۈم، ــــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟ ــــ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ــــ ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز دەرەخنىڭ غازىڭىنى قېقىۋاتاتتۇق، ئۇ مېنى تىللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا پالتا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۈم، ــــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ دىيەت بېرىپ، ئۆزەڭنى قۇتۇلدۇرغۇدەك مال ـ مۈلكىڭ بارمۇ؟ ــــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

ــــ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى كىيىم ۋە بىر تال پالتامدىن باشقا ھېچنېمەم يوق، ــــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ سەنچە، قەبىلەڭ دىيىتىڭنى تۆلەپ سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالارمۇ؟ ــــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

ــــ مەن قەبىلەمنىڭ نەزىرىدە ئۇنچىلىك قىلىشقا ئەرزىگۈدەك كىشى ئەمەس، ــــ دېدى

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ تاسمىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قېرىندىشىغا تاشلاپ بېرىپ:

ــــ ئال! بۇنى قانداق قىلساڭ قىل، ــــ دېدى. ئۇ كىشى قاتىلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ ئەگەر بۇ ئادەم قاتىلنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ پەرقى قالمايدۇ، ــــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ گە:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىزنىڭ: «ئەگەر بۇ ئادەم قاتىلنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ پەرقى قالمايدۇ» دېگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم. مەن بۇنى سىزنىڭ بۇيرۇقۇڭىزغا بىنائەن ئېلىپ ماڭغان تۇرسام؟! ــــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ بۇ قاتىلنىڭ سېنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى خالىمامسەن؟ ـــ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـــ ئەلۋەتتە خالايمەن، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرسەڭ، مەن دېگەندەك بولىدۇ، ـــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قولىدىكى تاسمىنى تاشلاپ، قاتىلنى قويۇپ بەردى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ الله تائالانىڭ شەرىئىتىگە زىت كېلىدىغان ھەرقانداق ھۆكۈمنى ئىنكار قىلاتتى**

عن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه: أن رجلين اختصما إلى رسول اللّٰه ﷺ، فقال أحدهما: يا رسول اللّٰه، اقض بيننا بكتاب اللّٰه، وقال الآخر وهو أفقههما: أجل يا رسول اللّٰه، فاقض بيننا بكتاب اللّٰه، وائذن لي في أن أتكلم، قال: تكلم، قال: إن ابني كان عسيفا على هذا، فزنا بامرأته، فأخبروني أن على ابني الرجم، فافتديت منه بمائة شاة وبجارية لي، ثم إني سألت أهل العلم فأخبروني أنما على ابني جلد مائة وتغريب عام، وإنما الرجم على امرأته، فقال رسول اللّٰه ﷺ: أما والذي نفسي بيده لأقضين بينكما بكتاب اللّٰه تعالى: أما غنمك وجاريتك فرد إليك، وعلى ابنك جلد مائة وتغريب عام، وأما أنت يا أنيس فاغد على امرأة هذا، فإن اعترفت فارجمها، قال: فغدا عليها فاعترفت، فأمر بها رسول اللّٰه ﷺ فرجمت.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا دەۋالىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى:

ـــ بىزنىڭ ئارىمىزدا الله نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن! ـــ دېدى. يەنە بىرى ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى، ئۇ:

ـــ شۇنداق قىلغىن، بىزنىڭ ئارىمىزدا الله نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن! ھۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇ سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئوغلۇم بۇنىڭ يېنىدا ئىشلەيتتى، (ئوغلۇم) بۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپ ساپتۇ. كىشىلەر ماڭا ئوغلۇمنىڭ چالما-كېسەك قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇنىڭغا 100 تۇياق قوي بىلەن بىر خىزمەتچى بېرىپ، ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم، كېيىن ئالىملاردىن سورىسام، ئۇلار: «ئوغلۇڭنى 100 دەررە ئۇرۇپ، بىر يىل پالاش كېرەك. بۇنىڭ ئايالىنى چالما-كېسەك قىلىش كېرەك» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ:

— جېنىم قولىدا بولغان الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا الله نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، 100 تۇياق قوي بىلەن خىزمەتچى ساڭا قايتۇرۇلۇشى كېرەك. سېنىڭ ئوغلۇڭنى يۈز دەررە ئۇرۇپ، بىر يىل پالاش كېرەك. ئەي ئۇنەيس! سەن بۇنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا بارغىن. ئۇ ئايال زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى چالما-كېسەك قىل! — دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىغانىدى، ئايال زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى چالما-كېسەك قىلىشقا بۇيرۇغانىدى، ئۇ ئايال چالما-كېسەك قىلىندى.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

شەرىئەت بويىچە تۈزۈلمىگەن سۇلھىنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى ۋە شۇ سۇلھىگە ئاساسەن ئېلىنغان مال-مۈلۈكنىڭ قايتۇرۇلىدىغانلىقى.

ئىبنى دەقىقۇلئىيد مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن <توختاملاشقان ئىككى تەرەپ ئۆزئارا رازى بولسا ھەمدە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، تەسەررۇپ قىلسا بولىۋېرىدۇ> دەپ <بەزى ناتوغرا كېلىشىملەرنى> دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەن بىر قىسىم فىقھىشۇناس

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارشىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى ئېنىق ئاشكارا بولىدۇ. توغرىسى شۇكى، تەسەررۇپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىش كېلىشىمىنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولۇشىغا قاراشلىق بولغان بولىدۇ».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ دەۋاگەرلەرنى خاتالىقنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان**

عن عبد الله ابن عمر رضي الله عنهما: أن رسول الله ﷺ قال من حالت شفاعته دون حد من حدود الله، فقد ضاد الله، ومن خاصم في باطل وهو يعلمه، لم يزل في سخط الله حتى ينزع عنه، ومن قال: في مؤمن ما ليس فيه أسكنه الله ردغة الخبال حتى يخرج مما قال قالوا يا رسول الله وما ردغة الخبال؟ قال: عصارة أهل النار.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ كىمنىڭ شاپائىتى الله بېكىتكەن جازالاردىن ئۇنىڭغا كەلگەن بىرەر جازانى ئىجرا قىلىشنى توسۇپ قالىدىكەن، الله بىلەن قارشىلاشقان بولىدۇ؛ كىمكى بىر ناھەق ئىشتا ئۇنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ جېدەللىشىدىكەن، ئۇنىڭدىن قولىنى تارتمىغۇچە الله نىڭ غەزىپىدە بولىدۇ؛ كىمكى بىر مۇئمىننى ئۇ قىلمىغان ئىش بىلەن قارىلايدىكەن، ئۇنى قارىلاشتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلمىغۇچە (يەنى تەۋبە قىلمىغۇچە ياكى شۇ مۇئمىن بىلەن ھالاللاشمىغۇچە) الله ئۇنى «ردغة الخبال»غا پاتتۇرىدۇ، ــ دېگەنىدى. ساھابىلەر: ــ ئى رەسۇلۇللاھ! «ردغة الخبال» دېگەن نېمە؟ ــ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ــ ئۇ جەھەننەم ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭلىرىدۇر، ــ دېدى.[2]

---

[1] «فتح الباري» 12 ـ توم 142 ـ بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «باشقىلار بىلەن دەۋالىشىپ قالغاندا مەيلى دەۋا دىن ياكى دۇنيالىق ئىشلاردا بولسۇن، ئاڭلىغۇچىلارغا خاتانى توغرىدەك، ھەقنى خاتادەك كۆرسىتىدىغان بىر سۆپەتنى ئۆزىدە يېتىلدۇرۇۋالغان كىشى ئەڭ قەبىھ ھارام ئىشنى قىلغان ۋە ئەڭ ناچار نىپاق خىسلىتىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، تالاش ـ تارتىش ۋە جېدەل ـ ماجىرالارنى تۈگىتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بەرگەن.**

عن سهل بن أبي حثمة: أن محيصة بن مسعود، وعبد اللّٰه بن سهل انطلقا قبل خيبر من جهد أصابهم فتفرقا في النخل فعدي على عبد اللّٰه بن سهل فكسرت عنقه، ثم طرح في قليب، وفقده أصحابه، فالتمسوه حتى وجدوه فاستخرجوه فغيبوه، قال: ثم قدم أخوه عبد الرحمن بن سهل، وابنا عمه حويصة، ومحيصة الى النبي ﷺ فذهب عبد الرحمن بن سهل ليتكلم في أمر أخيه وكان أحدثهم سنا و هو صاحب الدم، فقال رسول اللّٰه ﷺ: كبر، كبر، أو قال: ليبدأ الأكبر، فاستأخر عبد الرحمن، وتكلم حويصة، ثم تكلم محيصة، ثم تكلم عبد الرحمن في أمر صاحبهم، ، فقالوا: يا رسول اللّٰه انا وجدنا عبد اللّٰه بن سهل قتيلا في قليب من بعض قلب خيبر، وليس بخيبر عدو إلا يهود، فقال النبي ﷺ: من تتهمون؟ قالوا: نتهم اليهود، فكتب رسول اللّٰه ﷺ اليهم به، فكتب ماقتلناه فقال رسول اللّٰه ﷺ فتقسمون خمسين يمينا، أن اليهود قتله وفي رواية لمسلم: يقسم خمسون منكم على رجل منهم فيدفع برمته. وفي رواية لأحمد: تسمون قاتلكم ثم تحلفون عليه خمسين يمينا، ثم نسلمه اليكم وفي رواية للبيهقي: أتحلفون خمسين يمينا وتستحقون دم قاتلكم؟ فقالوا: أمر لم نشهده كيف نحلف، وما كنا لنحلف على مالا نعلم ما ندري من قتله الا ان اليهود عدونا وبين اظهرهم قتل، قال: فيحلفون لكم خمسين يمينا أنهم لم يقتلوه ويبرءون من دم صاحبكم قالوا: يا رسول اللّٰه، ما كنا لنقبل أيمان يهود، ما هم فيه من الكفر أعظم من أن يحلفوا على إثم، فكره رسول اللّٰه ﷺ أن يبطل دمه، فوداه

[1] «جامع العلوم و الحكم» 2ـ توم 486ـ بەت.

من عنده بمائة ناقة، قال سهل: فوالله ما أنسى بكرة منها حمراء ركضتني وأنا أحوزها.

سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە مۇنداق دېگەن: مۇھەييىسە ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى سەھل ئىككىسىنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ، يەيدىغان نەرسە تېپىش ئۈچۈن خەيبەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسى خەيبەرنىڭ خورمىزارلىقىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ باشقا-باشقا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەھل باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلنىڭ يېقىنلىرى ئۇنى ئىزدەپ ئۇنىڭ جەسىتىنى مەلۇم بىر قۇدۇقتىن تاپتى. ئاندىن ئۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ ئېلىپ دەپنە قىلىشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلنىڭ قېرىندىشى ئابدۇراھمان ۋە ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئىككى ئوغلى ھۇۋەييىسە ۋە مۇھەييىسە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا باردى، ئابدۇراھمان ئىبنى سەھل قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا، (ئۇ ئۈلارنىڭ ئارىسىدا يېشى ئەڭ كىچىك بولۇپ، ئابدۇللاھنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلغان ئىدى) رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— چوڭلارغا يول قويغىن! (ياكى چوڭچوڭلار ئاۋۋال سۆزلىسۇن)، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپ قىلماي ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن ھۇۋەييىسە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇھەييىسە سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئابدۇراھمان قېرىندىشىنىڭ ئىشى توغرىسىدا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلنى خەيبەر قۇدۇقىنىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن ھالەتتە تاپتۇق، — دېدى. ئۇلار خەيبەردە بىزگە يەھۇدىيلاردىن باشقا دۇشمەنلىك قىلىدىغانلار يوق دېيىشكەندى، پەيغەمبەر ﷺ:

— سىلەر بۇ ئىشنى كىم قىلدى دەپ قارايسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بىز بۇ ئىشنى يەھۇدىيلاردىن كۆرۈمىز، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن

پەيغەمبەر ﷺ يەھۇدىيلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق مەكتۇپ ئەۋەتكەندى، يەھۇدىيلار بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ جاۋاب قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا:

— يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە 50 قېتىم قەسەم قىلالامسىلەر؟ — دېدى.

«سەھىھ مۇسلىم»دا «سىلەردىن 50 كىشى مەلۇم بىر يەھۇدىينى <قاتىل مۇشۇ> دەپ جەزملەشتۈرۈپ قەسەم قىلالىسا، (قېرىندىشىڭلارنىڭ قىساسى ئۈچۈن) ئۇ يەھۇدىي سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېيىلگەن.

ئىمام ئەھمەد توپلىغان ھەدىستە: «سىلەر قېرىندىشىڭلارنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى <مانا بۇ قاتىل> دەپ جەزملەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىگە 50 قېتىم قەسەم قىلالىساڭلار، ئاندىن ئۇنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز» دېيىلگەن.

بەيھەقى توپلىغان ھەدىستە: «50 قېتىم <قاتىل مۇشۇ> دەپ قەسەم قىلىپ، قاتىلنى ئىسپاتلىيالامسىلەر؟» دېيىلگەن.

ئۇلار:

— بىز كۆرمىگەن ئىشقا قانداقمۇ قەسەم قىلالايمىز؟ بىز بىلمەيدىغان ئىشقا قەسەم قىلمايمىز. بىز ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىگەن تۇرساق. ئەمما، يەھۇدىيلارنىڭ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنى ۋە قېرىندىشىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىمىز، — دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنداقتا، يەھۇدىيلاردىن 50 كىشى قېرىندىشىڭلارنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىگە قەسەم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەرسۇن، — دېگەنىدى. ئۇلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز يەھۇدىيلارنىڭ قەسەملىرىنى ئېتىراپ قىلمايمىز.

ئۇلارنىڭ كۈپۈرلۈقى گۇناھقا قەسەم قىلىشتىنمۇ ئېغىر تۇرسا، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلنىڭ قېنىنىڭ بىكار كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ ئۇلارغا 100 تۆگە تۆلەپ بەردى.

سەھل مۇنداق دېگەن: الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ تۆگىلەرنى تۇپلاپ ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىمدا، تۆگىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر تۇياق قىزىل تۆگىنىڭ مېنى تەپكەنلىكى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.①

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ تالاش ـ تارتىشنى تۈگىتىش ۋە ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ دىيىتىنى ئۆز يېنىدىن تۆلەپ بەرگەن. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋەلىيلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرى قەسەم قىلىش ياكى جاۋابكاردىن قەسەم تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىللا يول بار ئىدى. ئەمما، ئۇلار بۇ ئىككى يولنىڭ ھېچقايسىسىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە قېرىندىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك كۆڭلى پەرىشان ئىدى. شۇڭلاشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ دىيىتىنى ئۆز يېنىدىن بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، تالاش ـ تارتىشلارنى تۈگەتكەن ۋە ئوتتۇرىنى ئىسلاھ قىلغان.

بۇ ھەدىستىن، ئىمامنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋاگەرلەر ئارىسىدا ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلىشى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇرسەن قىلىشقا توسالغۇ بولمايتتى**

ھۇدەيبىيە قىسسىسىدە پەيغەمبەر ﷺ مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن مەككىگە

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 11 ـ توم 147 ـ بەت.

كېيىنكى يىلى كىرىپ، مەككىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرۇش توغرىسىدا سۈلھى تۈزۈشتى. پەيغەمبەر ﷺ كېيىنكى يىلى مەككىگە كېلىپ ئۆمرە ھەج قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە كىرىپ بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقاندا، مەككە مۇشرىكلىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «دوستۇڭغا ئېيتقىن! مۇددەت توشۇپ بولدى، مەككىدىن چىقىپ كەتسۇن» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ھەمزىنىڭ قىزى «تاغا! تاغا!» دېگىنىچە ئۇلارغا ئەگەشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «تاغىڭىزنىڭ قىزىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭ» دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن، جەئفەر ۋە زەيد ئىبنى ھارىسە ئۈچىمىز مەدىنىگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئۇ قىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تالىشىپ قالدۇق. جەئفەر: «ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى. ئۇنىڭ ھامىمىسى ئەسما بىنتى ئۇمەيس مېنىڭ ئايالىم» دېسە، زەيد: «ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ قىزى» دەيتتى، مەن: «ئۇنى مەن ئېلىپ كەلدىم. ئۇ تاغامنىڭ قىزى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى مېنىڭ ئايالىم. ئۇ قىزنى بېقىشقا ئەڭ ھەقلىق» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ قىزنى ھامىمىسىغا بۇيرۇپ بېرىپ: «ھامما دېگەن ئانىنىڭ ئورنىدا. ئى جەئفەر! سەن مىجەز-خۇلق ۋە قەددى-قامەت جەھەتتە ماڭا بەكمۇ ئوخشايسەن. ئى ئەلى! سەن مەندىن، مەن سەندىن. ئى زەيد! سەن مېنىڭ دىنىي قېرىندىشىم ۋە ئازادگەردەم» دېدى.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

سىلە-رەھىمنى ئۇلاشنىڭ ئىنتايىن پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى. چوڭلارنىڭ سىلە-رەھىم قىلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

ھاكىمىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ دەلىللىرىنى دەۋاگەرلەرگە بايان قىلىپ بېرىشىنىڭ ۋە دەۋاگەرلەرنىڭمۇ ئىسپاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ لازىملىقى.

بالا بېقىۋالغان ئايال بېقىۋالغان بالىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بىلەن توي قىلغان بولسا ۋە ئۇ بالا قىز بولسا، يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ زاھىرىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئۇ بالىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى ئۇ ئايالدىن ساقىت بولمايدىغانلىقى. بۇ سۆزنى ئىمام ئەھمەد ئېيتقان.

ساھابىلەرنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا رىقابەتلىشىدىغانلىقى ۋە بەسلىشىدىغانلىقى. ساھابىلەرنىڭ ياخشى ئىشلارنى بەسلىشىپ قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا ۋە يېتىمگە كېپىل بولۇشتىكى ئەجىرگە ئېرىشىشكە ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقى.①

مانا بۇ قىسسىدە پەيغەمبەر ﷺ ئۇ قىزنى جەئفەرگە بۇيرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك تەسەللى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى خۇشال قىلغان.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى خۇرسەنچىلىككە تولدۇرغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ قىزنى جەئفەرگە بۇيرۇپ بەرگەن ۋە بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قويغان».②

ئىبنى دەقىيقۇلئىيد مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىنى بېقىشنى تالىشىپ قالغانلارغا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى خۇرسەن قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلغانلىقى — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر».

① «فتح الباري» 7- توم 507- بەت. ئىبنى جىبرىننىڭ «شرح عمدة الأحكام» ناملىق كىتابى 8- توم 65- بەت.

② «فتح الباري» 7- توم 507- بەت.

سىز بەلكىم «ئەلى ۋە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇرسەن قىلىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق تەسەللى بېرىشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولدى. ئەمما، جەئفەر ئۇ يېتىم قىزنى كاپالەتكە ئېلىپ مەقسەتكە يەتكەن تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە ئوخشاش تەسەللىگە ئېرىشىدۇ؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، ئۇ يېتىم قىز ھامىمىسىغا بۇيرۇپ بېرىلگەن. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنى جەئفەرگە بېرىشى جەئفەر سەۋەبلىك بولماستىن، بەلكى جەئفەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۇ قىزنىڭ ھامىمىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ قىز جەئفەرگە تۇغقىنى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇيرۇپ بېرىلگەن ئەمەس. شۇڭلاشقا جەئفەرگىمۇ شۇ سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىلگەن.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ دەۋاگەرلەردىن ھەيران قالارلىق سۆزنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ قوياتتى**

عن عكرمة رضي اللّٰه عنه أن رفاعة طلق امرأته فتزوجها عبد الرحمن بن الزبير القرظي قالت عائشة: فجاءت وعليها خمارٌ أخضر فشكت إليها-أي الى عائشة-من زوجها، وأرتها خضرةً بجلدها، فلما جاء رسول اللّٰه ﷺ والنساء ينصر بعضهن بعضاً، قالت عائشة: ما رأيت مثل ما يلقى المؤمنات لجلدها أشد خضرةً من ثوبها، قالت عائشة: فجاءت امرأة رفاعة القرظي رسول اللّٰه ﷺ وأنا جالسة، وعنده أبو بكر. فقالت: يا رسول اللّٰه اني كنت تحت رفاعة، فطلقني فبت طلاقي فتزوجت بعده عبدالرحمن بن الزبير وإنه واللّٰه ما معه يا رسول اللّٰه الا مثل هذه الهدبة، وأخذت هدبة من جلبابها وخالدُ بنُ سعيد بن العاص بالباب ينتظر أن يؤذَنَ له فقال يا أبا بكر: الا تسمع الى هذه ما تجهر به عند النبي ﷺ، فلا واللّٰه ما يزيد رسول اللّٰه ﷺ على التبسم، فقال لها رسول اللّٰه ﷺ: لعلك تريدين أن ترجعي إلى رفاعة، لا حتى يذوق عسيلتك وتذوقي عسيلته، قال: فسمع بذلك زوجها

[1] «إحكام الأحكام» 1- توم 216- بەت.

وأنها قد أتت رسول اللَّه ﷺ فجاء ومعه ابنان له من غيرها فقال: كذبت واللَّه يا رسول اللَّه إني لأنفضها نفض الأديم ولكنها ناشزٌ تريد رفاعة، فقال: بنوك هؤلاء؟ قال نعم، قال: هذا الذي تزعمين ما تزعمين، فواللَّه لهم أشبه به من الغراب بالغراب.

ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رىفائە ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنى ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەير قۇرەزى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ ئايال ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك رومال ئارتقان ھالدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەير قۇرەزىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە بەدىنىنىڭ (تاياقتىن) كۆكىرىپ كەتكەن يەرلىرىنى كۆرسەتتى. ئاياللار بىر-بىرىگە ئەرز-ھال ئېيتىشىپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ﷺ كىرىپ كەلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— مەن مۇئمىن ئاياللاردەك ئېغىر دەرت تارتقانلارنى كۆرمىدىم. بەدىنىنىڭ رەڭگى ئۈستىدىكى كىيىمىدىن پەرقسىز بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن ئولتۇراتتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. رىفائەنىڭ ئايالى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئىلگىرى رىفائەنىڭ ئايالى ئىدىم، ئۇ مېنى يېنىشىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەيرگە تەگدىم. الله بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭ بىر نېمىسى (يەنى جىنسىي ئەزاسى) ماڭا نىسبەتەن بۇنىڭدىن ھېچ پەرقى يوق، — دەپ كىيىمىنىڭ پېشىنى كۆرسەتتى. كىرىشكە ئىجازەت ساقلاپ تۇرۇۋاتقان خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ھەي ئەبۇ بەكرى! بۇ ئايالنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىشتىن توسساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئايالغا:

ــ سەن رىفائە بىلەن يېنىشىۋالسام دېمەكچىمۇ؟ ياق، بۇ ئېرىڭ سەن بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ ئۇ سېنىڭدىن، سەنمۇ ئۇنىڭدىن جىمانىڭ لەززىتىنى تېتىمىغۇچە رىفائە بىلەن يېنىشىۋېلىشىڭغا يول يوق، ــ دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەيىر ئايالىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى ئاڭلاپ باشقا خوتۇنىدىن بولغان ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ خوتۇن يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ خوتۇننى ئاشلانغان تېرىنى قاققاندەك قېقىۋېتەلەيمەن، بىراق بۇ خوتۇن ئىلگىرىكى ئېرى رىفائە بىلەن يېنىشماقچى، شۇڭا مەن بىلەن بىللە بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا:

ــ بۇلار سېنىڭ ئوغۇللىرىڭمۇ؟ ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، ــ دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئايالغا:

ــ تۆھمەت قىلىپ كەلگەن ئىشىڭغا قارىغىن! الله بىلەن قەسەمكى، بۇ بالىلار دادىسىغا خۇددى قاغا قاغىغا ئوخشىغاندەكلا ئوخشايدىكەن، ــ دېدى.[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ دەۋاگەرلەرنىڭ بىرى مۇسۇلمان بولمىغان تەقدىردىمۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى**

عن أبي هريرة رضي الله عنه بينما يهودي يعرض سلعة له أعطي بها شيئا كرهه أو لم يرضه قال لا والذي اصطفى موسى عليه السلام على البشر فسمعه رجل من الأنصار فلطم وجهه وقال تقول والذي اصطفى موسى عليه السلام على البشر ورسول الله ﷺ بين أظهرنا، فذهب اليهودي إلى رسول الله ﷺ فقال يا أبا القاسم إن لي ذمة وعهدا وقال فلان لطم وجهي فقال رسول الله ﷺ لم لطمت وجهه، قال قال يا رسول الله والذي اصطفى موسى عليه السلام على البشر وأنت بين أظهرنا، فغضب رسول الله ﷺ حتى عرف الغضب في وجهه ثم قال لا تفضلوا بين أنبياء الله فإنه ينفخ في الصور فيصعق من في السماوات ومن في الأرض إلا من شاء الله، ثم ينفخ فيه أخرى فأكون أول من بعث،

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

فإذا موسى عليه السلام آخذ بالعرش فلا أدري أكان فيمن صعق، فأفاق قبلي أو كان ممن استثنى اللّٰه؟

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر يەھۇدىي بازاردا مال سېتىۋاتاتتى، بىرى كېلىپ مېلىغا ئەرزان باھا قويدى. يەھۇدىي:

— مۇسانى پۈتۈن ئىنسانلاردىن تاللاپ پەيغەمبەر قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (بۇ باھاغا) بولمايدۇ، — دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ، كاچىتىغا بىرنى سالدى ـ دە:

— پەيغەمبەر ﷺ ئارىمىزدا تۇرسا، سەن مۇسانى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچىۋاتامسەن؟! — دېدى. يەھۇدىي پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى ئەبۇلقاسىم! مەن ئامانلىق ئالغان زىممىي تۇرسام، پالانى نېمە ئۈچۈن كاچىتىمغا ئۇردۇ؟ — دەپ دەۋا قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئەنسارىدىن:

— بۇنىڭ كاچىتىغا نېمە ئۈچۈن ئۇردۇڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەنسارى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق غەزەپلەندىكى، غەزىپى چىرايىغا چىقتى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— پەيغەمبەرلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئەۋزەل دېمەڭلار، چۈنكى سۇر چېلىنغاندا، اللّٰه خالىغان كىشىلەردىن باشقا بارلىق ئىنسان ھوشىدىن كېتىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قېتىم سۇر چېلىنىدۇ، ئەڭ ئاۋۋال ھوشىغا كېلىدىغان كىشى مەن بولىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ، مۇسانىڭ ئەرشنىڭ بىر تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. مۇسا كىشىلەر بىلەن ھوشىدىن كېتىپ، مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلگەنمۇ ياكى اللّٰه ئۇنى ھوشىدىن كەتكەن كىشىلەردىن ئايرىۋالغانمۇ بىلمەيمەن — دېدى.[1]

❖ **تۆۋەندىكىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋاگەرلەر ۋە تالاش ـ تارتىش**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىشقانلار ئارىسىدا چىقارغان ھۆكۈملىرى قاتارىدىندۇر

پەيغەمبەر ﷺ قېزىلغان تەبىئىي بايلىقلار ھەققىدە ئۇنىڭ بەشتىن بىرى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان.[1]

پەيغەمبەر ﷺ ئۇلغان خورما دەرىخىنى تۇپى بىلەن ساتقان كىشى ھەققىدە سېتىۋالغۇچى مېۋىسىنى شەرت قىلمىغان بولسا (شۇ يىللىق) مېۋىسى خورمىنىڭ ئىگىسىگە قالىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان.[2]

پەيغەمبەر ﷺ (بىر كىشى پۇل-مېلى بار قۇلنى ساتقان بولسا) سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭ پۇل-مېلىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى شەرت قىلمىغانلا بولسا، ئۇنىڭ پۇل-مېلى ساتقان كىشىگە تەۋە دەپ ھۆكۈم قىلغان.[3]

پەيغەمبەر ﷺ زىنادىن تۇغۇلغان بالا ئانىسىغا نىسبەت بېرىلىدۇ. زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ بالىنى دەۋا قىلىش ھەققى بولمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان.[4]

پەيغەمبەر ﷺ شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمىغان ھەرقانداق مالدا شۇ شېرىكلەرنىڭ شۇپئەت[5] ھەققى بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان.[6]

پەيغەمبەر ﷺ ھەمىل ئىبنى مالىك ھۇزەلىنىڭ ئايالىنى باشقا بىر ئايال ئۆلتۈرۈۋەتكەندە ئايالىنىڭ مىراسىنى ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن.[7]

پەيغەمبەر ﷺ ئۆلتۈرۈلگەن تۆرەلمىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن بىر قۇل ياكى بىر

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[5] ئىككى كىشى شېرىكلىشىپ، بىرىنىڭ شېرىكچىلىك ئۈلۈشى يەنە بىرىنىڭ ئۈلۈشى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولغان بولسىمۇ، شېرىكنىڭ ئۈلۈشى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر شېرىكنىڭ توختامدا بەلگىلەنگەن پۇلنى بېرىش ئارقىلىق سودىلاشقان كىشىدىن شېرىكنىڭ ئۈلۈشىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

[6] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[7] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دېدەك ئازاد قىلىش كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلغان.[1]

پەيغەمبەر ﷺ يولنىڭ يېنىدىكى ئۆي سېلىش مەقسەت قىلىنمىغان بىكار يەر توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇ يەردىن يول ئۈچۈن يەتتە گەز تاشلاپ قويۇلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان.[2]

پەيغەمبەر ﷺ ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن بىرنەرسە بەرمەكچى بولسا، ئېرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بېرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان.[3]

پەيغەمبەر ﷺ مېيىتنىڭ ئىككى مومىسىغا ئوخشاش ھالدا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى بېرىلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان.[4]

پەيغەمبەر ﷺ كىمكى بوز يەر ئېچىپ ئۇ يەرنى كۆكەرتسە، ئۇ يەر شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. ئۇنداق يەردە زالىمنىڭ تەرى ئۈچۈن ھەق يوق دەپ ھۆكۈم قىلغان.[5]

[1] ئىلگىرىكى ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.
[5] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.